ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ
ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئۈچۈن

تولۇقلاشتۇرۇلغان
يېڭىدىن تۈزۈلگەن

# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن سوئال - جاۋابلار



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ
ئىمتىهان بەرگۈچىلەر ئۈچۈن

# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن
# سوئال- جاۋابلار

تۈزگۈچىلەر : ئەمەت دەرۋىش
مۇنەۋۋەر ئابلىز

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目（C I P）数据

维吾尔古典文学知识问答／艾买提·戴尔维什，穆乃瓦尔·阿布利孜编．—喀什：喀什维吾尔文出版社，2001.2

ISBN 7－5373－0823－3

Ⅰ．维…　Ⅱ．①艾…　②穆…　Ⅲ．维吾尔族—古典文学—简介—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ．I207.915－44

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2001）第06914号

喀什维吾尔文出版社出版发行
（喀什市塔吾古孜路14号　邮编 844000）
各 地 新 华 书 店 经 销
新疆《工人时报》社印刷厂印刷
787 × 1092 毫米 1/32 开本 7.75 印张
2001年3月第1版　2001年3月　第1次印刷
印数：1 — 3110　定价：11.50 元

# تۈزگۈچىدىن

بۇ كىتاب ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەر ۋە ھەرقايسى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملاردا ئالىي مائارىپ بويىچە تەربىيىلىنىۋاتقانلار ئۈچۈن ئورتاق دەرسلىك قىلىپ بېكىتىلگەن ماتېرىياللارنى مەنبە قىلىپ، دەرسلىكنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسى ۋە دەرسلىككە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، ئۇزاق يىللىق ئوقۇتۇش تەجرىبىمىزگە تايىنىپ تۈزۈپ چىقىلدى.

بۇ كىتابتا ھازىر دەرسلىك قىلىپ قوللىنىلىۋاتقان دەرسلىكتىكى ئىگىلەشكە تېگىشلىك مۇھىم بىلىم نۇقتىلىرى، ئاساسىي چۈشەنچىلەر ئۆلچەملىك سوئال ـ جاۋاب شەكلىدە بايان قىلىندى. دەرسلىك تەرتىپى بويىچە مەزمۇنلار تولۇق بولۇش، ئىخچام، چۈشىنىشلىك بولۇش، ئىگىلەشكە تېگىشلىك مەزمۇنلارنى قالدۇرماسلىق ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئاخىرىدا ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھاندىن بۇرۇن سوئاللارنىڭ تەلىپى ئاساسىدا ئۆز ئىقتىدارىنى سىناپ كۆرۈش مەقسەت قىلىنغان ئۈچ يۈرۈش ئۆلچەملىك، ئەڭ يېڭى تىپتىكى تەقلىدىي سوئاللار بېرىلدى.

كىتاب چوڭلار مائارىپى بويىچە تەربىيىلىنىۋاتقانلار ۋە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنى ئوبيېكت قىلىپ تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا

تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى» نى تەكرارلىشىدا، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش ۋە دەرس تەييارلاش ئىشلىرىدا پايدىلىنىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. ۋاقىتنىڭ قىسلىقى، بىلىمىمىزنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى سەۋەبلىك، كىتابتا بەزى نۇقسانلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي. بۇ جەھەتتە كەسىپداشلار ۋە ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىشنى خالايمىز.

# مۇندەرىجە


I باب تىل ۋە يېزىق قىسمى ………… 1
II باب يىراق قەدىمكى دەۋر ئەدەبىياتى (ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر) ………… 7
III باب غەربىي يۇرت قەلئەلىك مەملىكەتلەر دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ………… 11
IV باب ئورخۇن دەۋرى ئەدەبىياتى ………… 16
V باب قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ………… 24
VI باب قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت 29
VII باب چاغاتاي دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ………… 41
VIII باب يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى 47
IX باب تۆمۈرىيلەر دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ………… 53
X باب يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ………… 71
XI باب خوجىلار دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى………… 81
XII باب ئابدۇرېھىم نىزارى دەۋرى ئەدەبىياتى ………… 94
XIII باب موللا بىلال نازىمى دەۋرى ئەدەبىياتى ………… 130
مۇھىم نۇقتىلاردىن ئومۇمىي تەكرار ………… 156
تەقلىدىي ئىمتىھان سوئاللىرى ۋە جاۋابلىرى ………… 186

# I باب تىل ۋە يېزىق قىسمى

**1. قەدىمكى ئۇيغۇرلار قاچاندىن تارتىپ گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنى يارىتىشقا كىرىشكەن؟ بۇ ئەسەرلەردە نېمىلەر ئەكس ئەتكەن؟**

جاۋاب: قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدىن باشلاپ گۈزەل، بەدىئىي ئەسەرلەرنى يارىتىشقا كىرىشكەن. مۇنداق بەدىئىي ئەسەرلەر قىياتاش سىزمىلىرى ۋە ئېغىز ئەدەبىياتى شەكلى بىلەن تارقىلىپ كەلگەن. قىياتاش سىزمىلىرىدا ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەنزىرىلىرى، چوقۇنۇش ئادەتلىرى، ئەمگەك پائالىيەتلىرى، ئۇسسۇل، ئويۇن - ھەرىكەت قىياپەتلىرى، كىيىنىش ئادەتلىرى قاتارلىقلار ئوبرازلىق، تەسىرلىك ۋە جەلپ قىلارلىق ئەكس ئەتكەن.

ئېغىز ئەدەبىياتىدىن «ئوغۇزنامە»، «تۇڭا ئالىپ ئەر»، بۆرى توتېمى ئەپسانىلىرى، دەرەخ توتېمى ئەپسانىلىرى، ئوماي ئەپسانىسى ... قاتارلىقلار بار، ئۇلار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىش مەنبەسىنى ئىزدەپ تېپىشتا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى، ئورىگىناللىقى قاتارلىقلارنى بىلىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**2. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىش مەنبەسى قايسىلار؟**

جاۋاب: ئىپتىدائىي قىياتاش رەسىملىرى، ئەپسانە - رىۋايەت ۋە ئېپوسلار، شۇنداقلا مىڭئۆي تام رەسىملىرى كۆرۈنۈشلىرىدىن ئىبارەت.

**3. تارىم ۋادىسىدا يېزىق قانچە يىللىق تارىخقا ئىگە، ئۇلار قايسىلار، ئۇلارنى كىملەر ئىشلەتكەن؟**

جاۋاب: تارىم ۋادىسىدا يېزىق 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە. بۇ يەردە قارۇشتى يېزىقى، كۇسەن ـ كېنگىت يېزىقى، ئۇدۇن يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى قاتارلىق بىرقانچە خىل يېزىق ئىشلىتىلگەن. بۇلارنى شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر — ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئىشلەتكەن.

**4. قايسى ۋاقىت قەدىمكى تارىملىقلارنىڭ ئەدەبىي گۈللىنىش دەۋرى ھېسابلىنىدۇ، شۇ دەۋردىكى ئاتاقلىق تەرجىمان ۋە ئەدىبلەر قايسىلار؟**

جاۋاب: مىلادىيە Ⅲ ئەسىردىن Ⅷ ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىت تارىملىقلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە گۈللىنىش دەۋرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇدۇن، سۇلى، كۇسەن، كېنگىت، قوجۇ قاتارلىق جايلاردىن بۇددا ـ سىڭ (232 ـ 348) كۇماراجىۋا (344 ـ 413)، ۋىسا كۇيچى (598 ـ 682)، سىكساناندا (652 ـ 710)، خۇيلىن (737 ـ 820) قاتارلىق داڭلىق بۇددا تەرجىمانلىرى، شەرھشۇناسلىرى ۋە ئەدىبلەر يېتىشىپ چىققان.

**5. «خۇئاستو ئانىفت» قانداق ئەسەر؟ ئۇ، كىم تەرىپىدىن قاچان، قايسى تىلدا يېزىلغان؟**

جاۋاب: «خۇئاستو ئانىفت» مانى دىنى مۇھىتىدا يارىتىلغان داستان بولۇپ، مىلادىيە V — Ⅶ ئەسىر ئارىلىقىدا بۇ تۇرمۇش تارقان دېگەن كىشى تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى يېزىقى بىلەن يېزىلغان. بۇ ئەسەر ئورخۇن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە يېزىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى يازما شەكلىنى بىزگىچە يەتكۈزۈپ بەرگەن قىممەتلىك ھۆججەت.

**6. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى قايسىلار؟**

جاۋاب: (1) ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى يىراق مەنبەدىن باشلانغان بولۇپ، تەرەققىيات جەريانىدا ئىزچىللىق ئاساسىي ئېقىم بولۇپ شەكىللەنگەن؛ (2) ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى

ئاساسي ئۆرنەك قىلغان بولۇپ، خام ماتېرىيال تاللاش جەھەتتە تارىخى بىر قەدەر ئۇزاق؛ (3) كۆپ خىل تىل ـ يېزىقتا ئىپادىلەنگەن؛ (4) كۆپ خىل ئىجادىيەت مېتودى قوللىنىلغان، ئەدەبىي ئېقىملارمۇ ھەر خىل بولغان؛ (5) ئەنئەنىۋى مىللىي ئۇسلۇب ئاساس قىلىنغان؛ (6) باشتىن ـ ئاخىر ئىلغار ئىدىيىنى ئىپادىلەشنى ئاساسي ئورۇنغا قويغان؛ (7) شېئىرىيەت ئاساسي ئېقىم بولۇپ شەكىللەنگەن؛ (8) بەدىئىيلىكى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، كۆپ تەرەپلىمە ئالاھىدىلىككە ئىگە؛ (9) ئۇنىۋېرسال پەنلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان؛ (10) تەرجىمە ئەدەبىياتى ۋە تەقلىدىي ئەدەبىياتنى مىللىي ئەدەبىياتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى قىلغان؛ (11) شەرق ـ غەرب ئەللىرى مەدەنىيەت ئالاقىسىنى مەنىۋى ياقتىن كۆزىتىدىغان مۇھىم كۆزنەكلىك رول ئوينىغان؛ (12) شېئىرىي تارىخ يارىتىش، ئەدەبىي تەخەللۇس ئىشلىتىشكە ئامراق بولۇش، ئاپتورلارنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى شېئىرىي مىسرالاردا ئىپادىلەشكە قىزىقىش ئادەتلىرى ئىزچىللىققا ئىگە؛ (13) ھەرپلەر قۇرۇلمىسى ئارقىلىق ئوبراز يارىتىش، سۆز ئويۇنى قىلىش ئالاھىدىلىكى بار.

## 7. ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى قانداق بولغان؟

جاۋاب: ئۇيغۇر تىلى ئۆز تەرەققىيات تارىخىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرى، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى دەۋرى، يېڭى ئۇيغۇر تىلى دەۋرى قاتارلىق باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتكەن.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرى ئەڭ قەدىمكى دەۋر (مىلادىيە V ئەسىرگىچە) ۋە قەدىمكى دەۋر (V ئەسىردىن XIII ئەسىرگىچە) دېگەن ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى دەۋرى ئاۋۋالقى ئوتتۇرا ئەسىر باسقۇچى (XIII — XIV ئەسىرگىچە) ۋە كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر باسقۇچى (XV — XVI ئەسىرگىچە) دېگەن ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

يېڭى ئۇيغۇر تىلى دەۋرى كېيىنكى زامان ئۇيغۇر تىلى باسقۇچى (XVIII — XIX ئەسىرگىچە) ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى باسقۇچى

(XX ئەسىر) دېگەن ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

**8. ئۇيغۇر تىلى تارىخىتىن بىرى قانداقناملار بىلەن ئاتالغان، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى نېمە؟**

جاۋاب: قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تارىختىن بۇيان قەدىمكى تۈرك تىلى، توققۇز ئوغۇز تىلى، توققۇز ئوغۇز ئون ئۇيغۇر تىلى دەپمۇ ئاتالغان. سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ يەنە بۇ تىلنى تۈرك ـ ئۇيغۇر تىلى دەپمۇ ئاتىغان. بۇ تىل، توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ ئورتاق تىلى سۈپىتىدە 600 يىل ئەتراپىدا ئېغىز تىلى ۋە ئەدەبىي تىل بولۇپ خىزمەت قىلغان. بۇ تىل بىلەن «ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرى»، «ئالتۇن يارۇق»، «مايتىرى سىمىت» ۋە قۇچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرى يېزىلغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ تۈنجى قېتىم يېزىق شەكلىنى ئالغان، شۇنداق بولغاچقا ئۇ تىل كېيىنكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تىل تارىخىنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم ئاچقۇچى بولۇپ قالغان. كېيىنكى دەۋر ئۇيغۇر تىلى دەل مۇشۇ قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ راۋاجى بولغان.

**9. چاغاتاي تىلى توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىز؟**

جاۋاب: چاغاتاي تىلى خاقانىيە تۈركچىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن، XX ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغىچە كەڭ قوللىنىلغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىن ئىبارەت. چاغاتاي تىلىنىڭ فونېتىكىسى، گىراماتىكىسى ئۇيغۇر تىلىدىن، لېكسىكىسى ئۇيغۇر، ئەرەب، پارس، موڭغۇل ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىلىدىن كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

**10. ئۇيغۇر تىلىنى نېمە ئۈچۈن تۈركىي خەلقلەر تارىخىدا ئەدەبىي تىل بولغان دەيمىز؟**

جاۋاب: ئۇيغۇر تىلى تۈركىي تىللار تارىخىدا ئىزچىل تۈردە ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە رول ئوينىغان. ئۇ ئالدى بىلەن قاراخانىيلار

دەۋرىدىكى تىلىنىڭ، ئاندىن ئوغۇز قىپچاق تىلىنىڭ (XII، XIII ئەسىر)، چاغاتاي تىلىنىڭ (XIII، XIV ئەسىر)، ئالتۇن ئوردا ئەدەبىي تىلىنىڭ (XIII، XIV ئەسىر)، كېيىنكى ۋاقىتلاردا كونا ئۆزبېك تىلىنىڭ (XV، XIX ئەسىر)، كونا تۈركمەن تىلىنىڭ (XVII، XIX ئەسىر) ۋە باشقا تىللارنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولغان.

## 11. تارىم ۋادىسىدا قەدىمكى زاماندا قانداق يېزىقلار قوللىنىلغان؟

جاۋاب: بۇ يەردە قەدىمكى زاماندا خەنزۇ يېزىق سىستېمىسى، ئارامى ـ ئەرەم يېزىق سىستېمىسى ۋە بىراھمى يېزىق سىستېمىدىكى يېزىقلار قوللىنىلغان. بۇ سىستېمىدىكى يېزىقلار تەرەققىي قىلىپ، شىنجاڭدا 20 نەچچە خىلغا يەتكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قوللىنىلغان ۋاقتى بىر قەدەر ئۇزاقراقلىرىدىن: قارۇشتى يېزىقى، قەدىمكى ئۇدۇن يېزىقى، كۇسەن ـ كېنگىت يېزىقى، قەدىمكى تۈرك يېزىقى، ئورخۇن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

## 12. قەدىمكى تۈرك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى توغرىسىدىكى چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەڭ.

جاۋاب: قەدىمكى تۈرك يېزىقى — ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي قەبىلىلەر تۈرك خانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن سەل كېيىنكى دەۋرلەرگىچە قوللانغان يېزىق بولۇپ، ئۇنى قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتى جەريانىدا تەپەككۇرىغا تايىنىپ ئىجاد قىلىپ چىققان، شۇنداقلا باشقا مىللەتلەرنىڭ يېزىق مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرگەن. بۇ يېزىقنى دەسلەپ دانىيىلىك تومسىن ۋە روسىيىلىك رادىلوف يېشىپ ئوقۇغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى — سوغدى يېزىقىدىن ئۆزگەرتىلىپ ئىشلەنگەن بولۇپ، ئەڭ بۇرۇن تۇرپان ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەن. بۇ يېزىق قۇجۇ خانلىقى دەۋرىدە تەدرىجىي رەۋىشتە

قەدىمكى تۈرك يېزىقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، ئاساسىي يېزىققا ئايلانغان، شۇنداقلا قاراخانىيلار تەۋەسىدىمۇ داۋاملىق ئىشلىتىلگەن. بۇ يېزىق ئاساسىدا قىتان، موڭغۇل، نايمان ۋە مانجۇ يېزىقلىرى يارىتىلغان. بۇ يېزىق 18 ھەرپتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇلار ئىچىدە بەش ھەرپ سەككىز سوزۇق تاۋۇشنىڭ، قالغانلىرى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ رولىنى ئۆتەيدۇ ۋە سولدىن ئوڭغا، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە تىك يېزىلىدۇ.

ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن قوللىنىشقا باشلىغان يېزىق بولۇپ، قاراخانىيلار يېزىقى دەپمۇ ئاتالغان.

# II باب يىراق قەدىمكى دەۋر ئەدەبىياتى
# (ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر)

**1. ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى توغرىسىدا نىمىلەرنى بىلىسىز؟ ئەپسانىلەرنىڭ مەزمۇنىنى بايان قىلىڭ.**

جاۋاب: ئەپسانىلەر قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ تۇرمۇش، تەبىئەت ھەققىدىكى ساددا خىيالىي تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ سەمەرىسى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەپسانىلىرىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت كۈچلىرى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى خىلمۇخىل ساددا تەسەۋۋۇرلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. ئۇلاردىن:

1. «ئىگىز قاڭقىللارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى ئەپسانە» دە ئىنسانلارنىڭ ھايۋان توتېمى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۇقتىلىق چۈشەندۇرۇلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئادەم بالىسى بۆرە بىلەن جۈپلىشىش نەتىجىسىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ كېلىپ چىققانلىقىنى مۇشۇ خىل ئەپسانە بىلەن باغلاپ چۈشەندۇرگەن؛

2. «ئاشىنا ئۇرۇقىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى ئەپسانە» دە، قەدىمكى تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى توغرىسىدىكى مەزمۇنلار بولۇپ، ئۇنىڭدا قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئۆز ئەجدادىنى بىۋاستە بۆرىگە باغلايدىغان ساددا تەسەۋۋۇرى ئەكس ئەتكەن؛

3. «بۆرە ھەققىدىكى ئەپسانە» دە ئۇيغۇرلارقىيىن ئەھۋالدا قالغاندا بۆرىنىڭ نىجادلىققا ئېرىشتۇرۇپ قويغانلىقى، شۇڭا بۆرىنى ئۇلۇغلاشنىڭ ئەھمىيىتى سۆزلەنگەن؛

4. «قۇلباق ئەپسانىسى» ئۇيغۇرلار سۇنئىي دىنلارغا ئېتىقاد قىلىشتىن ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، كۆپ خۇدالىق ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ تەسىرىنى ساقلاپ كەلگەن؛

5. «ئوماي ھەققىدە ئەپسانە» دە، ئىپتىدائىي ئۇرۇقچىلىق

مەزگىلدە ئىنسانلاردا چىشى مەبۇتلارغا چوقۇنىدىغان، ئۇلارنى ئۇلۇغلايدىغان ئەھۋال بارلىقى ئەكس ئەتكەن. دېمەك، بۇ ئەپسانىلەردە شۇ دەۋرلەردىكى ئەھۋال ئىنكاس قىلىنغان.

## 2. قەدىمكى زاماندا قانداق رىۋايەتلەر بولغان، بۇنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈڭ، قەھرىمانلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر قايسىلار؟

جاۋاب: قەدىمكى دەۋردە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە كۆپلىگەن رىۋايەتلەر تارقالغان. بۇ رىۋايەتلەر سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى، مەزكۇر قەبىلىلەرنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم مەنبەلىك رول ئوينايدۇ. رىۋايەتلەرنى ئۆز تەرتىپى بويىچە، ئۇيغۇر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر، «قەھرىمانلار ۋە شەخسلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر» دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

قەھرىمانلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەر: «تۇمارىس رىۋايىتى»، «شىراق رىۋايىتى»، «مۇدۇ تەڭرىقۇت ھەققىدىكى رىۋايەت»، «قاغان شۇ ھەققىدىكى رىۋايەت»، «ئافراسىياپ ھەققىدىكى رىۋايەت»، «بۆگۈخان ھەققىدىكى رىۋايەت»، «كۆل بىلگە خاقان ھەققىدىكى رىۋايەت»، «سۇتۇق بۇغراخان ھەققىدىكى رىۋايەت»، «مەھمۇد قەشقەرى ھەققىدىكى رىۋايەت»، «قاراخان پادشاھ ھەققىدىكى رىۋايەت» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## 3. «شۇ قاغان رىۋايىتى» نىڭ ئاساسىي مەزمۇنى نېمە؟

جاۋاب: بۇ رىۋايەتتە ئۇيغۇر قاغانى شۇنىڭ پەم ـ پاراسىتى، ھەربىي ئىستراتېگىيىسى، ۋەتەن سۆيەرلىكى، خەلق ئوغلانلىرىنىڭ چېۋەرلىكى ۋە باتۇرلۇقى، شۇنداقلا ئەقىل ـ پاراسىتى جانلىق سۈرەتلەنگەن. بۇ خىل سۈرەتلەش مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ئويلايدىغان ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسىنى ئىلھاملاندۇرۇپ، قەھرىمانلىق روھنى ئۇرغۇتۇشتىكى بىر خىل مەنىۋى كۈچ سۈپىتىدە تارىختا يادنامە بولۇپ قالغان.

## 4. قەدىمكى ئۇدۇن، كۇسەن رىۋايەتلىرىنىڭ ئىدىيىۋى

مەزمۇننى بايان قىلىڭ.

جاۋاب: قەدىمكى ئۇدۇن رىۋايىتىدە ئاساسەن ئۇدۇن ئېلىنىڭ بىنا قىلىنىشى، ئاھالىلىرىنىڭ يۆتكىلىشى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر، خانلىقنىڭ تىكلىنىشى، ئۇدۇنلۇقلارنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان كۈرەشلىرى، بۇددا دىنىنىڭ ئۇدۇن ئېلىگە تارقىلىشى، ئۇدۇن بۇددىزمىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە مەزھەپلەرنىڭ پائالىيىتى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان.

كۇسەن رىۋايىتىدە، قەدىمكى كۇسەنلىكلەرنىڭ تەبىئەت بىلەن ئۇزاق مۇددەت جاپالىق ئېلىشىپ ئاخىر ئۇنى بويسۇندۇرغانلىقىدەك كۈرەش تارىخى تەسىرلىك ۋە ئوبرازلىق بايان قىلىنغان. ئاچۇر پادىشاھ خەلق ئاممىسىغا، ئەجدىھا سىرلىق ئىجتىمائىي كۈچلەرگە سىمۋول قىلىنغان.

## 5. «ئوغۇزنامە» ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى بايان قىلىڭ.

جاۋاب: «ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ دەۋرىمىزگە يازما ھالەتتە يېتىپ كەلگەن بىرقانچە نۇسخىسى بار بولۇپ، ئۇلار ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئۆز دەۋرىنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، مەزمۇن جەھەتتىن ئۆزگىرىپ كەتكەن، بۇ نۇسخىلارنىڭ بىرقەدەر ۋە قەدىمكىرەكى XIII ئەسىردە نامەلۇم بىر ئاپتور تەرىپىدىن تۇرپاندا قەلەمگە ئېلىنغان نۇسخىدۇر.

«ئوغۇزنامە» دىكى ئىجتىمائىي ۋەقەلىكتىن قارىغاندا، ئېپوستىكى ۋەقەلىك ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان ۋاقىتلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

## 6. ئوغۇزخان ئوبرازىنى تەھلىل قىلىڭ.

جاۋاب: ئوغۇزخان ئوبرازى ئىلاھىيلاشقان تارىخىي شەخسنىڭ تىپىك ئوبرازى. ئىلاھىيلاشقان دېگىنىمىزدە، ئۇنىڭ تەبىئەت كۈچلىرىگە قارشى باتۇرلۇقلىرى ۋە قايتماس جاسارىتى، پالۋانلىقى كۆزدە تۇتۇلسا، تارىخىي شەخسلىكىدە ئۇنىڭ مۇقەددەس ھەربىي يۈرۈشلىرى، سەپەر ئۇستىدىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، دادىل ئالغا

ئىلگىرىلەپ، قول ئاستىدىكى ھەربىي سەركەردىلەرگە مۇۋاپىق نام بېرىپ، ئەمەلىي ئىش ئېلىپ بارغانلىقى ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا زېمىنلارنى ئوغۇللىرىغا تەڭ بۆلۈپ بېرىپ، ئۇلارنى ھاكىمىيەتنىڭ ئۇزاق مۇددەت داۋاملىشىشىغا ئاساس سالغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

## 7. تۇڭا ئالىپ ئەر ئوبرازى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟

جاۋاب: تۇڭا ئالىپ ئەر (ئافراسىياپ) ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن قەھرىمان خانلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ تىنچلىقى، سائادىتى، ئۆز ئېلىنىڭ بەختەرلىكى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر پىداكارلىق كۆرسەتكەن، كۈچ - قۇدرەت ۋە ئەقىل - پاراسىتىنى ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىگە سەرپ قىلغان، شۇڭا خەلق ئۇنى ھىمايە قىلغان. باتۇرلۇق، تەرەققىيپەرۋەرلىك، تىنچلىقپەرۋەرلىك قاتارلىق خىسلەتلەر ئۇنى مىللىي قىزغىنلىقنىڭ نىشانىسى، خەلق مەنپەئىتىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ تونۇتقان. ئۇنىڭ شانلىق تۆھپىسى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا تارقىلىش جەريانىدا تېخىمۇ مۇبالىغىلەشتۈرۈلۈپ، جەزبىدارلىشىپ داستانغا ئايلانغان ۋە قەھرىمانلىق ئېپوسىدا جانلىق، تىپىك، ھەيۋەتلىك ئوبراز سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلگەن. بۇ ئېپوستىكى پارچىلار مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن «قۇتادغۇ بىلىك» تە تىلغا ئېلىنغان.

## Ⅲ باب غەربىي يۇرت قەلئەلىك مەملىكەتلەر دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت

**1. ئۇدۇن يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىز، ئۇدۇن يېزىقى ھۆججەتلىرى مەزمۇن جەھەتتە قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟**

جاۋاب: قەدىمكى ئۇدۇن يېزىقىدا نۇرغۇنلىغان يېزىق ۋەسىقىلىرى قالدۇرۇلغان. ئۇلار تارىخىي ئەسەرلەر، بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەر، ئەدەبىي ئەسەرلەر، تىببىي ھۆججەتلەر، لۇغەتلەر، خەت ـ چەك، مەكتۇپ، ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنغا ئائىت ھۆججەت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئەدەبىي ئەسەرلەر ھەر خىل مەزمۇن ۋە ژانىردا بولۇپ، ئۇلار شېئىرىي ئەسەرلەر، ھېكايىلار، چۆچەكلەر، ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، بېيىت ـ قوشاقلار، خان ـ شاھزادىلەرگە ئوقۇلغان مەدھىيىلەر ۋە لىرىك قەسىدىلەردىن ئىبارەت.

قەدىمكى ئۇدۇن تىلى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر ئىچىدە ئەدەبىي تەرجىمە ئەسەرلەرمۇ بار، ئۇلاردىن داڭلىقراقى ھىندىستان ئېپوسى «رامايانا» دىكى راماغا دائىر بىرقانچە ھېكايىنىڭ تەرجىمىسىدۇر. ئۇدۇن يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ ئىچىدە بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى بىرقەدەر چوڭ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ دەسلەپكى دەۋرگە مەنسۇپلىرى ماھايانا مەزھىپىگە تەئەللۇق بۇددا نوملىرىدۇر.

**2. بۇددىزم مىڭئۆي رەسىملىرىنىڭ ئەدەبىي قىممىتى توغرۇلۇق نېمىلەرنى بىلىسىز؟**

جاۋاب: بۇددىزم مىڭئۆي رەسىملىرىنىڭ ئەدەبىي قىممىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، مىڭئۆيلەردىكى رەسىملەرنىڭ ھەممىسى

بۇددىزم كىتابلىرىدىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسەن سىزىپ چىقىلغان بۇددىزم رەسىملىرى، ئۇلارنىڭ مەزمۇنى خىلمۇ خىل بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى دېگۈدەك ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. «يارالمىش قىسسىلىرى» رەسىملىرى بۇددىزم ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم بىر مەزمۇن بولۇپ، ئۇ ساكيامۇنى ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى بۇتساتۋا بولۇش ئۈچۈن قىلغان ئىستىقامەت پائالىيەتلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن تاللىۋېلىنغان پارچىلاردۇر. بۇددىزم مىڭئۆي تام رەسىملىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، جۈملىدىن بۇددىزم ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى جەمئىيىتى، ئىجتىمائىي ۋە ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ جەريانلىرىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم ھۆججەت ھېسابلىنىدۇ.

### 3. كۇسەن — كېنگىت يېزىقىدا قانداق مەزمۇندىكى ھۆججەتلەر يېزىلغان؟

جاۋاب: كۇسەن — كېنگىت يېزىقىدا نۇرغۇنلىغان تارىخىي ۋەسىقىلەر پۈتۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇددا دىنىدىكى ھۆججەتلەر، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا دائىر باشقا مەزمۇندىكى ھۆججەتلەر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ بار. ئەدەبىي ئەسەرلەردىن مەشھۇرلىرى «مايتىرى سىمىت»، «ناندا ھەققىدىكى دراما»، «ياغاچچى بىلەن رەسسام»، «رەسسام ھېكايىسى»، «بېلىقچى ھېكايىسى» قاتارلىقلار. شېئىرىيەت ساھەسىدە مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن «پارچە» ۋە «شېئىرىي ھېكمەتلەر توپلىمى» بار. ئۇنىڭدىن باشقا «سانسكرتچە - كۇسەنچە سۆزلۈكلەر»، «كۇسەنچە - ئۇيغۇرچە سۆزلۈك» قاتارلىق لۇغەتلەر، كۆپ مىقداردىكى جامائەت ھۆججىتى، ئىبادەتخانا ھېسابات ھۆججىتى، رەسىم لەۋھەلىرى ۋە تېببىي ھۆججەتلەر بار.

### 4. غەربىي يۇرتلۇق مەدەنىيەت ئەربابلىرىدىن كىملەرنى بىلىسىز؟ ئۇلارنىڭ قانداق پائالىيىتى ۋە ئىجادىيىتى بار؟

جاۋاب: بۇلاردىن بۇددا سىڭا، كوماراجىۋا، ۋىيساكۇيچى، سىكساناندا، خۇيلىن، لى يەن، خې تۇ قاتارلىق ئەدىبلەر بار.

كۇسەنلىك ئاتاقلىق ئەدىب لى يەن خەنزۇ تىلىدا «سانسكرتچە

ئاتالغۇلار» دېگەن داڭلىق كىتابنى يازغان. خې تۇ خوتەنلىك بولۇپ، ناھايىتى ئەقىللىق ئادەم ئىدى، ئۇ، مۇزىكا ۋە يېزىقچىلىققا ئىشتىياق باغلاپ، بۇ جەھەتتە خېلى يېتىشكەن، نۇرغۇنلىغان شېئىر ھەم ئەسەرلەرنى يازغان ۋە مىلادىيە 586 ـ يىلى لۇگجو ئايمىقىنىڭ تارىخچىسى بولغان، ئۇ يەنە شېئىرىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللانغان بولۇپ، «قۇرۇلغا كىرىش» ، «چاڭئەن كوچىسى» قاتارلىق ئالتە كۇپلېتلىق شېئىرلىرى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

## 5. بۇددا سىڭا، ۋىيسا كۇيچى ۋە سىكساناندالار كىم؟

جاۋاب: 1. بۇددا سىڭا (232 ـ 348) قەدىمكى كۇسەندە تۇغۇلغان، توققۇز يېشىدا ئىككى قېتىم كەشمىر قاتارلىق جايلارغا سەپەر قىلغان. ئۇ يەردە ئۇستا راھىبلاردىن تەلىم ئالغان، كېيىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، نومشۇناسلىق بىلەن داڭق چىقارغان. بۇددا سىڭا مىلادىيە 310 ـ يىلى لوياڭغا بېرىپ، ئۇ يەردە ئىبادەتخانا سالدۇرغان، بىرمەزگىل ھاكىمىيەت ئىگىلىرىگە مەسلىھەتچى بولۇپ ئىشلىگەن، نۇرغۇن تالىپلارنى يېتىشتۈرگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن، «راھىبلار تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابتا ئۇنىڭ بىرنەچچە پارچە شېئىرىلا ساقلىنىپ قالغان.

2. ۋىيسا كۇيچى (598 ـ 682) ئۇدۇندا خان جەمەتى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ۋىيسا فامىلىسى، كۇيچى ئىسمى، ئۇ «تاشقىن» دېگەن سۆزنى ئەدەبىي تەخەللۇس قىلغان. ۋىيسا كۇيچى ئۇدۇن ئېلى گۈللەپ ياشناۋاتقان بىر شارائىتتا تۇغۇلغاچقا، ئەتراپلىق تەربىيىلىنىپ، مەشھۇر بۇددىست ۋە رەسسام بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئۇ مىلادىيە 615 ـ يىلى چاڭئەنگە بېرىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزگەن. ۋىيسا كۇيچى ئاتاقلىق بۇددا نەزەرىيىچىسى، تەرجىمانى ۋە رەسسامى بولۇپ، «نوقۇل تونۇش نەزەرىيىسى ھەققىدىكى بايانلار» ؛ «مۇرەككەپ توپلام نەزەرىيىسى ھەققىدە» ، «سەۋەب ـ نەتىجە بىلەن ھەقىقەتنى تېپىش ھەققىدە» ، «سىرلىق نىلۇپەر سۇترىسىغا مەدھىيە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. ئۇ تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەردىن: «بەس ـ مۇنازىرىنىڭ چېكى ھەققىدە» ، «بەس ـ مۇنازىرە چېكى نەزەرىيىسىگە

مەدھىيە» قاتارلىقلار بار. ئۇندىن باشقا ئۇ يەنە بۇددا دىنى مەزھەپلىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان داڭلىق رەسىملەرنى سىزىپ، چاڭئەندە شۆھرەت قازانغان.

3. سىكسانانادا (652 ـ 710، سانسكرىتچە ئىلىم خۇمار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) داڭلىق بۇددا ئۆلىماسى بولۇپ، ئۇدۇندا تۇغۇلغان. تەرجىمىشۇناسلىق ۋە رەسساملىقتا داڭق چىقارغان. تەرجىمە ئەسىرى «نىلۇپەر سۇترىسى» خەنزۇ تىلىدا 80 جىلد بولۇپ، لوياڭدا كاتتا شۆھرەتكە مۇيەسسەر بولغان. سىكسانانادا 695 ـ يىلى لوياڭغا تەكلىپ بىلەن بارغان بولۇپ، ئۇ يەردە تەرجىمىدىن باشقا رەسساملىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ، مىلادىيە 708 ـ يىلى ئۆز يۇرتىغا قايتقان، كېيىن يەنە تەكلىپ بىلەن لوياڭغا بېرىپ، 710 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى لوياڭدا ۋاپات بولغان.

## 6. كوماراجىۋا كىم؟

جاۋاب: كوماراجىۋا (344 ـ 413) قەدىمكى كۇسەندە ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى ھىندىستاندىن كەلگەن بولۇپ، ئىسمى كوماراتان ئىدى. ئۇ، كۇسەندە كوماراجىۋانىڭ ئانىسى جىۋا خېنىم بىلەن توي قىلغان، كوماراجىۋا توققۇز ياشقا كىرگەندە ئانىسى بىلەن ھىندىستانغا بېرىپ، بۇددا دىنىنىڭ ھىنايا تەلىماتىنى ئۆگەنگەن، مىلادىيە 357 ـ يىلى كەشمىردە ئوقۇشىنى تاماملاپ، 13 يېشىدا پامىر ئارقىلىق قەشقەرگە كېلىپ، كېيىن يەكەنگىمۇ بارغان، كېيىنچە چىن خانىمىنىڭ تەكلىپى بىلەن مىلادىيە 385 ـ يىلى لياڭجۇغا بېرىپ، ئۇ يەردە 15~16 يىل تۇرۇپ قالغان، بۇ جەرياندا خەنزۇ تىلى ۋە يېزىقىنى ئىگىلەپ، چىن خانىمىنىڭ تەكلىپى بىلەن چاڭئەنگە بېرىپ نوم تەرجىمە قىلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. كوماراجىۋا ھىندى، توخرى تىلىنى ۋە خەنزۇ تىلىنى پۇختا بىلگەچكە، سانسكرىتچە نوملارنى بىۋاسىتە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ شۆھرەت قازانغان. كوماراجىۋا تەرجىمىدىن باشقا شېئىرىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللانغان، شېئىرلىرىدىن «ھېكمەتلىك باخشىمغا نەزىرە» بىلەن «ئون تەمسىل» دىن ئىبارەت ئىككى پارچە شېئىرى ساقلىنىپ قالغان.

**7. خۇيلىننىڭ تۆھپىسى قايسى جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ؟**

جاۋاب: خۇيلىن (737 ـ 820) قەدىمكى قەشقەردە تۇغۇلغان بولۇپ، قەدىمكى سانسكرت ۋە خەنزۇ تىل ـ يېزىقىنى پۇختا ئۆگەنگەن، كېيىنكى مەزگىلدە چاڭئەنگە بېرىپ، نومشۇناسلىق بىلەن مەشغۇل بولغان. خۇيلىننىڭ تۆھپىسى ئاساسەن لۇغەتچىلىك جەھەتتە ئالاھىدە بولۇپ، 783 ـ يىلدىن 807 ـ يىلغىچە بولغان 20 يىل جەريانىدا بۇددا نوملىرىدىن 1300 قىسىم، 5700 جىلدتىن كۆپرەكىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، 100 جىلدلىق «بۇددا نوملىرىنىڭ تەلەپپۇزى ۋە مەنىلىرى» دېگەن قامۇسنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇ، 84 يېشىدا چاڭئەندە ۋاپات بولغان.

# IV باب ئورخۇن دەۋرى ئەدەبىياتى

**1. ئورخۇن دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى نېمىلەردىن ئىبارەت؟**

جاۋاب: ئورخۇن دەۋرىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۈللەپ ياشناش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان بولۇپ، ئىجادىي ئەسەرلەر بىلەن بىرلىكتە تەرجىمە ئەسەرلەرمۇ بارلىققا كەلگەن. ئەدەبىي تىلدا ئورخۇن - ئۇيغۇر تىلى ئاساس قىلىنغان، ئۇندىن باشقا ئالاقە ئىشلىرىدا يەنە خەنزۇ ۋە سوغدى تىللىرى قوشۇمچە ئىشلىتىلگەن. بۇ دەۋردە يەنە دىنىي، تارىخىي ۋە ئۆرپ - ئادەتكە ئائىت ئەسەرلەرمۇ مەيدانغا چىققان. بۇنىڭ ئىچىدە داڭلىقلىرىدىن مانى دىنىغا ئائىت ھۆججەت «خۇئاستۇئانىفت»، تەزكىرە خاراكتېرىدىكى ھۆججەت - «تەڭرى قاغاننىڭ دىنغا كىرىشى»، ئۆرپ ئادەتكە ئائىت ئەسەر - «ئىرق بىتىك» قاتارلىقلار بار.

**2. «تېلى قوشىقى» قانداق شارائىتتا مەيدانغا كەلگەن؟**

جاۋاب: بۇ قوشاق قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى بەگقۇلى باشچىلىقىدىكى تېلىلارنىڭ ئازلىقتىن كۆپىيىپ، ئاجىزلىقتىن قۇدرەت تېپىپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە باشقا جەھەتلەردە قۇدرەت تاپقان بىر مەزگىلدە يېزىلغان. بۇ ۋاقىت V ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدۇ.

**3. «تېلى قوشىقى» نىڭ ئاساسىي مەزمۇنى نېمە؟**

جاۋاب: تېلى ۋادىسى، چۇغاي ئېتىكى،
چۇمكىگەن ئۇنى ئاسمان چېدىرى.
ئاسمان سۇپسۇزۇك، چەكسىز تاغ - دالا،
گۈزەل يايلاقتا تولغان قوي - كالا.

بۇ قوشاقتا، قەدىمكى تېلىلارنىڭ مۇئەييەن تارىخىي مۇھىتى،

سۆيۈملۈك ماكانى، تۇرمۇش‌شارائىتى، ئىقتىسادىي ئىگىلىكى ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسى ئىخچام هالدا ئومۇملاشتۇرۇلۇپ بايان قىلىپ بېرىلگەن. ئۇلارنىڭ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئانا ماكانى بولغان سۆيۈملۈك يۇرتىنىڭ كۆركەم مەنزىرىسى سۇرەتلەنگەن، گۈللەنگەن يۇرتىغا بولغان مۇھەببەت ۋە ئىپتىخارلىق ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن.

### 4. بۇتۇرمۇش‌تارقان كىم؟

جاۋاب: بۇتۇرمۇش‌تارقان قەدىمكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ياشىغان ئوقۇمۇشلۇق زات بولۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ سەزگۈر زىيالىيسى، مانىي دىنى مۇرىتى، ئۇ، بەدىئىي ئەدەبىياتقا قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ شېئىرىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن «خۇئاستۇ ئانىفت» (توۋا دۇئانامىسى) زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن.

### 5. «خۇئاستۇ ئانىفت» قانداق ئەسەر، ئۇنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى قانداق؟

جاۋاب: «خۇئاستۇ ئانىفت» قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ئىچىدىكى مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، تولۇق ئىسمى «نىسارىلار ‹مانى دىنى مۇخلىسلىرى› نىڭ توۋا دۇئانامىسى». قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە مانى يېزىقىدا يېزىلغان؛ 221 مىسرادىن تەركىب تاپقان بۇ ئەسەر مىلادىيە V ئەسىر بىلەن VII ئەسىر ئارىلىقىدا ئۆزبېكىستان ياكى قازاقىستان زېمىنلىرىدا قەلەمگە ئېلىنغان. زامانىمىزغا يېتىپ كەلگىنى ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخا بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى مانى دىنىغا ئالاقىدار بولۇپ، ئۇنىڭدا يورۇقلۇق تەڭرىسى بىلەن قاراڭغۇلۇق تەڭرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ كۈرەشلەر ئوبرازلىق ئەكس ئەتكەن. ئەسەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى مۇنداق: مىلادىيە V ~ VII ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ئۇيغۇرلار بىلەن رورەنلەر ئوتتۇرىسىدا قانلىق جەڭ بولغان. بۇ جەڭدە ئۇيغۇرلارنىڭ سەركەردىسى بەگقۇلى قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ ئەلنى ساقلاپ قالغان. ئەسەردە مانى چۈشەنچىسى بويىچە رورەن تەرەپ قاراڭغۇلۇق ۋە جىنلار سۈپىتىدە ئوبرازلاشتۇرۇلۇپ تەسۋىرلەنگەن؛ قەھرىمان سەركەردە بەگقۇلىنىڭ پىداكارانە ھەرىكەتلىرى مەدھىيىلىنىپ، بۇ قەھرىمان

نامىغا قوشاقلار توقۇلغان.

## 6. مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى نېمە ئۈچۈن ئەدەبىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ؟

جاۋاب: مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى — ئورخۇن دەۋرى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نامايەندىلىرىنىڭ بىرى. ئۇ، تۈرك — رونىك يېزىقى بىلەن ناھايىتى نەپىس، جانلىق يېزىپ قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى خەلقنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە دۆلەت تۈزۈلمىسىنى بىلىشتە قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا تۈرلۈك ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر جانلىق قوللىنىلىپ، قەھرىمانىنىڭ ئىش پائالىيىتى ناھايىتى مۇكەممەل يارىتىلغان. ئەسەر گەرچە تاشقا ئويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىي قىممىتى، تارىخىي قىممىتى جەھەتتىن بەكمۇ يۇقىرى.

## 7. مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىنىڭ ئاپتورلىرى كىملەر، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى قانداق بولغان؟

جاۋاب: مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى سان جەھەتتىن ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئىچىدىن بىرقەدەر مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغانلىرى «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»، «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى»، «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى» قاتارلىقلار.

1. «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» نىڭ ئاپتورى بىلگە تونيۇقۇق بولۇپ، 668 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 788 ـ يىلى 120 ياشتا ۋاپات بولغان. ئۇ، تەخمىنەن 679 ـ يىلىدىن باشلاپ سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلارغا قاتناشقان، غەربىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ قاغانى ئىلتەرىش قاغان، قاپاغان قاغان، بىلگە قاغانلارغا 683 ـ يىلىدىن تاكى 716 ـ يىلىغىچە باش ۋەزىر بولغان، ئۇلاردىن كېيىنكى بىرقانچە قاغانلار دەۋرىدىمۇ ئوردىدا مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» 716 ـ يىلى يىنسەي يېزىقى بىلەن ئىككى پارچە مەرمەر تاشقا ئويۇپ يېزىلىپ، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن قەبرىسى ئالدىغا ئورنىتىلغان.

2. «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» كۆلتېگىننىڭ ئاكىسى بىلگە

قاغان تەرىپىدىن يېزىلىپ، 732 ـ يىلى كۆلتېگىننىڭ قەبرىسى ئالدىغا ئورنىتىلغان. بىلگە قاغاننىڭ ئەسلىي ئىسمى بۆگۈ بولۇپ، تۈرك خانزادىسى، دادىسى قۇتلۇق ئىلتەرىش قاغان. ئۇ، مىلادىيە 716 ـ يىلى تۈرك خانلىقىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغاندا «بىلگە قاغان» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. «بىلگە قاغان» ھەربىي ئىلىم، دۆلەت باشقۇرۇش، ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەتنى ياخشى كۆرگەن ۋە پىششىق ئىگىلىگەن.

3. يوللۇغ تېگىن (652 ـ 744) تارىخشۇناس ۋە ئەدىب بولۇپ، تۈرك خانلىقىنىڭ ئوردىسىدا مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن، قاغانلارغا ياردەملىشىپ، دۆلەت ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرگەن. تارىخ، تىل ـ ئەدەبىيات ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئەربابلارنىڭ بىرى ھېسابلانغان. يوللۇغ تېگىن «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» ۋە «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» قاتارلىقلارنى بىلگە قاغاننىڭ ئېيتىپ بېرىشى بىلەن رەتلەپ تاش ئۈستىگە چۈشۈرگەن.

4. مويۇنچۇر (قارا قاغان دەپمۇ ئاتىلىدۇ) كۆل بىلگە قاغاننىڭ ئوغلى بولۇپ، 747 — 759 ـ يىللىرىغىچە ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان. ئۇ، ھەربىي ئىشلار ۋە ئەل باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن، قەلەم ۋە ئەلەمدە ماھىر خانزادە بولۇپ، ئۆزى ھايات ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ خانلىق نەسەبنامىسىنى نەپىس تىل ئارقىلىق رەتلەپ تاشقا ئويغان.

5. ئېل ئۆگۈس ۋە ئىنانچۇر مۇقان تارقان VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، IX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىدە ياشىغان تارىخچى ۋە ئەدىبلەر بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇر خانلىقىدا مۇھىم ئەمەل تۇتقان. ئوردىنىڭ سىياسىي، ھەربىي ئىشلىرىنى ئىگىلىگەن، ئۇيغۇر تىلى، خەنزۇ تىلى ۋە سوغدى يېزىقلىرىنى ئۆگەنگەن. ئۇلار «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى» نى يېزىپ خاتىرە قالدۇرغان.

## 8. مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىدىكى پېرسوناژلار ئوبرازى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟

جاۋاب: مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىدىكى بەدىئىي ئوبرازلار ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدا دەسلەپ يارىتىلغان مىللىي ئوبرازلار جۈملىسىگە كىرىدۇ. يادىكارلىقلاردىكى ئاساسلىق

پېرسوناژلاردىن تونيۇقۇق، كۆلتېگىن، بىلگە قاغان، قارا قاغان (مويۇنچۇر) ۋە ئىدىكىنلەر دەسلەپ ئادەتتىكى شەخسلەر سۈپىتىدە كۆزگە چېلىقسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي جەڭ داۋامىدا ئەقىل ـ ئىدراك ۋە جىسمانىي كۈچ جەھەتتە قوۋمىنىڭ سەركەردىسى ئورنىغا چىقىدۇ. ھەمدە ھۆرمەتكە سازاۋەر مۇھىم شەخس دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ ئوت يۈرەك قەھرىمانلار مىللەتنىڭ تەقدىرى ۋە دۆلەتنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە كۆپ باش قاتۇرۇپ، ئەجدادلارنىڭ شانلىق ئىش ئىزلىرىنى كۆڭلىگە پۈككەچكە، ئۇلارنىڭ ئىلھام بەخش ۋەسىيەتلىرىنى ئۆزلىرىگە قىبلىنامە قىلغاچقا، قېرىنداش قەبىلە ئەزالىرىنى، كەڭ خەلقنى سەپەرۋەر قىلىشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى دەپ بىلگەن، خەلق ئاممىسىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتىدىغان ئەمەلىي، جانلىق سۆزلەرنى قىلىش ئارقىلىق ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ئۆزىمۇ بىللە يەڭ تۈرۈپ، كۆكرەك كېرىپ جەڭگە كىرىپ، جەڭ مەيدانلىرىدا باتۇرلۇق كۆرسەتكەن. ئۇلارنىڭ قەھرىمانانە پائالىيەتلىرى ۋە جەڭگىۋار چاقىرىقى بىلەن پۈتكۈل ئەل بىرلىشىپ ئۇيۇشۇپ، جەڭدە غەلىبە قىلىشنىڭ ئاساسىنى ياراتقان. دېمەك، ئۇلار كۈرەش ئەمەلىيىتى داۋامىدا ئۆسۈپ يېتىلىپ، پۈتۈن خەلقنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرەلەيدىغان، ئۇلارنىڭ تەقدىرى ۋە ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىگە تولۇق ۋەكىللىك قىلالايدىغان تىپىك، شانلىق قەھرىمانلار ئوبرازىدۇر.

## 9. مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى نېمە؟

جاۋاب: مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكىدە كۆك تۈرك خانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، گۈللىنىشى ۋە يىمىرىلىشى توغرىسىدىكى تارىخىي ۋەقەلەر جانلىق ئەكس ئەتكەن. ئۇنىڭدا تونيۇقۇق، بىلگە قاغان ۋە ئۇيغۇر قۇتلۇق كۆل بىلگە قاغان قاتارلىقلارنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى، قاغانلىقنى تىنچلاندۇرۇش، مۇستەھكەملەش، كۈچەيتىش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى ۋە تۆھپىلىرى نەپىس ئەدەبىي تىل بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن.

## 10. بۆگۆخان رىۋايىتى توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىز؟

جاۋاب: قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۆگۆخان توغرۇلۇق رىۋايەتلەر كۆپ تارقالغان، تارقىلىش ۋاقتى 500 يىل ئەتراپىدا بولغان. بۆگۆخان رىۋايەتلىرى دەسلەپ ئېغىز ئەدەبىياتى شەكلى بىلەن تارقالغان، كېيىن، يەنى XII ئەسىر ۋە XIII ئەسىرلەردە ئارقا - ئارقىدىن خاتىرىگە ئېلىنغان، هازىرغىچە ئۇنىڭ بىرقەدەر تولۇق نۇسخىسىدىن تۆت خىلى بار. ئۇلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخىي جەريانىنى بەدىئىي يوسۇندا ئەكس ئەتتۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ خىل ئەكس ئەتتۇرۇش بۆگۆخان ئوبرازىنى چۆرىدىگەن هالدا ئېلىپ بېرىلغان.

## 11. بۆگۆخان ئوبرازى هەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟

جاۋاب: بۆگۆخان يېرىم ئىلاهىيلاشقان، يېرىم ئادەملىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىندىۋىدۇئال خاراكتېردىكى پېرسوناژ. بۆگۆخاندا ئىپتىدائىي قەبىلىلەر بىرلەشمىسىنىڭ هەربىي سەركەردىلىرىدەك قاراملىق، باتۇرلۇق، شۇنداقلا فېئودال خانلاردەك سالاپەت، ئەقىل - پاراسەت ۋە ئەل باشقۇرۇش ماهارەتلىرى بار. ئەسەردە بۆگۆخاننىڭ باتۇرلۇق ۋە ئەقىل - پاراسەت مۇجەسسەملەشكەن خاراكتېرى يارىتىلغان بولۇپ، بۇ خىل خاراكتېر ئەسەردە پەيدىنپەي تاكامۇللىشىپ بارىدۇ.

رىۋايەتتىكى بۆگۆخان ئوبرازى تارىختىكى بۆگۆخاننى پىروتوتىپ قىلغان دەپ قارىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خاراكتېرى ۋە پائالىيەت جەريانىغا ئىنچىكە دىققەت قىلىنىدىغان بولسا، ئۇنىڭدا زور ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىنىڭ بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۇ، بىرقانچە دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئالاهىدىلىكىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. ئۇنىڭ ئوبرازىدا غايىۋىلىك، قەهرىمانلىق، ئەقىل - پاراسەت، تەرەققىيپەرۋەرلىك، تىپىكلىك قاتارلىق ئامىللار بار.

بۆگۆخان ئوبرازى ئوغۇزخان، ئالىپ ئەرتۇڭا ئوبرازلىرىغا ئوخشاش زامان ۋە بوشلۇقتىن هالقىپ كەتكەن بولۇپ، خەلقنىڭ مىللىي قىزغىنلىقى، ئورتاق غايىگە تەلپۈنۈشىنىڭ مەركىزىي

نۇقتىسىنى ھاسىل قىلغان، كۆڭۈل ماھىللىقىنى ئۆزىگە تارتقان يۈكسەك ئوبرازدۇر.

**12. بۆگۈخان رىۋايىتىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى نېمىلەردىن ئىبارەت؟**

جاۋاب: رىۋايەتنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن كۆرگىلى بولىدۇ:

1) رىۋايەتنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىدا ئىپادىلەنگەن.

2) رىۋايەتتە رېئالىزم بىلەن رومانتىزملىق ئىجادىيەت مېتودى زىچ گىرەلەشتۇرۇپ قوللىنىلغان.

3) بۆگۈخان ئوبرازى ھەم ئىندىۋىدۇئاللىقا، ھەم تىپىك خاراكتېرگە ئىگە قىلىپ يارىتىلغان.

4) رىۋايەتنىڭ كومپوزىتسىيىسى ئورگىناللىققا ئىگە، ۋەقەلىك تەرەققىياتى تەرتىپ بويىچە بايان قىلىنغان.

**13. «ئىرق بىتىگ» نىڭ مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟**

جاۋاب: ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى تۆت نۇقتىغا مەركەزلەشتۇرۇشكە بولىدۇ:

1) ئادەم ۋە ھايۋانلار تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان مەزمۇنلار. بۇلاردا ھايۋانلار بىلەن ئادەملەر پائالىيىتىنىڭ چۈشتىكى بەدىئىي ئىنكاسى ئارقىلىق كەلگۈسىگە تەبىر بېرىش ئاساس قىلىنىدۇ.

2) ئەپسانىۋى سىيۇژىتلار ۋە تەڭرىلەر تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلار ئادەمگە بەخت بېغىشلاشنى مەزمۇن قىلىدۇ.

3) تەبىئەت تەسۋىرلىرى بېرىلگەن.

4) تەربىيە ـ دىداكتىكىنى ئاساس قىلغان مەزمۇنلار زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

**14. «ئىرق بىتىگ» نىڭ ئەدەبىي قىممىتى ۋە ئىلمىي قىممىتىنى ئېيتىپ بېرىڭ؟**

جاۋاب: «ئىرق بىتىگ» پال كىتابى، چۈش تەبىرى بولسىمۇ،

ئۇنى تەپسىلىي كۆزەتكەندە شېئىرىي مىسرالار بىلەن تۇزۇلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا «ئىرق بىتىگ»نى ئۆز مەزمۇنىنى شېئىرىي يول بىلەن بايان قىلغان شېئىرىي ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ.

«ئىرق بىتىگ» ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن تۈركىي خەلقلەرنىڭ شامانىزمدىن بۇرۇنقى ياكى شامانىزم، مانى دىنى دەۋرلىرىدىكى دىنىي ئېتىقاد شەكىللىرىنى تەتقىق قىلىشتا مول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقى جەھەتتە قىممەتلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇنقى ئادەتتىكى تۇرمۇشى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەپ، شۇ جەھەتتىكى نەزەر دائىرىنى كېڭەيتىشكە ياردىمى بولىدىغانلىقى بىلەنمۇ قەدىرلىك.

# V باب قوجو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت

**1. قوجو ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى نېمىلەردىن ئىبارەت؟**

جاۋاب: شېئىرلاردا دىنىي كۆزقاراش ۋە رېئال تۇرمۇش ئىپادىلەنگەن. رېئال تۇرمۇش تەسۋىرلەنگەن شېئىرلاردا ئەينى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قاراشلىرى، بىلىم قارىشى، مۇھەببەت قارىشى، پەزىلەتلىك كىشىلەردىن ئۆگىنىش ۋە ئۇلارنى ھۆرمەتلەش، دوستلۇق ھەققىدىكى تەشەببۇسلار، ئاياللارنى قەدىرلەش، سۆز ـ نۇتۇقنىڭ توغرا بولۇشى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك توغرىسىدىكى ئىدىيىلەر ئىپادىلىنىدۇ.

دىنىي مەزمۇندىكى ئەسەرلەر ئاساسەن بۇددا دىنى ئەقىدىلىرىنى، دىن پېشۋالىرىنى مەدھىيىلەش، غايىۋى مەنزىلگە ئىنتىلىش، شۇنداقلا تەركىدۇنياچىلىقنى، كەلگۈسى دۇنيانى تەرىپلەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن، بۇ ئەسەرلەرنى نوقۇل دىنىي مەزمۇندىكى ئەسەرلەر دېيىشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭدا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ جۇغراپىيىۋى شارائىتى، ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە تۇرمۇشى ئىنكاس قىلىنغان.

بەدىئىي ئالاھىدىلىكى: (1) ئىجتىمائىي تۇرمۇش چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەنگەن؛ (2) ئىلغار ئىدىيىۋى مەزمۇنغا ئىگە؛ (3) مۇكەممەل قۇرۇلما ۋە كۆپ خىل شەكىلگە ئىگە؛ (4) تىلنى ماھىرلىق بىلەن قوللىنىپ، ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەردىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان. قوجو ئۇيغۇر شېئىرلىرى توت قاپىيىدە يېزىلغان.

**2. «ئىدىقۇت قوجو خانلىقى تۆھپە مەڭگۇ تېشى» توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىز؟**

جاۋاب: بۇ بىر تارىخىي داستان. ئۇنىڭدا قوجو ئىدىقۇتلىرىنىڭ

خاقانلىرىدىن بارچۇق ئارت تېگىن خاندىن تارتىپ تايپىنو خانغىچە بولغان بىرقانچە خانلارنىڭ شەجەرىسى خاتىرىلەنگەن. بۇ مەڭگۈ تاش 1334 ـ يىلى ئورنىتىلغان. ئۇنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمىدا 61 كۇپلېت، ھەر كۇپلېتتا تۆت مىسرادىن جەمئىي 257 مىسرا شېئىر بولۇپ، ئاساسەن باش قاپىيىدە يېزىلغان. ئاپتورى كى كى قۇرسا ئىچىقۇ دېگەن كىشىدۇر. تېكىست مەزمۇنى قۇجۇ دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، جۈملىدىن شېئىرىيىتىنى، تىلىنى، تارىخىنى ئۆگىنىشتە قىممەتلىك ماتېرىيالدۇر.

### 3. قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى نەسرىي ئەسەرلەر قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟

جاۋاب: بۇ دەۋردىكى نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى تەرجىمە ئەسەرلەر تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇددا دىنىغا، مانى ۋە خرىستىئان دىنىغا ئائىت ئەسەرلەر، شۇنداقلا خەت ـ چەك ۋە ھۆججەت نۇسخىلىرى بار. تەرجىمە ئەسەرلەر نوقۇل تەرجىمە خاراكتېرى بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئىجادىي تەرجىمە ئاساس قىلىنغان، ھۆججەتلەر قويۇق رېئالىزملىق خۇسۇسىيەت بىلەن سۇغىرىلغان.

### 4. سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ ۋە «ئالتۇن يارۇق» توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىز؟

جاۋاب: سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ — قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق تەرجىمان ۋە ئەدىب بولۇپ، بەشبالىق (جىمسار) دا تۇغۇلغان، قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن. ئۇنىڭ «ئالتۇن يارۇق»، «شۈەنجاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «سەككىز يۈگمەك» قاتارلىق تەرجىمە ئەسەرلىرى بار.

«ئالتۇن يارۇق» نىڭ 10 ۋاراقلىق بىر نۇسخىسى، 397 ۋاراقلىق بىر نۇسخىسى بار. بۇ ئەسەر خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇددا ئەقىدىسىنى تەشۋىق قىلىدىغان ھېكايىلار، قىسسىلەر سۆزلەنگەن.

**5. «چىستانى ئىلىگ بەگ» ۋە «ئىككى تېگىن» ھېكايىسى قانداق ئەسەر؟**

جاۋاب: «چىستانى ئىلىگ بەگ» ھېكايىسىنىڭ مەزمۇنى بۇددىزم ئەقىدىلىرى بىلەن ئالاقىدار بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى ۋەقەلەر رېئال ئىجتىمائىي ھادىسىلەر بىلەن ئورتاقلىقتا ئىگە قىلىنغان، باش قەھرىمان «چىستانى ئىلىگ بەگ» خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆز بېشىغا چۈشكەن دەھشەتلىك بالايى ـ قازا ۋە كېسەللىك ئاپەتلىرىنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاپ، كېسەللىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىستىكىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ ئەسەردە ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادىللىق، ئالىيجانابلىق، ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن ئىش قىلىش، باتۇرلۇق ۋە ئۈمىدۋار بولۇش روھى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى»: دا ئاق نىيەت تېگىن بىلەن قارانىيەت تېگىن ئەمەلىي پائالىيەت ئارقىلىق ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلۇپ، بۇددا دىنى ئەقىدىلىرى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. ھېكايە ئەدەبىي قىممىتى جەھەتتە خېلى يۈكسەك بولۇپ، ئۇنىڭدا تۇرلۇك ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر ناھايىتى جانلىق قوللىنىلىپ، پېرسوناژلارنىڭ سېلىشتۇرما قىياپىتى روشەنلەشتۈرۈلگەن.

**6. خەت ـ چەك، ھۆججەت ئەدەبىياتى دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: خەت ـ چەك، ھۆججەت يېزىقچىلىقى ئەدەبىياتىنىڭ بىر خىل شەكلى. ئۇ، نەسرىي ئەسەرلەر تۈرىگە تەئەللۇق. بۇنىڭغا قاراپ ئۇلارنى خەت ـ چەك، ھۆججەت ئەدەبىياتى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

قۇجۇ خانلىقىدا خەت ـ چەك، ھۆججەت ئەدەبىياتى بەلگىلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، شۇ دەۋرگە ئائىت خەت ـ چەك، ھۆججەتلەردىن زامانىمىزغا 400 پارچىدىن ئارتۇقى يېتىپ كەلگەن. بۇلارنى ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ھۆججەت، خەت ـ چەك، پەرمان ـ يارلىقلار دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

**7. ئاريا چانتىرى، پېرتانراكشىت كىملەر؟**

جاۋاب: ئاريا چانتىرى قەدىمكى ئاگنى بەگلىكىدە ئۆتكەن بۇددا

ئۆلىماسى، تەرجىمان ۋە دراماتورگ. ئۇ، قەدىمكى ئاگنى (قارا شەھەر) دە قوللىنىلغان توخرى تىل ـ يېزىقىنى ۋە ئەنەتكەك (سانسكرت ـ ھىندى) تىل ـ يېزىقىنى، شۇنداقلا بۇددىزم نوم ـ سۇترىلىرىنى ۋە ئەدەبىياتىنى پىششىق بىلەتتى. ئارىيا چانتىرى شىنجاڭنىڭ قەدىمكى تەقلىدىي ئەدەبىياتى ۋە دراماتورگىيىسىنىڭ تەرەققىياتىغا كاتتا تۆھپە كۆرسەتكەن، «مايترى سىمىت» دراممىسىنى ئەنەتكەك تىلىدىكى نۇسخىسىغا ئاساسەن تەقلىدىي ھالدا ئىشلەپ چىققان.

پىرتانراكشىت قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر تەرجىمان، ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى پىرتانراكشىت كىراما ۋاژىك بولۇپ، Ⅷ، Ⅸ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا تۇرپاندا پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە توخرى تىلىنى ناھايىتى پىششىق ئىگىلىگەن ئەدىب بولۇپ، ئۇيغۇر تەرجىمە ئەدەبىياتىغا زور ھەسسە قوشقان.

## 8. «مايترى سىمىت» نى نېمە ئۈچۈن دراما ئەسىرى دەپ ئاتايمىز؟

جاۋاب: «مايترى سىمىت» قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان 27 پەردىلىك يىرىك سەھنە ئەسىرى، ئۇ، بۇددا دىنىنىڭ ھىنايانا مەزھىپىگە ئائىت ئەسەر بولۇپ، ئارىيا چانتىرى بۇ ئەسەرنىڭ سانسكرتچە نۇسخىسىغا ئاساسەن توخرىچە نۇسخىسىنى ئىشلەپ چىققان. توخرىچە نۇسخىلارنىڭ بىرىدە ئەسەرنىڭ نامى «مايترىيا سامتتى ناتاكا» دېيىلگەن. «ناتاكا» قەدىمكى سانسكرتچە دراما دېگەنلىك بولىدۇ. توخرىچە نۇسخىلاردا يەنە ۋەقەلىك ئورنى، پېرسوناژلار ۋە تەڭكەش قىلىنىدىغان كۈيلەر ئېنىق كۆرسىتىلگەن. دېمەك، ئەسەرنىڭ توخرىچە نۇسخىسىنىڭ سەھنە ئەسىرى ئىكەنلىكى ئېنىق.

## 9. «مايترى سىمىت» نىڭ ئىشلىنىش جەريانى ۋە قىسقىچە مەزمۇنى قانداق؟

جاۋاب: «مايترى سىمىت» نى ئارىيا چانتىرى سانسكرتچە

نۇسخىسىغا ئاساسەن توخرىچە تەرجىمىسىنى ئىشلەپ چىققان، كېيىن پېرتانراكشىت توخرىچە نۇسخىسىغا ئاساسەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى نۇسخىسىنى ئىجاد قىلغان. يېقىندا ئىسرائىل يۇسۇپ، ئابدۇقەييۇم خوجا، دولقۇن قەمبىرى قاتارلىقلار هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسىنى ئىجاد قىلدى.

درامىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق: دراما سەككىز ياشلىق مايتىرىنىڭ ئۇستازى بارادى براهمانىنىڭ چۈشىدە ۋايشىراۋانا دەپ ئاتىلىدىغان ئىلاهلار بىلەن سۆهبەت قىلىشىپ، ماگاتا (هازىرقى نىپالدا) دۆلىتىدىكى باراناس تېغىدا ساكيامۇنىنىڭ بۇددا بولغانلىقىنى ئىل ـ پال كۆرۈپ قالغاندىن كېيىن، ئۆزى بەك قېرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن مايتىرىنى 16 شاگىرتى بىلەن بۇددانىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەنلىكىدىن باشلىنىدۇ. قالغان كۆرۈنۈشلەردە يول يۈرۈش، كۆرۈشۈش جەريانى ۋە بۇ توغرۇلۇق ئاسماندا پەيدا بولغان تۈرلۈك تەنتەنىلەر، سۆهبەتلەر ۋە باشقا ۋەقەلەر تەسۋىرلىنىدۇ.

# VI باب قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت

**1. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى نېمىلەردىن ئىبارەت؟**

جاۋاب: قاراخانىيلار ئۇيغۇرلار قۇرغان سۇلالە بولۇپ، 840 - يىلدىن 1212 - يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن. بۇ دەۋردە ئەدەبىيات، جۈملىدىن مەدەنىيەت مىسلىسىز دەرىجىدە گۈللەنگەن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، يازما ئەدەبىيات، بىناكارلىق ۋە باشقا ساھەلەردە ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغان يېڭىچە ئۇسلۇب بارلىققا كېلىپ، خەلقنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى ئۆزلۈكىدىن ئۆسكەن، شەھەر قايتىدىن گۈللىنىپ، يېڭىچە ئالاھىدىلىك بىلەن بېزەلگەن. بۇ دەۋردە ئىلگىرىكى بۇددا ۋە باشقا دىنلارنىڭ تەسىرى تازىلىنىپ، ئىسلام تۈسىنى ئالغان مىللىي مەدەنىيەت بارلىققا كەلگەن. بۇ ھال مەدەنىيەتنىڭ كۆپ قاتلام ۋە كۆپخىل شەكىلدە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ئەرەب ۋە پارس تىللىرى بىلەن تەڭ خاقانىيە تىلى ئۆز قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ، نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي ئەسەر، تارىخ قاتارلىقلار پۈتۈلگەن.

**2. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئاپتورلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى قايسىلار؟**

جاۋاب: قاراخانىيلار دەۋرىدە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «تۈركىي تىللار سىنتاكسىسىنىڭ جەۋھەرلىرى»، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»، ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» داستانى، ئەبۇ ناسىر فارابى قاتارلىقلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ئەسەرلىرى بارلىققا كەلگەن. ئۇلاردىن ئىلگىرى چۇچۇ، تۈركىي كىشى ئەيلاقى دېگەن شائىرلار ئۆتكەن. لېكىن بۇ ئىككىيلەننىڭ ئەسەرلىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن.

ئابدۇغاپپار بىننى ھۇسەيىن كاشغەرى قەشقەرلىق بولۇپ، ئۇنىڭ «تارىخىي كاشغەر»، «ئۇستازلارنىڭ توپلانغان جايى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. «تارىخىي كاشغەر» دە قاراخانىيلارنىڭ دەسلەپكى ئەھۋالىغا دائىر رىۋايەتلەر بار.

مەجدىدىن بىننى ئەدنامى «تۈركىستان ۋە چىن تارىخى» ناملىق ئەسەرنى يازغان. بۇ ئەسەردە قاراخانىيلار خانلىرىنىڭ نەسەبى ۋە مەشھۇر شەخسلەر تونۇشتۇرۇلغان.

ئەبۇ رەيھان بىرۇنى «بۇرۇنقىلاردىن قالغان ئىزلار ۋە بىزگە يەتكەن سۆزلەر» ناملىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلىملىرى ئىنسكلوپېدىيىسىنى يازغان. «ھىندىستان»، «مەسئۇد جەدۋەللىرى» قاتارلىق 150 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەرنى قالدۇرغان.

## 3. فارابىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى قانداق بولغان؟

جاۋاب: فارابى 870 ـ يىلى بالاساغۇنغا قاراشلىق فاراب شەھىرىدە تۇغۇلغان، 950 ـ يىلى سۈرىيەنىڭ دەمەشق شەھىرىدە ۋاپات بولغان؛ باللىق ۋاقىتلىرىنى ئۆز يۇرتىدا ئۆتكۈزگەن فارابى قارلۇق ئۇيغۇر يېزىقى ۋە مۇزىكىسىنى ئۆگەنگەن. كېيىنچە تاجىك ـ پارس تىلىنى ئۆگەنگەن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چېغىدا گرامماتىكا، ئىستىلىستىكا، ئەخلاق، ماتېماتىكا، مۇزىكا، فىزىكا، ئاسترونومىيە پەنلىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن؛ 30 يېشىدا باغداتقا بېرىپ ئەرەب تىلىنى ئۆگەنگەن. مەشھۇر خرىستىئان ئالىمى ئەبۇبەشەر مەتتە ئىبنى يۇنۇستىن گرېك تىلى، لوگىكا، تېبابەتچىلىك پەنلىرىنى ئۆگەنگەن. فارابى باغداتتىن ھەرران شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ، ئۇ يەردە خرىستىئان ئالىمى يۇھەننا بىننى ھەيلاندىن لوگىكا، ئارستوتىل پەلسەپىسى، ماتېماتىكا، پىفاگور مۇزىكىسىغا ئائىت بىلىملەرنى ئۆگەنگەن. ئۇ، 926 ـ يىللىرى ھەرراندىن باغداتقا كەلگەن، بۇ يەردە ئىلمىي لېكسىيىلەرنى سۆزلەپ، ياخشى ئەسەرلەرنى يازغان، دەمەشقتە 10 يىل تۇرۇپ قالغان، 950 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ۋاپات بولغان.

4. فارابىنىڭ شېئىرلىرى توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىز؟

جاۋاب: فارابى ئۆز زامانىسىنىڭ مۇتەپەككۇرى ۋە شائىرى. ئۇنىڭ زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن شېئىرلىرى ئۆز ئىدىيىسىنى شېئىرىي شەكىلدە ئىپادىلەشتىكى ماھارىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ شېئىرلار يۇكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك خاھىشلىرى بىلەن سۇغىرىلغان، شائىرنىڭ ۋەتىنىگە بولغان مۇھەببەت ۋە سېغىنىشى، ئىلىم ـ پەنگە بولغان تەشنالىقى، ئالەم توغرىسىدىكى قاراشلىرى ئۆزىگە خاس چۈشەنچە ئاساسىدا ئىپادىلەنگەن؛ ئۇنىڭدىن باشقا، زامانىنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىگە بولغان نارازىلىق، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ بەختى ۋە تەقدىرىنى ئويلاشتەك ئىلغار ئىدىيە، ئالەم توغرىسىدىكى ئىلمىي قاراشلىرى، ئالەمنىڭ سىرلىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى ئىلمىي رەۋىشتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

5. فارابى شېئىرىيەتتە ۋەزىن، قاپىيە ۋە تىل توغرىسىدا قانداق پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان؟

جاۋاب: فارابى شېئىرىيەتتە ۋەزىن مەسىلىسىنى شېئىرىيەتتىكى ئاساسىي قانۇنىيەتلەرنىڭ بىرى دەپ قارىغان. شۇڭا ئۇ «شېئىرىيەتتە رىئايە قىلىنىدىغان قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ ئەڭ كىچىكى ۋەزىن مەسىلىسىدۇر» دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ، قاپىيەنى شېئىرىيەتتىكى مۇھىم گۈزەللىك كاتېگورىيىسى قاتارىدا تىلغا ئېلىپ: «شېئىرىي سۆز ـ جۈملىلەردە شېئىرنىڭ ئاخىرىدا ئىشلىتىلىدىغان سۆز بۆلەكلىرىنىڭ باراۋەر تۈگەللىنىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ بىر خىل تاۋۇشلۇق سۆزدىن ياكى بىر ۋاقىتتا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ئىككى سۆزدىن تەشكىل قىلىنىشى لازىم» دەيدۇ. يەنە تىل مەسىلىسىدە ئالاھىدە توختىلىپ، شېئىرىي تىل تەتقىقاتشۇناسلىق تىلىدىن پەرقلىنىشى لازىم، دەپ كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇ شائىرنىڭ ئۆز ئەسىرىدە خىتابى، ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىبارە ۋە مۇلاھىزىلەر يۇرگۈزۈشىنى «شائىرنىڭ شېئىرىي يولدىن چېكىنىپ، خىتابى يولغا مايىل بولغانلىقى» دەپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

## 6. يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىم؟

جاۋاب: يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى، شائىرى ۋە دۆلەت ئەربابى بولۇپ، قاراخانىيلارغا قاراشلىق بالاساغۇن شەھىرىدە تەخمىنەن 1019 ـ يىلى تۇغۇلغان، يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەخمىنەن 1069 ـ 1070 ـ يىللىرى (50 ياشقا كىرگەندە) زور ئۈمىد بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى يېزىپ پۈتكۈزگەن ۋە 1074 ـ يىللىرى ئەتراپىدا شۇ دەۋرنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى ئەبۇ ئەلى ھەسەنگە تەقدىم قىلغان. ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئاپتورنىڭ بۇ كىتابىدىكى مەزمۇنلارنىڭ شۆھرىتىگە مۇناسىپ ھالدا ئاپتورغا «خاس ھاجىپ» لىق مەرتىۋىسىنى بەرگەن. شۇندىن باشلاپ شائىر قاراخانىيلار ئوردا ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، تەخمىنەن 1085 ـ يىللىرى قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتكەن.

## 7. «قۇتادغۇ بىلىك» قانداق ئەسەر، ئۇنىڭ قانچە خىل نۇسخىسى بار؟

جاۋاب: داستاننىڭ ئەسلىي قول يازمىسى تېخى تېپىلغىنى يوق. ھازىر ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغىنى ئۆز زامانىسىدىن خېلى كېيىن كۆچۈرۈلگەن ۋېينا، قاھىرە، پەرغانە (نەمەنگان) نۇسخىلىرىدىن ئىبارەت.

ۋېينا نۇسخىسى 1439 ـ يىلى ھىرات شەھىرىدە ھەسەن قارا سايىل شەمس دېگەن كىشى تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلۈپ، 1470 ـ يىلى ئىستانبۇلغا كەلتۈرۈلگەن، كېيىن ئاۋستىرىيىلىك شەرقشۇناس ھامېر پورگىشتال بۇ نۇسخىنى ۋېينا ئوردا كۇتۇپخانىسىغا كەلتۈرگەن. بۇ نۇسخا ھىرات شەھىرىدە كۆچۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن ھىرات نۇسخىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

قاھىرە نۇسخىسى ئەرەب ھەرپى ئاساس قىلىنغان ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، قاھىرەدىكى ھىدىۋ (ھازىرقى قىرال) كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. بۇ نۇسخىنى 1896 ـ يىلى نېمىس ئالىمى مورتىز تۇنجى قېتىم ئاشكارىلىغان.

پەرغانە نۇسخىسى ئەرەب ھەرپى ئاساس قىلىنغان ئۇيغۇر يېزىقىدا

كۆچۈرۈلگەن. بۇ ھەممىدىن تولۇق نۇسخا بولۇپ، تۇنجى قېتىم تاتار ئالىمى ئەھمەد زەكى ۋەلىدى پەرغانىنىڭ نەمەنگان شەھىرىدە مۇھەممەد ھاجى ئىشان لالەرىش دېگەن كىشىنىڭ شەخسىي كۇتۇپخانىسىدا كۆرگەن ۋە بۇ ھەقتە خەۋەر ئېلان قىلغان.

داستان ئايرىم تۆتلىكلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا مەسنەۋى (ئىككىلىك) شەكلىدە ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتاقارىپ بەھرىدە يېزىلغان، ھەجىم جەھەتتىن 85 باب، 6645 بېيىت، 13290 مىسرادىن تەشكىل تاپقان چوڭ ھەجىملىك داستاندۇر.

**8. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى چۈشەندۈرۈڭ؟**

جاۋاب: تۈرلۈك ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلى 1032 ـ يىلى ماۋەرائۇننەھىردە تۈرۈشلۈق غەرب ۋالىيسى ئەلى تېگىننىڭ ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلىشى تۈپەيلى قاراخانىيلار سۇلالىسى غەربىي قارا خانىيلار سۇلالىسى ۋە شەرقىي قارا خانىيلار سۇلالىسى دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. كېيىنكى مەزگىللەردە قاراخانىيلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا داۋالغۇش بولۇپ، دۆلەت نورمال تەرتىپ ۋە قانۇن ئىزىدىن چەتلىدى، ئىدراكنىڭ ئورنىنى ئەسەبىيلىك، قانۇننىڭ ئورنىنى قارامىلىق ئىگىلىدى. مۇنداق دەۋر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدىيىسىگە بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر قىلماي قالمىدى، شۇڭا ئاپتور دەۋر رېئاللىقىنى قانداق ئۆزلەش، ھاكىمىيەتنى قانداق باشقۇرۇش، ئەمەلدارلاردىكى پەزىلەتنىڭ قانداق بولۇشى ھەققىدە كۆپ قېتىم ئويلىنىپ، ئاخىرى بۇ ئەسىرنى يېزىپ چىقتى. دېمەك، «قۇتادغۇ بىلىك» قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغان مەدەنىيىتى، شۇنداقلا بىر مەزگىللىك جىددىي داۋالغۇشىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئاپتور داستانىدا قاراخانىيلار دەۋرىدىكى دۆلەتنىڭ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھەسىگە قەدەر توختىلىپ، ئادەمنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى بىلىم ـ ئەقىل، ئادالەت، دۆلەت، قانۇن دېگەن تۆت ئاساسىي ئامىلغا ئايرىپ، ئۇلارنىڭ تىپىك مىسالى سۈپىتىدە بىلىم ـ ئەقىلنى ئۆگدۈلمىشكە، ئادالەتنى كۈنتۇغدىغا،

دۆلەتنى ئايتولدىغا، قانائەتنى ئودغۇرمىشقا سىمۋول قىلىپ، دىمەكچى بولغان پىكىرنى ئەدەبىي يول بىلەن جانلىق سۇرەتلەپ بەرگەن.

## 9. «قۇتادغۇ بىلىگ» تىكى پېرسوناژلار ئوبرازىنى سۇرەتلەپ بېرىڭ؟

جاۋاب: داستاندا توققۇز پېرسوناژ پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ: كۈنتۇغدى — قانۇن ـ ئادالەتنىڭ سىمۋولى، ئايتولدى — بەخت ـ سائادەتنىڭ سىمۋولى، ئۆگدۈلمىش — ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ سىمۋولى، ئودغۇرمىش — قانائەت ۋە ئاقىۋەتنىڭ سىمۋولى. قالغانلىرى: پايتەختتە مۇساپىر ئايتولدى بىرىنچى بولۇپ تونۇشقان ئاددىي پۇقرا — كۈسەمىش؛ ئايتولدىنىڭ پايتەختكە كەلگەنلىكىنى كۈنتۇغدىغا تونۇشتۇرغۇچى تۇز كۆڭۈل ئادەم — ئوردا ھاجىپى؛ ئودغۇرمىشنىڭ مۈرتى، خىزمەتچى بوۋاي قۇمارو ئات باقار يىگىت؛ ئاددىي خىزمەتچى — ياش ئوغلان قاتارلىقلار. بۇلاردىن ئالدىنقى تۆت پېرسوناژ ئەسەردە ئاساسلىق رول ئوينايدۇ.

1) كۈنتۇغدى — ئەسەردىكى باش قەھرىمان، ئاپتور ئەدەبىي يول بىلەن تەسۋىرلىگەن غايىۋى دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانى، دانا، ئەقىللىق، ئادىل خاقاننىڭ سىمۋولى، ئەلنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆمرىنى دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئاسايىشلىقى ئۈچۈن بېغىشلىغان خالىس نىيەت شەخس.

2) ئايتولدى — ئەسەردە بەخت ـ سائادەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن، ئاپتور تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ياراتقان غايىۋى دۆلەتنىڭ ۋەزىرى. ئۇ، ئەسەردە ئىككى خىل خۇسۇسىيەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ: بىرىنچىسى، غايىۋى دۆلەتنىڭ ئادىل ھۆكۈمرانىنىڭ سادىق ياردەمچىسى؛ ئىككىنچىسى، بەخت ـ سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈپ تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ تەدبىرىنى بىلگۈچى دانىشمەن.

3) ئۆگدۈلمىش — ئەلنى باشقۇرۇش ئۈچۈن تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەرنى كۆرسەتكۈچى ئاقىل، بەختنى قولغا كەلتۈرۈشلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى، ئۆزگىرىشچان بەخت ـ سائادەتنى مۇقىم، چىڭ تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئالىيجاناپ ئەخلاق ـ پەزىلەت ئىگىسى

بولۇش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەن غايىۋى قەھرىمان.

4) ئودغۇرمىش — ئەسەردە قانائەت ۋە ئاقىۋەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن، ئاپتور تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن ياراتقان ئادالەتلىك غايىۋى دۆلەتتىكى بىر غاردا ئىستىقامەت قىلىدىغان زاھىت، مۇرەككەپ يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازدۇر.

**10. قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى «قۇتادغۇ بىلىك» تە قانداق ئەكس ئەتكەن؟**

جاۋاب: بۇنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

1) «قۇتادغۇ بىلىك» ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتە قەدىمكى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىگە، يەنى خەلقپەرۋەرلىك، خەلق ئۇچۇن ئەزىز جېنىدىن ۋاز كېچىش، قەھرىمانلىق، قەھرىمان شەخسلەرنى مەدھىيىلەش، ئۇلاردىن پەخىرلىنىش، شەخسىيەتسىزلىك، پۇتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن خەلق مەنپەئىتىنى ئويلاپ ئۇنى نىجادلىققا ئېرىشتۇرۇش، بىلىم ۋە ھۈنەرلىك بولۇش، تەبىئەت بىلەن ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ بىردەكلىكى قاتارلىقلارغا ۋارىسلىق قىلغان.

2) «قۇتادغۇ بىلىك» بەدىئىي شەكىل جەھەتتىن قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىي شەكىللىرىگە ۋارىسلىق قىلغان. مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىردەكلىكىدە، رېئالىزم بىلەن رومانتىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنى بىرلەشتۈرۈشتە، تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشتە، بەدىئىي تىل ۋە جانلىق خەلق تىلىنى ئۇنۇملۇك قوللىنىشتا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان.

**11. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ دۇنياۋى قىممىتى قانداق؟**

جاۋاب: «قۇتادغۇ بىلىك» دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە. ئۇ ئەينى زامان شەرق ۋە غەرب يازما يادىكارلىقلىرى ئىچىدە بىر پۈتۈن دەۋرنىڭ نادىر دەستۇرى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ مەھەللىي تارىخىي قىممىتىدىن ھالقىپ، شەرق مەدەنىيىتىدە نوپۇزلۇق قامۇس بولۇپ قالغان. «قۇتادغۇ بىلىك» مەيدانغا كەلگەندە

ياۋروپادا بىرقىسىم دۆلەتلەر فېئوداللىق دۆلەتكە قەدەم قويغان، مىللىي دۆلەتلەر تېخى شەكىللىنىپ چىقمىغان ۋاقىت ئىدى. رۇسلارنىڭ «ئىگور» داستانى بۇ ئەسەردىن 100 يىل كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان. جۇڭگودىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ «قۇتادغۇ بىلىك» يېزىلغان دەۋردە تېخى ئېغىز ئەدەبىياتى باسقۇچىدا ئىدى. گەرچە قەدىمكى زامان مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي، پەلسەپىۋى كۆز قاراشلىرىنى سوئال - جاۋاب ياكى دىئالوگ ۋاسىتىسى ئارقىلىق بايان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەر بىر ئۇقۇملار گورۇپپىسى ئۈچۈن بىر شەخسنىڭ نامىنى سىمۋول قىلىپ ئىپادىلەپ، ئىلمىي، مەنتەقىي باغلىنىشلارنى زىددىيەتلەر ئاساسىدا ھەل قىلىشتەك يۇقىرى ماھارەتنى ياراتقان.

## 12. «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئۈچ چوڭ مۇناسىۋەت قايسىلار؟

جاۋاب: (1) ئىلىمنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى، كىشىلەرنىڭ بەخت - سائادىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى. (2) قانۇننى ئادىللىق بىلەن ئىجرا قىلىش، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش مۇناسىۋىتى. (3) خان، پادىشاھ، بەگلەردە ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ بولۇش - بولماسلىقىنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق ئۆلچەملىرى ۋە دۆلەت قانۇنىنىڭ توغرا ئىجرا قىلىنىشى ياكى بۇزۇلۇشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى.

## 13. مەھمۇد قەشقەرى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىز؟

جاۋاب: مەھمۇد قەشقەرى ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ تىلشۇناسى، تۈركشۇناسى، مىللەتشۇناسى، مۇتەپەككۇرى، پەيلاسوپى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتچىسى. ئۇ، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسى ئازىق كەنتىدە قاراخانىيلار خان جەمەتىگە مەنسۇپ ئائىلىدە تۇغۇلغان، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەلۇماتلارنى قەشقەردە ئالغان، كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى

بۇخارا، سەمەرقەند، مەرۋى، نىشاپۇر قاتارلىق شەھەرلەردە بىلىم ئاشۇرغان، ئەرەب، پارس تىللىرىنى ۋە زامانىسىدا ئادەتكە ئايلانغان ھەربىي ئىلىملەرنى پۇختا ئىگىلىگەن. ئالىم تەخمىنەن 1058 ـ يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيانى تولۇق كېزىپ چىقىپ، ئۆزى يازماقچى بولغان ئەسەر ئۈچۈن 15 يىل سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ ماتېرىيال توپلىغان، 1074 ـ يىلى كىتابنى پۈتكۈزۈپ، ئىككى يىل قايتا تەكشۈرۈپ بېكىتكەندىن كېيىن 1076 ـ يىلى ئاباسىيلار خەلىپىسىنىڭ 27 ـ ۋارىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا بىننى مۇھەممەدىل مۇقتەدى ئەمرۇللا ھەزرەتلىرىگە تەقدىم قىلغان. مەھمۇد قەشقەرى 1080 ـ يىللىرى ئەتراپىدا قەشقەرگە قايتىپ، ئوپالدا بىرمەزگىل مۇدەررىسلىك قىلغان. ئۇنىڭ يەنە «تۈركىي تىللار سىنتاكسىس جەۋھەرلىرى» ناملىق بىر ئەسىرىنىڭ بارلىقى مەلۇم، لېكىن بۇ ئەسەر زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

XI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەرەب ئىمپېرىيىسىدە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مەركىزى باغدادتا تۈركلەرنىڭ نوپۇزى كۈچىيىشكە باشلىغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن تۈرك تىلى بىلەن ئەرەب تىلى خۇددى بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتتەك ھالەتنى شەكىللەندۈردى. مەھمۇد قەشقەرى «ئەرەبلەرنىڭ ئۆز دەردىنى ئېيتىش ۋە تۈركلەرگە يېقىش ئۈچۈن ئۇلارغا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىشتىن ياخشىراق يول يوق» ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ كىتابنى يېزىشتا، ئەرەب تىلى بىلەن تۈركىي تىلنىڭ بىر بىرىدىن قېلىشقۇچىلىكى يوقلۇقىنى ئىسپاتلاش؛ ئەرەبلەرنىڭ تۈرك تىلىغا بولغان ئېھتىياجىنى تەمىن ئېتىش؛ پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئەدەبىي يادىكارلىق بولۇپ قېلىش قاتارلىق مەقسەتلەرنى كۆزدە تۇتقان.

«دىۋان» دا تەخمىنەن 7500 دىن ئارتۇق سۆزلۈك، 242 كۇپلېتتىن ئارتۇق شېئىر ـ قوشاق، 200 پارچىغا يېقىن ماقال ـ تەمسىل ۋە بىرقىسىم ئەپسانە، رىۋايەت، قىسسىلەر بار. ئاپتور ئەسەرنى ئەرەب تىلى بىلەن يازغان.

### 14. «دىۋان» دىكى ئەدەبىي پارچىلارنىڭ بەدىئىي

**ئالاھىدىلىكى قانداق؟**

جاۋاب: 1) «دىۋان» دىكى ئەدەبىي پارچىلارنىڭ ھەممىسى ئىلغار مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

2) «دىۋان» دىكى ئەدەبىي پارچىلار ئۆزىگە خاس قۇرۇلمىغا ئىگە. ئۇنىڭدىكى رىۋايەتلەر ھەجىم جەھەتتىن قىسقا، يىغىنچاق، بەلگىلىك مەنتەقە تەرتىپى بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇنىڭدىكى شېئىرلار قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىر شەكىللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرنەكلىرى بولۇپ، ۋەزىن، قاپىيە ئىزچىللىقىغا ئىگە.

3) «دىۋان» دىكى ئەدەبىي پارچىلارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى جەھەتتە شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇنىڭدا قەدىمكى خەلق تىلى ئاساس قىلىنغان بولۇپ، ئوبرازلىق سۆزلەر ۋە ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر جانلىق قوللىنىلغان. بۇ ھال قەدىمكى شېئىرلارنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**15. ئەھمەد مەھمۇد يۈكنەكى كىم؟**

جاۋاب: ئەھمەد مەھمۇد يۈكنەكى قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە قاراخانىيلارغا تەۋە يۈكنەك شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» دېگەن داستانغا ئىملاۋە يازغان. نامەلۇم كىشىنىڭ بايانىچە ئۇ تۇغما ئەما كىشى ئىكەن، شۇنداق بولسىمۇ زامانىسىنىڭ يېتۈك ئەدىبى بولۇپ يېتىشىپ چىققان.

**16. «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» قاچان يېزىلغان؟ قانداق ئەسەر؟ ئىدىيىۋى مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟**

جاۋاب: بۇ ئەسەر قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يېزىلغان، پەندى ـ نەسىھەت خاراكتېرىدىكى داستان بولۇپ، شائىر ئەسەردە ئىلىم ـ مەرىپەتكە، بىلىم ئېلىش ئۈچۈن تىرىشقان كىشىلەرگە، مەردلىك، كۆيۈمچانلىق، ئادالەتلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، سېخىيلىق، كەڭ قوللۇق قاتارلىق ئىنسانىي خىسلەتلەرگە قىزغىن مەدھىيە ئوقۇيدۇ؛ بىلىمسىزلىك، يالغانچىلىق، قاباھەتلىك، تەكەببۇرلۇق، ئاچ كۆزلۈك، خەسىسلىك

قاتارلىق ئىللەتلەرنى قاتتىق قامچىلايدۇ؛ كىشىلەرنى ئەخلاقلىق، بىلىملىك ۋە ئىنسانىي سۈپەتتە ياشاشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئەسەر جەمئىي 14 باب، 484 مىسرادىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭغا كېيىن باشقىلار تەرىپىدىن قوشۇمچە قىلىنغان ئۈچ پارچە شېئىرنى قوشقاندا 512 مىسرا بولىدۇ. داستان ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىپ بەھرىدە يېزىلغان.

## 17. ئەھمەد يەسەۋىنىڭ ھايات پائالىيىتىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب: ئەھمەد يەسەۋى — ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىدىكى مۇھىم شەخس. ئۇ، سوپىزمنىڭ روھانىيەتچىل تەركىدۇنياچىلىقىنى تەشەببۇس قىلىدىغان «يەسەۋى جەھرىيە ـ قادىرىيە» ئېقىمىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە ئىران ۋە ئىسلام شەرقىدىكى تەسەۋۋۇپ پىكىر ئېقىمىنىڭ تارىخىدىمۇ كۆرۈنەرلىك ئورۇن تۇتقان.

شائىر قاراخانىيلارغا قاراشلىق يەتتە سۇ ۋىلايىتىنىڭ تۈركىستان يەسسى دېگەن جايىدا دۇنياغا كەلگەن، ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرى سايرام شەھىرىدە ئۆتكەن، كېيىن بۇخاراغا كېلىپ، يۈسۈپ ھەمەدانىنىڭ تەربىيىسىدە بولغان. ئۇستازى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇ ۋارىس بولۇپ داڭق چىقارغان. بۇ جەرياندا يەسۋىچىلىك پىكىر ئېقىمىنى شەكىللەندۈرگەن، كېيىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ ئۆز شۆھرىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگەن. ئۇنىڭ ئىدىيىسى تەركىدۇنياچىلىق نۇقتىسىدىن پاسسىپ بولسىمۇ، رېئال ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلغان، زامانىنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى سۆككەنلىك نۇقتىسىدىن ئىلغارلىققا ئىگە. ئۇنىڭ ھاياتى سىرلىق تېپىشماقلار ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولۇپ، 1005 ـ يىلىدىن 1116 ـ يىللارغىچە 130 يىل ئۆمۈر كۆرگەنلىكى مەلۇم. 63 ياشقا كىرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرمەيمەن دەپ ئوچۇق گۆرگە كىرىۋالغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

## 18. «دىۋانۇ ھېكمەت» قانداق ئەسەر؟

جاۋاب: «دىۋانۇ ھېكمەت» ھەم پەلسەپىۋى، ھەم ئەدەبىي

ئەسەر. شائىر سوپىزملىق پەلسەپۋى كۆزقارىشىنى شېئىرىي يول ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭ بۇ خىل قاراشلىرى «دىۋانۇ ھېكمەت» ناملىق توپلىمىدىكى شېئىرلىرىدا تولۇق ئەكس ئەتكەن.

«دىۋانۇ ھېكمەت» كە ئومۇمىيلىق نۇقتىئىنەزىرى بىلەن قارىغاندا، تەركىدۇنياچىلىق، مۇرەسسەچىلىك تەرغىب قىلىنغان ئەسەر دەپ قارىلىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭدا ئىسلام ئەقىدىلىرى كۈچەپ تەرغىب قىلىنغاندەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئايرىمچە تەھلىل قىلغاندا، رېئال دۇنيانى پەلسەپۋى نۇقتىدىن كۆزىتىپ، زالىملار، زوراۋانلار، پارىخورلار، مال ـ دۇنيا غېمىدە قالغانلار ۋە ھەق ناھەق قارىشى مۇجمەل بولغان قارا كۆڭۈل دىنىي كەسىپ ئەھلىلىرىنى سۆكىدىغان ئاملىلارمۇ بار، بولۇپمۇ ھارامغا ئۆگەنگەن سوپى ـ زاھىتلارنى، پارا ئېلىشقا ئادەتلەنگەن قازى ـ قۇززاتلارنى قاتتىق تەنقىدلەيدۇ، ئىلىمسىز، نادان ئادەملەرنى «مەخلۇق» دەپ تونۇپ، ئۇلاردىن دوزاخمۇ ھەزەر ئەيلەيدۇ دەپ كۆرسىتىدۇ. شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا يەنە دېھقانلار، ھۈنەرۋەنلەر، كەڭ مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىنى كۈيلەيدىغان ياخشى مەزمۇنلارمۇ بار.

## 19. «دىۋانۇ ھېكمەت» نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

جاۋاب: «دىۋانۇ ھېكمەت» شېئىرىي ئەسەر، ئۇنىڭدىكى شېئىرلار كۈچلۈك رىتىمچانلىققا ئىگە. شېئىردا ئىشلىتىلگەن تىل خەلق تىلىغا يېقىن بولۇپ، ئوڭاي ئەستە قالىدۇ، ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇلاردا تۆرلۈك ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر دەل ۋە مۇۋاپىق قوللىنىلغان بولۇپ، مەقسەتنى ئىپادىلەشنىڭ ئۈنۈملۈك قورالى قىلىنغان. ئاپتور رېئالىزم بىلەن رومانتىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى ماسلاشتۇرۇپ قوللىنىپ، شېئىرىي پىكىرنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى، ئوبرازلىرىنىڭ گەۋدىلىك ۋە يارقىن بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغان.

# VII باب چاغاتاي دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت

**1. چاغاتاي ئۇلۇسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دېگىنىمىز قايسى دەۋردىكى ئەدەبىياتنى كۆرسىتىدۇ؟ قانداق مۇئەللىپلەر ئۆتكەن؟**

جاۋاب: چىڭگىزخان باش كۆتۈرۈپ، قول ئاستىدىكى زېمىنلارنى تۆت ئوغلىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن، ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسمى قارام بولغان. بۇ جايلار 1224 ـ يىلىدىن 1309 ـ يىلىغىچە چاغاتاي ئۇلۇسى، 1309 ـ يىلىدىن 1348 ـ يىلىغىچە چاغاتاي خانلىقى دەپ ئاتالغان. مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇيغۇرلار مۇشۇ ئۇلۇس ۋە مۇشۇ خانلىق ئىچىدە ياشاپ، ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات ياراتقان. مانا مۇشۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات چاغاتاي ئەدەبىياتى، بۇ دەۋردە قوللىنىلغان تىل چاغاتاي تىلى دەپ ئاتالغان. بۇ دەۋردە قوللىنىلغان يېزىقمۇ چاغاتاي يېزىقى دەپ ئاتالغان. بۇ دەۋردە يەنە بىر قىسىم ئاپتورلار ئەرەب ۋە پارس تىلىدىمۇ ئەسەرلەرنى يازغان. بۇ دەۋردە ھېسامىدىن ئىبنى ئاسىم ئەل بارچىنلىقى دېگەن ئۈچ تىللىق بىر ئادەم ئۆتكەن. ئىبنى مۇھەممەد قەشقەرى مىسىرغا بېرىپ، ئۇ يەردە «باي بارسىيە» خانىقاسىغا مۇدەررىس بولغان ۋە «سائادەت تاجلىرى ۋە ھاكىمىيەت ئۈنۋانلىرى» دېگەن كىتابنى يازغان. ئوبۇل پەتتاھ سابىر بىننى ئابابەكرى بىننى مۇھەممەد ئىسىملىك كىشى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ۋاپاتىدىن 200 يىل كېيىن «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تۈنجى كۆچۈرگەن خەتتات بولغان. ئابدۇرەھىم ھاپىز دېگەن كىشى شېئىرىيەتتە تالانتلىق شائىرلار قاتارىدا سانالغان بولۇپ، ئۇنىڭ «دىۋان ھاپىز تۈركىي» ناملىق بىر لىرىك شېئىرلار توپلىمى بار.

## 2. جانىبەگ كىم؟

جاۋاب: جانىبەگ (1180 ـ 1270) قاراخانىيلارغا قاراشلىق ئىسسىق كۆل بويىدا ئۇيغۇر ئۇلۇسىنىڭ بايان ئاۋۇل ئۇرۇقىدىكى ئاقسۆڭەك ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، بالىلىق چاغلىرىدا ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنى ئۆگەنگەن، 15 ياشقا كىرگەندە موڭغۇل قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنغان، 1210 ـ يىللىرى چىڭگىزخان ئۇنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كېلىشكە ئەۋەتكەن، قايتاشىدا ھىندىستان ئارقىلىق گۇاڭجۇغا، كېيىن موڭغۇلىيىگە بارغان ۋە ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ، ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىگە ئاساسەن «جانىبەگنىڭ كەچۈرمىشلىرى» دېگەن كىتابىنى يازغان.

## 3. «جانىبەگنىڭ كەچۈرمىشلىرى» قانداق ئەسەر؟

جاۋاب: بۇ ئەسەر ھەم تارىخىي ھەم ئەدەبىي خاراكتېردىكى بىئوگرافىيىلىك ئەسەردۇر. ئۇنىڭدا تارىخىي شەخسلەر، تارىخىي ۋەقەلەر ۋە ھادىسىلەر ھەقىقىي تارىخىي نۇقتىئىنەزەردە تۇرۇپ يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئەمما ئىپادىلەش ئۇسۇلى، تەسۋىرلەش ۋاستىلىرى ۋە ئوبراز يارىتىش جەھەتتە يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت ئىشقا سېلىنىپ، قويۇق ئەدەبىي تۇسكە ئىگە قىلىنغان. بۇ ئەسەر ئۇيغۇر چاغاتاي ئەدەبىياتىغا باشلانما بولغان ئەسەرلەرنىڭ بىرىدۇر.

## 4. يۇسۇپ سەككاكى ۋە «مەتلىئۇل ئۇلۇم» توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىز؟

جاۋاب: سەككاكىنىڭ تولۇق ئىسمى سىراجىدىن ئەبۇ ياقۇپ يۇسۇپ ئىبنى ئابابەكرى ئەلخارەزمى سەككاكى بولۇپ، چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ۋە شۆھرىتى مەشھۇر بولغان زىيالىي، شۇنداقلا دۆلەت ئەربابى. رۇس شەرقشۇناسى بارتولد سەككاكى ھەققىدە «موڭغۇل ئىستېلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان» دېگەن ئەسىرىدە: «سەككاكى يالغۇز ئىلمىي نۇجۇمنى ئىگىلەپلا قالماستىن، بەلكى خىمىيە ۋە گرېك ئىلمىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئىگىلىگەن ئىدى» دەپ يازغان. سەككاكى تۈركىي تىل ـ يېزىقى ۋە ئەرەب تىلىنى

پىششىق ئىگىلىگەن، ئەدەبىيات ۋە سىياسىيغا كامىل بولغان. شائىر ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ھەسەتخورلارنىڭ ھەسەت قىلىشى سەۋەبلىك چاغاتاي خان تەرىپىدىن زىندانغا سولىنىپ، ئۈچ يىلدىن كېيىن ۋاپات بولغان. ھازىر ئۇنىڭ قەبرىسى چاپچال ناھىيىسىدە ئۇقتىلىق قوغدىلىدۇ.

«مەتلىئۇل ئۇلۇم» شائىرنىڭ يىرىك ئەسىرى بولۇپ، ئەرەبچە يېزىلغان. تىل ـ ئەدەبىيات قاتارلىق 13 تۈرلۈك ئىلىمگە ئالاقىدار بولغان بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، مەسىلىلەر ئەتراپلىق سۆزلەنگەن، كۆزقاراشلار توغرا، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان ئىلغار پىكىرلەر بىلەن تولغان. بۇ ئەسەر 1950 ـ يىللاردا شائىر مۇھەممەد پەيزى تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

## 5. رابغۇزى كىم؟

جاۋاب: نەسردىن بورھانىدىن ئوغلى رابغۇزى XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاراخانىيلارغا قاراشلىق رابات ئوغۇز دېگەن جايدا ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ، بىلىمى مول ئەدىب بولۇپ، ئۆز ئەسىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا بەدىئىي ئامىللاردىن تولۇق پايدىلانغان. رابغۇزى ئۆز دەۋرىنىڭ بەدىئىي ئىستىداتى كامالەتكە يەتكەن يېتۇك پەيلاسوپى ۋە يىرىك ئەسەر يازغۇچىسىدۇر. ئۇنىڭ «قىسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق ئەسىرى داڭلىق.

## 6. «قىسەسۇل ئەنبىيا» نىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئەدەبىي قىممىتى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟

جاۋاب: «قىسەسۇل ئەنبىيا» ئىجتىمائىي قىممىتىدىن قارىغاندا كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئىلاھىي مۇقەددەسلىك ئىدىيىسىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، رېئال ئادەم ۋە ئۇلارنىڭ ئىسىل پەزىلىتىنى مۇئەييەنلەشتۇرگەن؛ ياخشى ئىدىيە، ياخشى ئەخلاقنى ياخشى ئادەم بولۇشنىڭ مۇھىم مىزانى دەپ قاراپ، ياخشىلىق ۋە ئىسىل پەزىلەتنى تەشۋىق قىلغان. بۇ خىل ئىدىيە پەيغەمبەرلەر ئوبرازى ۋاستىسى بىلەن ئىلگىرى سۇرۇلگەچكە، كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئىنسانىي پەزىلەتلەرنىڭ ياخشى ئۆرنىكى ۋە تەشۋىق قورالى بولغان.

ئەدەبىي قىممىتىدىن قارىغاندا، رابغۇزى دادىللىق بىلەن ئىسلامىيەت قانۇن ـ قائىدىلىرىنى ئىنسان ئەقلىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سەنئەتكىرانە دىت بىلەن بەدىئىي كارتىنا ۋە ئوبرازلار پائالىيىتىدە كۆرسىتىپ بەردى. ئۇ بۇ خىل ئىدىيىلەرنى ئۇيغۇر تىلى بىلەن يازغاچقا، ئەسەر قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ، ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ مىزاننى تەشۋىق قىلىدىغان دەستۇر بولۇش رولىنى ئوينىدى.

### 7. مۇھەممەد خارەزمى كىم؟

جاۋاب: مۇھەممەد خارەزمى XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى XIV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان لىرىك شائىر. ئۇ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى سەيلە ـ ساياھەتكە بېغىشلىغان بولۇپ، تۈركىيە، مىسىر ۋە پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانى كېزىپ چىققان، بۇ جەرياندا ئۇ «مۇھەببەتنامە» دېگەن داستاننى يازغان.

### 8. «مۇھەببەتنامە» قانداق ئەسەر؟

جاۋاب: «مۇھەببەتنامە» سىر دەريا ساھىلىدا 1353 ـ يىلى يېزىلغان. ئۇ، ئەينى زامان شېئىرىيىتىنىڭ نەمۇنىسى ھېسابلىنىدىغان لىرىك داستان. شائىر داستاننى شۇ دەۋرنىڭ ھۆكۈمرانى مۇھەممەد خوجى بەگكە تارتۇق قىلغان. داستان XIV ئەسىر ئۇيغۇر قارلۇق شېئىرىيىتىنىڭ نادىر ئۈلگىسى بولۇپ، مەزمۇنى چوڭقۇر، ھېسسىياتنىڭ ئىپادىلىنىشى يارقىن، شېئىرىي ۋەزنى ۋە ئۇسلۇبى ئۆزگىچە، شېئىرىي تىلى يېقىملىق ۋە راۋان. داستان ساپ ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان. داستان 11 قىسمىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىر ئاشىقنىڭ تىلىدىن يېزىلغان 11 پارچە شېئىرىي مەكتۇپ تەرىزىدە يېزىلغان. مەسنەۋى، قىتئە، مۇناجات قاتارلىق ژانىرلاردىن پايدىلىنىلغان. ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇسەددەس مەقسۇر (مەپائىلۇن ـ مەپائىلۇن ـ مەپائىل) بەھرىدە يېزىلغان.

### 9. جامال قارشى قانداق لۇغەتلەرنى تۈزگەن؟

جاۋاب: جامال قارشى چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق تىلشۇناس بولۇپ، 1230 ـ، 1231 ـ يىلى ئەتراپىدا ئالمىلىق شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ، ئۆمرىدە بىرقانچە ئەسەر يازغان. بۇنىڭ

ئىچىدە بىرقەدەر تەسىرى چوڭقۇرراقى «سۇراخ لۇغىتى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «سۇراخ» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، چۈشىنىشلىك، ئېنىق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئەسەر كەڭ تارقالغان ھەم كېيىنكى كۆپلىگەن لۇغەتلەرنىڭ تۈزگۈچىلىرى ئۇنىڭغا تەقلىد قىلغان ياكى ئۇنىڭدىن پايدىلانغان. ئاپتور كېيىن ئەرەب تىلىدا «‹سۇراخ لۇغىتى› گە ئىلاۋە» دېگەن ئەسىرىنى يازغان. بۇ ئەسەر ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

### 10. «‹سۇراخ لۇغىتى› گە ئىلاۋە» قانداق ئەسەر؟

جاۋاب: «‹سۇراخ لۇغىتى› گە ئىلاۋە» ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن بەزى خانلىقلارنىڭ تارىخىدىن پارچە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن مەشھۇر شەيخلەرنىڭ تەزكىرىلىرى، بەزى شەھەرلەرنىڭ يوللىرى، قۇرۇلۇشلىرى، مەنزىرىلىرى ۋە مەھسۇلاتلىرىنى بايان قىلىدىغان ئەسەر. بۇ ئەسەرنىڭ مۇھىملىقى XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا ئائىت ئىشلارنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە كۆرۈلىدۇ. بۇ ئەسەر تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئۆز يۇرتى، تارىخى ھەققىدە يېزىلغان ۋە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن يېگانە تارىخىي ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### 11. «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى قاچان ئىشلەنگەن؟

جاۋاب: «قۇرئان كەرىم» ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى، ئۇنىڭ تىلى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، ۋەزىن، رىتىم، شۇنداقلا ئىدىيىسى كېيىنكى بارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرگە تەسىر كۆرسەتكەن. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە كەلگەندە ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى بارلىققا كەلگەن. ھازىر ئۇنىڭ XII، XVI ئەسىرگە تەئەللۇق ئالتە خىل تەرجىمە نۇسخىسى بار، لېكىن، كىم، قەيەردە تەرجىمە قىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

### 12. «گۈلىستان بىت ـ تۈركىي» قانداق ئەسەر؟

جاۋاب: «گۈلىستان بىت ـ تۈركىي» شائىر سەيفى سارايى تەرىپىدىن تاجىك ـ پارس تىلىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە

قىلىنغان ئەسەر بولۇپ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلەنگەن تەرجىمە ئەدەبىياتىنىڭ گۈل تاجىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ ئەسلىي ئاپتورى پارس شائىرى سەئىد شىرازى (1208 ـ 1292) ئىدى. ئەسەر دىداكتىك مەزمۇننى ئاساس قىلغان بولۇپ، بۇ مەزمۇنلار مەسەل شەكلى ۋە ھېكايە قىلىش يولى بىلەن يورۇتۇلغان.

**13. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شېئىرلىرىدا قانداق مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۇرۇلگەن؟**

جاۋاب: يۈەن سۇلالىسى (1279 ـ 1368) موڭغۇللار خەنزۇلار رايوننى ئاساسىي بازا قىلىپ قۇرغان سۇلالە ئىدى. موڭغۇللار گەرچە خەنزۇلار رايونىدا ھۆكۈمرانلىق تەختىنى تىكلىگەن بولسىمۇ، لېكىن رەسمىي يېزىقى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردىكى خەلقلەرگە قارىغاندا ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتە تۆۋەنرەك ئىدى. شۇڭا ھۆكۈمرانلىقنى تېخىمۇ ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆز تەسىر دائىرىسىدىكى زىيالىيلارنى، سىياسىي ئەربابلارنى ۋە باشقا ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرىگە تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن موڭغۇللاردا يېزىق پەيدا بولدى. بۇ يېزىق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا ئىشلەنگەن يېزىق ئىدى. يۈەن دەۋرى مەدەنىيىتىگە ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولدى. ئۇيغۇرلار ھاكىمىيەتكە كۆپلەپ جەلپ قىلىندى. ئۇلار دادىل خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، سىياسەت بەلگىلەش، دۆلەت تۈزۈلمىسى، مالىيە قاتارلىق چوڭ ئىشلاردا ئۇيغۇرلار بىۋاسىتە قول تىقىپ ئىشلەيدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. مۇشۇنداق تۈرلۈك پايدىلىق ئىجتىمائىي شارائىت ۋە سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ئىشلىرى راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

# VIII باب يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

**1. موڭغۇل يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قانداق ئۇيغۇر مۇئەللىملىرى، تەرجىمانلىرى ۋە تارىخشۇناسلىرى ئۆتكەن، قىسقىچە ئەھۋالى قانداق؟**

جاۋاب: 1. مۇئەللىملەر:

1) ئارغۇن سالى (1244 ـ 1307) بىلىمىنىڭ مولللۇقى ۋە تەرجىمە ساھەسىدىكى قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن يۈەن دەۋرىدىكى كىشىلەرنى قايىل قىلغان مەشھۇر ئەدىب. ئۇ، شىنجاڭلىق ئۇيغۇر بولۇپ، كىچىكىدىن تارتىپ ئۇيغۇر، موڭغۇل، خەنزۇ، تىبەت تىللىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن، 1284 ـ يىلى ئوردا تۆرىسى ۋە سول قول مۇراسىم بەگ مەنسىپىگە تەيىنلەنگەن، كېيىن دانىشمەنلەر سارىيى تەسىس قىلىنغاندا، سارايىنىڭ ئەلچى بېگى بولغان. ئارغۇن سالى سىياسىي بىلەنمۇ شۇغۇللانغان بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشى، ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشى جەھەتتە تۆھپىسى زور.

2) مۇڭۇس (1206 ـ 1267) بەشبالىقلىق ئۇيغۇر بولۇپ، تولۇيخان ۋە قۇبلەيخانلارنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن، ئۇرۇشتا كاتتا خىزمەت كۆرسەتكەچكە مەنسەپ ۋە ئاتاققا ئىگە بولغان. مۇڭۇس بىلىمى ناھايىتى مول ئادەم بولۇپ، ئوردىدا ئۇستاز بولغان.

3) ليەن شىشەن (1230 ـ 1280) قوجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاقسۆڭەك ئەۋلادى بولۇپ، 19 يېشىدىن باشلاپ سىياسىي خىزمەتكە قاتناشقان، تۈرلۈك ئەمەل ـ مەنسەپلەرنى تۇتقان، 1279 ـ يىلى باش ۋەزىر بولغان، جياڭلىق دېگەن يەردە مۇئەللىم بولغان. قۇبلەيخان ئۇنى مېڭزى بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ «ليەن مېڭزى» دەپ ئاتىغان.

4) سارابان بەشبالىقلىق ئۇيغۇر بولۇپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ

شۇەندى يىللىرىدا توقۇن تۆمۈرخاننىڭ ئۇستازى بولغان.
5) چۇسكىخۇدزېر يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ياشىغان ئۇيغۇر بولۇپ، «گىراماتىكا» دېگەن كىتابنى يازغان. ئۇ، تاتاتۇڭا ئىجاد قىلغان كونا موڭغۇل يېزىقىنى ئىسلاھ قىلىپ، سىستېمىلاشتۇرغان بولۇپ، بۇ يېزىق تارىختا «يېڭى موڭغۇل يېزىقى» دەپ ئاتالغان.
2. يۈەن دەۋرىدىكى تەرجىمانلار:
1) ئاراساڭ (ئەنزاڭ) يۈەن دەۋرىدىكى ئەڭ چوڭ تەرجىمان بولۇپ، ئەسلى جىمساردا تۇغۇلغان، بالىلىق ۋاقىتلىرىدا خەنزۇ تىلىنى، بۇددا نوملىرىنى ۋە كۆڭزىچىلىق ئەقىدىلىرىنى بېرىلىپ ئۆگەنگەن. ئۇ، قۇبلەيخان دەۋرىدە «باۋزاڭلۇەن يۈەنيەن توپلىمى» نى تەرجىمە قىلىپ قۇبلەيخانغا ھەدىيە قىلغان، كېيىن «شاڭنامە. ۋۇيى تەزكىرىسى» ، «جىنگۇەن يىللىرىدىكى مۇھىم سىياسىي ئىشلار بايانى» ، «ئۆرنەك» قاتارلىق كىتابلارنى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇر يېزىقى ئارقىلىق موڭغۇلچىغا تەرجىمە قىلىپ، قۇبلەيخانغا ھەدىيە قىلغان.
2) بىلاناشىل بەشبالىقلىق ئۇيغۇر. ئۇ كىچىكىدىنلا سانسكرت ۋە ئۇيغۇر تىلىنى پىششىق ئىگىلىگەن. ئۇنىڭ تۆھپىسى بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ. ئۇ 1302 ـ يىلى خانلىق ئوردىسىدا راھىبلىققا چىقىپ، «سورۇنگاما سامادخى نومى» ، «ماھايانا سۇترا لانكاراتىكا» ، «پراجنا پارامىتا نومى» ، «چوڭ نىرۋان نومى» ، «ماھايانا مەزھىپىنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىگە مەدھىيە» قاتارلىق ئالتە خىل بۇددا نومىنى خەنزۇ، سانسكرت ۋە تىبەت تىللىرىدىن موڭغۇلچىغا تەرجىمە قىلغان.
3) كاروناداس شىنجاڭلىق ئۇيغۇر بولۇپ، ئۇيغۇر ـ سانسكرت تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن. قۇبلەيخاننىڭ تەرجىمانى بولغان. ئەلچىلەرگىمۇ تەرجىمانلىق قىلغان.
3. تارىخشۇناسلار:
1) ليەن خۇيشەن قىيا ئۇيغۇر بولۇپ، جىن، لياۋ، سۇڭ سۇلالىسى تارىخلىرىنى تۈزۈش، تەھرىرلەشكە، «يىگىرمە ئۈچ خاتىرىلىرى» ، «شيەنزۇڭ خاتىرىلىرى» نى تۈزۈشكە قاتناشقان.

ئۇ، تۈزۈشكە قاتناشقان «لياۋ تارىخى» بۇگۈنگە قەدەر يېتىپ كەلگەن بولۇپ، قىتانلار تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

2) سارابان (ئەسلىي ئىسمى جىڭ جېڭ) يۈەن سۇلالىسى شۈندى خانى توقۇن تۆمۈرخاننىڭ ئۇستازى بولغان. ئۇ، جياڭشى فۇدۇڭ ۋىلايىتىنىڭ تۆرە نائىبى، خەنلىن ئاكادېمىيىسىنىڭ مىرزا بېگى بولغان، كېيىن ئوردا مىرزا دىۋان مۇئەككىلى، تۇتۇن دىۋان مىرزىسى، جارچى مەئمۇر مەھكىمىسىنىڭ بېگى بولغان، 1343 ـ يىلى 1 ـ ئايدا «جىن تارىخى» ناملىق 135 جىلدلىق كىتابنى تۈزۈپ چىققان.

3) يۈجۇ ۋە چولپان سالى ئىككىسى «سۇڭ تارىخى» نى تۈزۈشكە قاتناشقان.

## 2. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار نېمە ئۈچۈن خەنزۇ تىل ـ يېزىقىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان؟

جاۋاب: بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئىچىدىن يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىغا تەكلىپ قىلىنغان ئىستىداتلىق، ماھارەتلىك ئەدىبلەر بولۇپ، ئۆز ئائىلىسىدىلىكىگە ئاساسەن رېئاللىقتا چوڭقۇر چۆكۈپ، تۇرمۇشنى ئوبدان كۆزەتكەن. مەيلى ئۆزى تەۋە ھەرقايسى قاتلاملاردىكى تۇرمۇش بولسۇن، مەيلى تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشى بولسۇن تەسىراتى چوڭقۇر بولغاچقا، ئۆزىنىڭ بەدىئىي كامالىتىنى ئىشقا سېلىپ، نۇرغۇن لىرىك شېئىرلارنى ئىجاد قىلغان. بۇ دەۋردىكى تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىكىنى پاش قىلىپ، ئەمگەكچى خەلققە ھېسداشلىق قىلغان. ئۇلارنىڭ كۆزەتكىنى ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ئۇلار ئىجاد قىلغان ئەسەرلەرنى ئوقۇيدىغانلار شۇ دەۋردىكى خەنزۇلار بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇلار ئوبيېكتىپنى ئاساس قىلغان ئاساستا خەنزۇ تىل ـ يېزىقى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان.

## 3. گۈەن يۈنشى، سەيدۇللانىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدا

نىملەرنى بىلىسىز؟

جاۋاب: گۇەن يۇنشى (1286 ـ 1324) يۇەن دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ داڭلىق نەسرچىسى، غەزەل يازغۇچىسى، ئاتاقلىق خەتتات، ئۇستا مۇزىكانت ۋە رەسسام، ماھىر غەزەلچى، پىشقان دراماتورگ. ئۇ، قەدىمكى جىمساردا تۇغۇلغان. شېئىر، دراما، بېيىت، ماقالە قاتارلىقلاردا ناھايىتى يۇقىرى ئىقتىدارغا ئىگە بولغان، بولۇپمۇ، غەزەل يېزىشقا تولىمۇ ماھىر. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ۋەتەنننىڭ تاغ ـ دەريالىرىنى زوق ـ شوخ بىلەن تەسۋىرلىگەن. ئىنسانىي ئىشق ـ مۇھەببەتنى كۈيلەپ، ۋاپاسىزلىقنى قاتتىق ئەيىبلىگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى «باھار قارلىرى»، «تىنچ كۇتۇپخانا» قاتارلىق توپلاملارغا كۆپلەپ كىرگۈزۈلگەن. ۋاپاتىدىن كېيىن ياڭ جياۋيىڭ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى توپلاپ، «سۇەن تيەن كۇتۇپخانىسى» دېگەن توپلامنى تۈزگەن، «يۇەن نەزمىلىرىدىن تاللانما» دېگەن كىتابقا 27 كۇپلېت شېئىرى كىرگۈزۈلگەن.

سەيدۇللا (1305 ـ 1355) يۇەن دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئەدىب، داڭلىق شائىر بولۇپ، ئەسەرلىرى سان ـ سۈپەت جەھەتتە يۇەن دەۋرىدىكى داڭلىق شائىرلار قاتارىدا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ «يەنمىن توپلىمى» دېگەن ئەسىرى بار. شېئىرلىرىدا ئاچ ـ يالىڭاچ تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان خەلقنىڭ مۇڭ ـ زارىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن ئىچكى مالىمانچىلىقنىڭ خەلققە كەلتۈرۈۋاتقان بالا ـ قازاسىنى ئېچىپ تاشلىغان. ئۇنىڭ «تىلەمچى قىز»، «تاڭگۇەن ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش»، «تاڭ سەھەردە خۇاڭخې دەرياسى بويىدا كۆرگەنلىرىم» دېگەن شېئىرلىرى داڭلىق بولۇپ، ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن. ماۋزېدۇڭ 4 ـ تومىدىكى «پارە ـ پارە بولۇۋاتقان ئەكسىيەتچىلەر نېمە ئۈچۈن يەنە ئومۇمىيۈزلۈك تىنچلىق دەپ قۇرۇق جار سالىدۇ» دېگەن ماقالىسىدە ئۇنىڭ «شىتۇچېڭغا چىققاندا» ناملىق شېئىرىدىن نەقىل كەلتۈرگەن.

## 4. مازۇچاڭ ۋە نەي شيەنلەرنىڭ شېئىرلىرىدا نېملەر ئەكس ئەتكەن؟

جاۋاب: مازۇچاڭ (1278 ـ 1339) توقسۇنلۇق ئۇيغۇر،

داڭلىق شائىر بولۇپ، خەلق قەلبىگە ياقىدىغان نۇرغۇن ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان. ئاساسلىقلىرى: «لى خۇجىن ئەينىكى»، «يىللار خاتىرىسى»، «قارىغايلىق ساراي خاتىرىسى»، «شى تيەن توپلىمى» قاتارلىقلار. ئۇ يەنە «يىگىرمە تۆت خاتىرىلىرى» نى تۈزۈشكە، «پادىشاھ رەسىمىنىڭ بۈيۈك نۇسخىسى»، «چىڭگىزخاننىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى» نى تەرجىمە قىلىشقا قاتناشقان.

نەيشيەن (1310 ـ 1368، ناشىن دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تەخەللۇسى يىجىژ، ئۇيغۇر قارلۇق قەبىلىسىدىن بولۇپ، چۆچەكتە تۇغۇلغان. ئۇ، جىجياڭ تەرەپلەردە ئايلىنىپ يۈرۈپ، كېيىنچە جىجياڭنىڭ نىڭبو شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان، بىر مەزگىل دۆلەت كىتابخانىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، خەنلىن ئاكادېمىيىسىنىڭ تۈزگۈچىلىكىگە تونۇشتۇرۇلغان، كېيىن ئەسكىرىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقان ۋە شۇ چاغلاردا ۋاپات بولغان. ئۇ بالىلىق چاغلىرىدا شېئىرىيەتكە قىزىققان، سەيلە ـ ساياھەتكە ئامراق بولۇپ، بۇ جەرياندا كۆرگەنلىرىنى شېئىرلىرىغا سىڭدۈرگەن، تۇرمۇشنىڭ تۆۋەن قاتلاملىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلقنىڭ ھالىغا ئېچىنغان. ئۇنىڭ «دەريانىڭ شىمالىدىكى زىيارەتلەردىن كونا خاتىرىلەر» دېگەن ئەسىرىدە 240 كۇپلېت شېئىر بار. ئۇنىڭ يەنە «تەيجىن توپلىمى» مۇ بار بولۇپ، «يۈەن نەزمىلىرىدىن تاللانما» غا 145 كۇپلېت شېئىرى كىرگۈزۈلگەن.

## 5. شۈئائىڭفۇ، گاۋكېگۇڭ ۋە شيۈيلى قاتارلىقلارنىڭ ھاياتىنى سۆزلەپ بېرىڭ؟

جاۋاب: شۈئائىڭفۇ (1270 ـ 1350) يۈەن دەۋرىدىكى داڭلىق ئۇيغۇر ئەدىب بولۇپ، نەسر ۋە كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان. «ئومۇمىي يۈەن نەسر ـ غەزەللىرى» ناملىق توپلامدا ئاپتورنىڭ ئەسەرلىرى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، كىچىك كۇيلەردىن 65 كۇپلېت، پۈتۈن يۈرۈشلۈك كۇيلەردىن ئۈچ كۇي بار. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ بولۇپ، تارىخنى كۇيلەش، قەدىمكىنى ئەسلەش مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەر ياكى تاغ ـ دەريا مەنزىرىلىرى ئەكس ئەتكەن

ئەسەرلەر بىرقەدەر كۆپ.

گاۋكېگۇڭ (1248 ـ 1310) شىنجاڭلىق ئۇيغۇر، 27 يېشىدىن تارتىپ ئەمەلدار بولغان. ئۇ، رەسساملىقتا كۆزگە كۆرۈنگەن، شېئىرىيەتتە مەشھۇر بولۇپ، «فاڭشىيەن توپلىمى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بار. «يۈەن نەزمىلىرىدىن تاللانما» غا ئۇنىڭ 20 كۇپلېت شېئىرى كىرگۈزۈلگەن.

شىيۈيلى شىنجاڭلىق ئۇيغۇر، ئۇنىڭ «شىيۈيلى توپلىمى» دېگەن ئەسىرى بار، «يۈەن نەزمىلىرىدىن تاللانما» غا بىر بۆلۈك شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن، 1318 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەمەل تۇتقان، باشقىلار بىلەن بىرگە «سۇزۇك بۇلاق تەزكىرىسىنىڭ داۋامى» دېگەن 20 جىلدلىق كىتابنى يېزىپ چىققان. شائىرنىڭ «شىيۈيلى توپلىمى» زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ناھايىتى نەپىس ۋە گۈزەل بولۇپ، كارتىنىلار تولىمۇ جەزبىلىك. ھېكمەتلەر جانلىق، ھېسسىيات قويۇق ئىپادىلەنگەن.

# IX باب تۆمۇرىيلەر دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

**1. تۆمۇرىيلەر دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى ئىجتىمائىي مەدەنىي مۇھىت قانداق ئىدى؟**

جاۋاب: تۆمۇر ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەتكە مايىللىقى، جۈملىدىن ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى يولغا قويغانلىقى ئەينى دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىلىم ـ مەرىپەتتە قايتا گۈللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. مۇشۇ گۈللىنىشنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە ھەر مىللەتتىن كۆپلىگەن ئەدىب، ئالىم، مۇتەپەككۇر ۋە دۆلەت ئەربابلىرى مەيدانغا كەلگەن، بولۇپمۇ خوراسان ۋە ماۋەرائۇننەھىر رايونىدىكى مەدەنىي مۇھىتنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن داڭلىق ئەربابلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن يېتىشىپ چىقىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

**2. تۆمۇرىيلەر دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردىن قانداق مەدەنىيەت ئەربابلىرى يېتىشىپ چىققان؟**

جاۋاب: تۆمۇرىيلەر دەۋرىدە ئۇيغۇر ئەدىبلىرىدىن سەئىددىن قەشقەرى (1377 ـ 1456) كاتتا ئۆلىما بولۇپ، ئابدۇراخمان جامىنىڭ ئۇستازى ئىدى. ھىراتتا ئۇزاق مۇددەت مۇدەررىسلىك قىلغان، تەسىرى چوڭ، ئىلىمخۇمار بۇ كىشى «مىنىيەتۇل مۇسەللا ۋە غەينەتۇل مۇفتەدا»، «تۇفپەتۇل مۇسەللەنى، نەجمەئى مەنىيەتۇل مۇسەللا»، «كەلىمەت خۇجا باھائىددىن نەقشبەندى»، «رىسالەئى لەتائىف»، «ۋۇجۇدنامە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

سۇلتان مالىك قەشقەرى ئۆز زامانىسىدا شۆھرىتى كەڭرى

تارقالغان ئالىم. ئەپسۇسكى ئۇنىڭ ئەسەرلىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

ئەھمەد ھاجى بەگ ئىلىم ـ مەرىپەتنى قەدىرلەيدىغان، سەنئەت ئەھلىنى ھۆرمەتلەيدىغان ئىلغار پىكىرلىك ئالىم. بۇ زات ھەققىدە ئۇلۇغ شائىر نەۋائىي «مەجالىسۇن نەفائىس» دېگەن ئەسىرىدە بىرقەدەر تولۇق ۋە ئىشەنچلىك مەلۇماتلارنى بەرگەن.

شاھقۇلى ئۇيغۇر ئۆز دەۋرىنىڭ يېتۈك شائىرى، ئۇيغۇر ۋە پارس تىلىدا نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى يازغان ئىلىمخۇمار ئەدىب.

غىياسىددىن باخشى خوراسان ھۆكۈمرانى ئوبۇلقاسىم بابۇرنىڭ ئۇيغۇر، ئەرەب تىل ـ يېزىقى بويىچە مەخسۇس كاتىپى. ئۇ، ئىلىمخۇمار، ئىلىمنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئىلىم ئىگىلىرىنى قەدىرلەيدىغان، شېئىرىيەتكە قىزىقىدىغان كىشى.

## 3. تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قايسى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؟

جاۋاب: تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تۈركىي مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئەرەب مەدەنىيىتى، پارس مەدەنىيىتى قاتارلىق يىرىك مەدەنىيەت كاتېگورىيىسى بىلەن پاراللېل ھالدا ئۆز نوپۇزىنى ۋە تەسىرىنى نامايان قىلىپ تۇرغان. بۇ دەۋردە ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسلىق مەمۇرىي ئورگان يېزىقى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن، نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي تويلاملار ئۇيغۇر يېزىقىدا تۈزۈلگەن.

## 4. لۇتفىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟

جاۋاب: مەۋلانى ئەبەيدۇللا لۇتفى (1366 ـ 1465) قەشقەرلىق بولۇپ، خوراسان رايونىدا ئۇيغۇر ـ تۈركىي ئەدەبىياتىنىڭ قايتىدىن جانلىنىشىدا بايراقدار بولغان كاتتا شائىر. ئۇ، پارس ۋە تۈركىي تىلىدا نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى يازغان بولسىمۇ، زامانىمىزغا «دىۋان لۇتفى» ناملىق لىرىك شېئىرلار توپلىمى، «گۈل ۋە نەۋرۇز» ناملىق داستانى، «مەشھەنۇل ھەقايىق»

(ھەقىقەتلەر شەرھى) ناملىق دىداكتىك ئەسىرى يېتىپ كەلگەن. ئۇ يەنە شەرىفىدىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە» ناملىق ئەسىرىنى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئەمما ئۆمرى بىرقەدەر غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن. شۇڭا ئەسەرلىرىدە نامرات كىشىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇش كەچۇرمىشلىرى، ئىچكى نىزا ۋە قالايمىقانچىلىقنىڭ زىيانلىرى نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن. ئۇ ھىراتتا ۋاپات بولغان. ئۇلۇغ شائىر نەۋائىي ئۇنىڭغا يۇكسەك باھا بېرىپ، «ئۇيغۇر ئىبارىتىنىڭ فۇسۇھاسى، تۇرك ئەلفازىنىڭ بۇلاغىسى»، «دەۋرىنىڭ مالىكۇل كالامى»، «بەسى ۋە بەلىغ ئەدىب، ئەزىز ۋە تەۋەررۇك كىشىمىز» دېگەن.

**5. «دىۋان لۇتفى» قانداق ئەسەر؟**

جاۋاب: «دىۋان لۇتفى» لۇتفىنىڭ لىرىك شېئىرلار توپلىمى. ئۇنىڭغا غەزەل، قەسىدە، پارچە، تۇيۇق ۋە رۇبائىيلار كىرگۇزۇلگەن. شائىر ئۆز شېئىرلىرى ئارقىلىق ئادالەت، چىن سۆيگۇ، مۇھەببەت خەلقچىللىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرىنى ئىلگىرى سۇرگەن، ئىنسانىي ئىشقى ـ مۇھەببەتنى، ۋاپادارلىق، كۆيۇمچانلىق، ساداقەت نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ، ئېسىل ئەخلاقنى مەدھىيىلىگەن.

**6. لۇتفىنىڭ «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى نېمە؟ ئاساسلىق ئوبرازلار توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭ؟**

جاۋاب: «گۇل ۋە نەۋرۇز» 1411 ـ يىلى يېزىلغان. شائىر لۇتفى بۇ داستانىدا نەۋشاد ئېلىنىڭ پادىشاھى فەررۇخنىڭ ئوغلى نەۋرۇز بىلەن فەرخار ئېلىنىڭ پادىشاھى مۇشكىنىنىڭ قىزى گۇل ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت سەرگۇزەشتىسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئەينى چاغدىكى فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى ئېچىپ كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلغان؛ فېئودال پادىشاھلارنىڭ ھوقوق، ئابروي، پۇل تالىشىۋاتقانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىنى دەپ دۆلەت، پۇقرالارنىڭ دەرد ـ ئەھۋالى بىلەن كارى

بولمايۋاتقانلىقىنى پاش قىلىپ، بۇنداق ناھەقچىلىقنى توپ يىلتىزىدىن يوقىتىپ، بىرلىككە كەلگەن، قۇدرەتلىك، باياشات، ئادالەتلىك دۆلەت قۇرۇش، ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن.

ئاساسلىق ئوبرازلار:

گۈل ئوبرازى: گۈل — پەرخار دۆلىتىنىڭ مەلىكىسى، لاتاپەتلىك، ۋاپادار، جىگەرلىك ۋە ئەقىللىق قىز. ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەل جامالى بىلەن نەۋرۇزنىڭ چۈشىدە ئايان بولىدۇ، ئۇنى تەبىئىي ئىش دەپ بىلىپ، بۇ يولدا ساداقەت كۆرسىتىشكە بەل باغلاپ، ئۇرۇش مەيدانلىرىغا كىرىشتىن باش تارتمايدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەت — ئەقىل بىلەن جاسارەتنىڭ بىرلەشمىسى ئاپتورنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئاياللار ئازادلىقى ۋە چېۋەرلىكىنىڭ ئوچۇق نامايەندىسى ئىدى.

نەۋرۇز ئوبرازى: نەۋرۇز — ئوتلۇق ئىشقى ھېسسىياتقا ئىگە شاھزادە. ئۇ، چۈشىدە زاھىر بولغان مەھبۇبىنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن ھەرقانداق جاپالارنى تارتىشقا رازى بولىدۇ. ئۇ داستاندا نوقۇل ھالدا ئىشق ـ مۇھەببەت يولىدا كۈرەشكۈچى ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ خاتىرجەملىكى يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن، تۈرلۈك خەتەرلەرنى يېڭىپ، پارچىلىنىش ھالەتلىرىگە خاتىمە بېرىپ، بىرلىككە كەلگەن، قۇدرەتلىك، ئىناق دۆلەت قۇرۇشنىڭ باشلامچىسى سۈپىتىدە گەۋدىلەنگەن. نەۋرۇز ئوبرازىدا خەلقچىللىق، مەردلىك، ۋاپادارلىق، ئىناقلىق روھى بار.

## 7. ئاتايى كىم؟ ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

جاۋاب: ئاتايى XV ئەسىردە خوراساندا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان مەشھۇر لىرىك شائىر. ئۇ، چاغاتاي تىلىدا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان. ئۇنىڭ «دىۋان ئاتايى»ناملىق شېئىرلار توپلىمى بار. ئۇ شېئىرلىرىدا يار، جانان ۋاستىسى ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى چوڭقۇر پاش قىلغان، مېھنەتكەشلەرنىڭ غەم ـ قايغۇسىغا ھېسداشلىق قىلىپ، ھەقىقىي چىن سۆيگۈنى ئۇلۇغلىغان، ۋاپادارلىق ۋە سەممىيلىكنى كۈيلىگەن،

جاپا ـ مۇشەققەتنى يەڭگەندىلا ۋىسالغا ئېرىشكىلى بولىدۇ، دېگەن ئىدىيىنى ئالغا سۈرگەن، كىشىلەرنى ئاكتىۋال پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا دەۋەت قىلغان.

**8. مەۋلانە سەككاكىنىڭ هايات پائالىيىتىنى سۆزلەڭ؟**

جاۋاب: مەۋلانە سەككاكى تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان لىرىك شائىر. نەۋائىي «مەجالىسۇن نەفائىس» (گۈزەللەر يىغىلىشى) ناملىق ئەسىرىدە سەككاكىغا ناهايىتى يۇقىرى باها بەرگەن. شائىر ئەينى دەۋردە تۈركىي تىلنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يولىدا ئۇنۇملۇك خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. شائىر نەۋائىي سەككاكىغا يۇقىرى باها بەرگەن. شائىرنىڭ «دىۋان سەككاكى» ناملىق بىر توپلىمى بار.

**9. سەككاكى لىرىكىلىرى قانداق ئالاهىدىلىكلەرگە ئىگە؟**

جاۋاب: مەۋلانە سەككاكى لىرىكىلىرىدا ئىشق ـ مۇهەببەت ۋاستىسى ئارقىلىق ۋاپادارلىق، كۆيۈمچانلىق ۋە ساداقەتنى كۈيلىگەن. ئۇنىڭ ئەكسىدىكى يارىماس ئىللەت ۋە ناچار خاهىشلارنى قاتتىق قامچىلىغان، مەجازى ۋاستىلەر ئارقىلىق ئىككى يۈزلىمچى مۇناپىقلارنى قاتتىق قامچىلاپ، زاماننىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى چوڭقۇر پاش قىلغان. ئىچكى يېغىلىقنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىنى قاتتىق سۆككەن. شائىر ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىكى گۈزەل ئىبارىلاردىن ئۆلگە ئېلىپ، ئۆز شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ۋە تىل سەۋىيىسىنى، سۆزلىرىنىڭ چۈچۈكلۈكىنى ۋايىغا يەتكۈزگەن، ئۇنىڭدا قوللىنىلغان تۈرلۈك ئوخشىتىش، سىلىشتۇرۇش، مۇبالىغە قاتارلىق مەجازىلار شېئىرنىڭ جەزبىدارلىقىنى ئاشۇرغان.

**10. سەككاكىنىڭ قەسىدىلىرى هەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟**

جاۋاب: قەسىدە مۇهىم تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ۋە مەشهۇر

شەخسلەر پائالىيىتىنىڭ ئۇتۇقلىرىغا باھا بېرىش ئۈچۈن يېزىلىدۇ. سەككاكى ئىجادىيىتىدە قەسىدە ژانىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئېستېتىك ئىدىيە جەھەتتىن پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئالغا بېسىلغان زور بىر قەدەم بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرىيەتتە تېما جەھەتتە مۇھەببەت تېمىسىدىن بېسىپ ئۆتۈپ، ئىجتىمائىي تېما دائىرىسىگە ئۆتكەنلىكىنى كۆرسەتسە، ئەنە شۇ مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان قەسىدە ژانىرىنى راۋاجلاندۇرالايدىغانلىقى بىلەنمۇ يېڭىلىق ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شائىر ئۇلۇغبېك ھەققىدىكى قەسىدىسىدە ئىجتىمائىي جەمئىيەت توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى، خاھىشىنى رەڭدار تىل بىلەن ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شائىرنىڭ قەسىدىسى 11 بېيىتتىن 54 بېيىتقىچە ھەجىمدە يېزىلغان. ئۇ ھەر بىر قەسىدىسىدە ئۆزى مەدھىيىلىمەكچى بولغان كىشىنىڭ تارىخىي قىممىتى ۋە ئىنسانىي ھىممىتىنى ئاساسىي ئورۇندا قويغان. قەسىدىلىرىدىكى مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۇ ساراي شائىرلىرىغا ئوخشاش ھۆكۈمدارنى كەلسە ـ كەلمەس ماختاۋەرمىگەن، ھۆكۈمدارلارنىڭ ئەمەلىي ئىش ـ پائالىيىتى، خەلققە كۆرسەتكەن مۇرۇۋۋىتى، ئىلىم ـ پەننى راۋاجلاندۇرۇش ئەھۋالى ۋە پوزىتسىيىسى ئالاھىدە كۆزدە تۇتۇلغان.

**11. يۇسۇپ ئەمىرى، يەقىنى، ئەھمىدى، مەجلىسى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭ؟**

جاۋاب: 1) يۇسۇپ ئەمىرى XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرى XV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ماۋەرائۇننەھىردە ياشىغان شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇ، پارس ۋە تۈركىي تىلدا نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى يازغان. تۈركىي تىلدىكى شېئىرلىرىدىن «دىۋان ئەمىرى»، «دەھنامە»، «بەڭ ـ چاغىر مۇنازىرىسى» قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭ لىرىكىلىرى تۇيۇق، غەزەل، تەرجىبەند قاتارلىق ژانىرلارغا تەئەللۇق، لىرىكىلىرىدا ئىجتىمائىي ئەخلاقتا دائىر نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

2) يەقىنى XV ئەسىرلەردە ياشىغان تۈركىي شائىر. ئۇ ماۋەرائۇننەھىردە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، پارس ۋە

تۈركىي تىللاردا گۈزەل ئەسەرلەرنى يارىتقان. ئۇنىڭ «ئوق ۋە ياي» ناملىق ئەسىرى داڭلىق. ئۇنىڭدا ئوق بىلەن يايىنى ئۆزئارا مۇنازىرىلەشتۇرۇپ، ئۇلار ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان زىددىيەتنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن، ئارتۇقچىلىق ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى ئۆزئارا چۈشەندۈرگەن. شۇ ئارقىلىق كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى رېئال مەسىلىلەرنى مۇنازىرە شەكلى ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشقان.

3) ئەھمىدى XV ئەسىرلەردە ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى. ئۇ خوتەندە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان «سازلار مۇنازىرىسى» ناملىق بىر داستانى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. داستاندا شائىر تەمبۇر، چاڭ، ئۇد، راۋاب قاتارلىق سازلارنىڭ مۇنازىرىسى ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك تەبىقە كىشىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

4) مەجلىسى XV ئەسىرنىڭ ئاخىرى XVI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خارەزمدا ياشىغان شائىر. ئۇنىڭ «قىسسەئى سەيفۇل مەلىك» ناملىق بىر داستانى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ تىلى تۆمۈرىيلەر دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تۈركىي تىلى ئىدى. داستان بابلارغا بۆلۈنۈپ، مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان. ئۇنىڭدا مىسىر پادىشاھى ئاسىمنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلى سەيفۇل مەلىك بىلەن سەرەندىل پادىشاھى بەدىئۇل مەلىكنىڭ قىزى بەدىئۇل جامالنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسى بايان قىلىنغان. بۇ ھېكايە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن ھېكايە بولسىمۇ، ئاپتور ئۇنى بەدىئىي قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىپ، تەسىرلىك، قىزىقارلىق ۋە ئەھمىيەتلىك بىر داستان ھالىتىگە كەلتۈرگەن.

**12. تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە مۇنازىرە شەكلىگە تەئەللۇق قانداق ئەسەرلەر يېزىلغان؟ ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورنى قانداق؟**

جاۋاب: بۇ دەۋردە يۈسۈپ ئەمىرىنىڭ «بەڭ ۋە چاغىر مۇنازىرىسى»، يەقىنىنىڭ «ئوق ۋە ياي مۇنازىرىسى»، ئەھمىدىنىڭ «سازلار مۇنازىرىسى»، مەجلىسىنىڭ «قىسسەئى سەيفۇل مەلىك» ناملىق ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلگەن. بۇ ئەسەرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

تارىخىدا ئەينى دەۋر تۈرك ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىش، شۇنداقلا شۇ دەۋردىكى ئاپتورلارنىڭ ساتىرىك ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، ئۇنى ئۇيغۇر تىلى بىلەن راۋاجلاندۇرغانلىقىنى بىلىشتە، سىمۋولىستىك ئوبرازلار ئارقىلىق ئەينى دەۋر رېئاللىقىنى پاش قىلىشتىكى بەدىئىي ماھارىتىگە باھا بېرىشتە تولىمۇ ئەھمىيەتلىك.

## 13. «سەيفۇل مەلىك ۋە بەدىئۇل جامال» قانداق ئەسەر؟

جاۋاب: بۇ، مىسىر پادىشاھى ئاسىمنىڭ شاھزادىسى سەيفۇل مەلىك بىلەن سەرەندىل پادىشاھى بەدىئۇل مەلىكنىڭ قىزى بەدىئۇل جامالنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلەنگەن ھېكايە. ئاپتور ئۇنى ئۆزىنىڭ بەدىئىي ماھارىتى ئارقىلىق جانلاندۇرۇپ، تەسىرلىك ۋە قىزىقارلىق قىلىپ سۈرەتلەپ چىققان. داستاندا سەيفۇل مەلىك ئوبرازى كەڭ مۇھىت ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلىنىدۇ. قارىماققا سەيفۇل مەلىك نوقۇل ئاشىق، ئىشق ـ مۇھەببەتتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان يىگىتتەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى، سۆز ـ ھەرىكىتى، قىياپەتلىرى ئەخلاقتا كامالەتكە يەتكەن، قەيسەرلىك روھى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ۋاپادار، راستچىل، ساداقەتمەن ياشلارنىڭ تىپىك ئوبرازىدۇر.

بەدىئۇل جامالمۇ لاتاپەتلىك، بىغۇبار، ئەركىنلىككە تەلپۈنىدىغان، ھايا ۋە نومۇسنى بىلىدىغان قىزلارنىڭ تىپىك ئوبرازىدۇر.

شائىر ئىككى ئاشىق ـ مەشۇقنى ئۆتكۈر زىددىيەت ۋە قاتمۇ قات كۆرۈنۈشلەر ئىچىگە قويۇپ، سىناقلاردا تاۋلاپ، ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىپ، ئاخىرى ۋىسالغا مۇيەسسەر قىلىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشقا ئىنتىلىش غايىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

## 14. نەۋائىينىڭ ھايات پائالىيىتىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب: شائىر نەۋائىي 1441 ـ يىلى ھىراتتا غىياسىددىن كىچىك دېگەن ئۇيغۇر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن

باشلاپ ئەدەبىياتقا قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، ئۇستازلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇيغۇر ۋە پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن، شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى پىششىق ئۆگىنىپ، دەسلەپكى قەدەمدە شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن. نەۋائىي 1449 ـ يىلى تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھىراتتىن كۆچۈپ كېتىپ، 1452 ـ يىلى ئوبۇلقاسىم بابۇر ھاكىمىيەت ئىگىلىگەندە ھىراتقا كۆچۈپ كەلگەن، 1456 ـ يىلى 16 ياشتا ئوردا ئىشلىرىغا ئارىلاشقان، مانا مۇشۇ مەزگىللەردە شائىرلىق تالانتى نامايان بولۇپ، بىرقىسىم مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن. بۇ مەزگىلدە پارسچە يېزىلغان شېئىرلىرىغا «فانى» تەخەللۇسىنى قوللىنىپ، تۈركىي تىلدىكى شېئىرلىرىغا «نەۋائىي» تەخەللۇسىنى ئىشلەتكەن، 1469 ـ يىلى دوستى ھۈسەيىن بايقارا ھاكىمىيەت ئىگىلىگەندە دوستىغا دۆلەت ئىشلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى پاراۋانلاشتۇرۇش ھەققىدە ياخشى مەسلىھەتلەرنى بەرگەن، 1472 ـ يىلى ئوردىدا ۋەزىرلىك مەنسىپىگە كۆتۈرۈلگەن. 1476 ـ يىلى تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ۋەزىرلىكتىن ئىستىپا بېرىپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ 60 يىللىق ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بىرقەدەر مۇھىملىرى: «خەزائىنۇل مەئانى» (مەنىلەر خەزىنىسى. ئۇ «چاھار دىۋان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، «خەمسە»، «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن»، «مەجالىسۇن نەفائىس»، «مەھبۇبۇل قۇلۇب»، «دىۋان فانى»، «لىسانۇتتەيىر»، «مىزانۇل ئەۋزان»، «تارىخىي ئەنبىيا ۋە ھۆكەما»، «تارىخىي مۇلكى ئەجەم»··· قاتارلىقلار. ئۇلۇغ شائىر نەۋائىي 1501 ـ يىلى ھىراتتا ۋاپات بولغان.

**15. قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ نەۋائىيغا كۆرسەتكەن تەسىرى ۋە نەۋائىينىڭ كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈڭلار؟**

جاۋاب: ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئۇزاق دەۋرلەردىن بېرى ئۈزۈلمەس ئېقىندەك بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ كەلگەن بۈيۈك

ئەدەبىيات. ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ياشىغان شائىر ـ يازغۇچىلار ئالدىنقىلاردىن ئۆرنەك ئېلىپ، كېيىنكىلەرگە تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇلۇغ شائىر نەۋائىينىڭ ئىجادىيىتىدىمۇ بۇ ھال ئۆزئىپادىسىنى تاپقان. قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەۋائىيغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

1) نەۋائىي ئۇيغۇر تىلىنى جان تىكىپ قوغدىدى ۋە ئۇنىڭ ھەقلىق ۋارىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي مىراسلارنى مۇشۇ تىل بىلەن يازدى.

2) ئەجدادلىرى ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان مەدەنىيەت ئەربابلىرىغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن قارىدى، ئۇلارنى ئۇستاز تۇتتى، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى زوقلىنىپ ئوقۇدى، ئىلغار ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلدى.

3) ئۇيغۇر مىللىي روھى، جۇملىدىن ئەل ـ يۇرت سۆيەرلىك ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشتە ئۇنۇملۇك خىزمەتلەرنى قىلدى.

ئۇ، ئەسەرلىرىدە ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن شائىرلار ياراتقان خەلق داستانلىرى سيۇژىتلىرىدىن پايدىلانغان بولسىمۇ، لېكىن قەھرىمانلارنىڭ روھىي قىياپىتى، يۇرتى، خاراكتېرى قاتارلىقلارغا قويۇق مىللىي تۈسنى سىڭدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ خەلقپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئىپادىلىدى، ئۇيغۇر تىلىنى جان تىكىپ قوغداپ، XV ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شۆھرىتىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى. بۇ ھال كېيىنكى شائىرلارنىڭ ۋەتەن سۆيەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك روھىنىڭ يېتىلىشىگە، تۈرك ـ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ساپلىقىنى قوغداپ، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش روھىنى كۈچەيتىشكە ھەيدەكچى بولدى. نەۋائىي ياراتقان مىللىي قەھرىمانلار، شېئىرىي تىل، ئۇسلۇب قاتارلىقلار كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى، نۇرغۇن شائىرلار بۇلاردىن ئۆرنەك ئېلىپ، كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

**16. «خەزائىنۇل مەئانى»، «خەمسە نەۋائىي» نىڭ**

ئالاھىدىلىكى ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

جاۋاب: «خەزائىنئۇل مەئانى» نەۋائىي ئۆزىنىڭ ياشلىق، يىگىتلىك، ئوتتۇرا ياشلىق، قېرىلىقتىن ئىبارەت ھايات مۇساپىسىگە سىمۋول قىلىپ ئالاھىدە تەرتىپتە تۈزگەن لىرىك شېئىر توپلىمى بولۇپ، بۇ تۆت توپلام بولغانلىقى ئۈچۈن «چاھار دىۋان» دەپمۇ ئاتالغان.

نەۋائىي «خەزائىنئۇل مەئانى» (مەنىلەر خەزىنىسى) دە باشقا لىرىك شېئىرلىرىغا ئوخشاش، لىرىكىنىڭ تار تېماتىك دائىرىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ خىلمۇخىل مەسىلىلىرىنى، جۈملىدىن، پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي، غايىۋى مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرىپ، زور يېڭىلىق ياراتتى؛ خەلقپەرۋەرلىك، ئىنساننىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، خەلقنىڭ ئەقىل - پاراستىگە بولغان ئىشەنچ، سۆيگۈ - ۋاپانى مەدھىيىلەپ، رىيازەت ۋە جاھالەتنى پاش قىلىش ئەسەرنىڭ ئاساسىي تېمىسى، يېتەكچى ئىدىيىسى بولدى. بۇ ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە يۇكسەكلىكى مانا مۇشۇ يەردە.

«خەمسە نەۋائىي» ھىراتتا ئۇيغۇر - تۈركىي تىل بىلەن يېزىلغان، مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتتە ئۆز ئارا باغلىنىشلىق بولمىغان، ئەمما، مەنىۋى شەكىلدىن ئىبارەت ئورتاق شېئىرىي ئەندىزە بويىچە يېزىلغان، مۇستەقىل بەش داستان بىرلەشتۈرۈلگەن ئەدەبىي توپلام.

«خەمسە نەۋائىي» نىڭ بىرىنچى داستانى پەلسەپىۋى داستان بولۇپ، بەشىنچى داستانى غايىۋى دۆلەت ۋە غايىۋى پادىشاھ توغرىسىدا، قالغان ئۈچ داستانى ئىشق - مۇھەببەت، جۈملىدىن ھىجران پاجىئەلىرى توغرىسىدا يېزىلغان.

«خەمسە نەۋائىي» غا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەر مەيلى نېمىنى تېما قىلمىسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۇدەك ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ يېڭى ۋە ئەڭ يۇقىرى تەبىئەت پەلسەپىسى، بىلىش نەزەرىيىسى، ئىلىم - پەن مەسىلىسى ئىپادىلەنگەن.

## 17. «خەمسە نەۋائىي» ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى داستانلار

هەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟

جاۋاب: «خەمسە نەۋائىي» (1483 ـ 1485) ھىراتتا ئۇيغۇر ـ تۈركىي تىلى (چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى) دا يېزىلغان. ئۇنىڭغا «ھەيرەتۇلئەبرار»، «پەرھاد ـ شىرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «سەبئەئى ـ سەييار»، «سەددى ئىسكەندەر» قاتارلىق بەش داستان كىرگۈزۈلگەن، تەخمىنەن 52 مىڭ مىسرادىن تۈزۈلگەن.

**18. «ھەيرەتۇلئەبرار» دا نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟**

جاۋاب: «ھەيرەتۇلئەبرار» «خەمسە نەۋائىي» دىكى بىرىنچى داستان. ئۇ، مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن پەلسەپىۋى داستان تۈركۈمىگە تەئەللۇق. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى مۇقەددىمە، ئاساسىي قىسىم ۋە خاتىمىدىن تەركىب تاپقان. مۇقەددىمە قىسمىدا شائىر ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن خەمسە ئۇستىلىرى نىزامى گەنجىۋى، خىسراۋ دېھلەۋى ۋە ئابدۇراخمان جامىلار توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدۇ. ئاندىن ئۆزىنىڭ بۇ داستاننى يارىتىشتىكى مۇددىئاسىنى بايان قىلىدۇ. داستاننىڭ ئاساسىي قىسمىدا ئەخلاق، دىن، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ھايات توغرىسىدا ئايرىم ـ ئايرىم توختىلىدۇ. شائىر جاھالەت، رەزىللىك، قاباھەتلىك ۋە ئاچ كۆزلۈكنى قاتتىق قامچىلاپ، كەڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ بىلىم تەشنالىقى بىلەن تۇرمۇش قارىشىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. داستاننىڭ خاتىمىسى ئەمەلىيەتتە مەزكۇر ئەسەرنىڭ يەكۈنى بولۇپ، شائىرنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك دۇنيا قارىشى بىلەن داستاننىڭ يېزىلىش جەريانىدىكى ئەگرى ـ توقايلىقلار قىسقىچە بايان قىلىنغان.

**19. «پەرھاد ـ شىرىن» داستانىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى نېمە؟**

جاۋاب: «پەرھاد ـ شىرىن» داستانى نەۋائىي ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ تەسىرلىك داستانلارنىڭ بىرى. «پەرھاد ـ شىرىن» داستانىنى شائىر «مېھنەتنامە ۋە پىراقنامە» دەپمۇ تەرىپلىگەن. ئۇنىڭدا چىن مەملىكىتىنىڭ شاھزادىسى پەرھاد بىلەن ئەرمەن ئېلىنىڭ گۈزىلى

مەلىكە شىرىن ئارىسىدا بولغان تەسىرلىك مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنىدۇ. داستاندا شائىر پەرھاد بىلەن شىرىننىڭ سۆيگۈ - مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىگە باغلاپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ گۇمانىزم، خەلقپەرۋەرلىك، خەلقلەر دوستلۇقى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، تىنچلىقپەرۋەرلىك، خەلق پاراۋانلىقى، ئەمگەك سۆيەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، يېزا ئىگىلىك، سۇ مەسىلىسى، ئادىللىق، بىلىملىك، زالىملىق، نادان شاھ قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر، جۈملىدىن شائىرنىڭ ئاساسىي غايىسىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەر مەركەزلىك ھالدا بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

نەۋائىي «پەرھاد - شىرىن» ناملىق خەلق رىۋايىتىنى يېڭى ئىدىيە، يېڭى مەزمۇن بىلەن رويابقا چىقىرىپ، بەلگىلىك ئىجتىمائىي ۋە ئېستېتىك ئۈنۈم ھاسىل قىلغان.

**20 - «پەرھاد - شىرىن» داستانىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟**

جاۋاب: «پەرھاد - شىرىن» داستانى ئۆز دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەك پىرامىداسى. شائىر ئۆزىنىڭ بەدىئىي تالانتىنى بۇ داستان ئارقىلىق قايتا بىر قېتىم نامايان قىلدى. داستاننىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا سۆز ئېچىش تولىمۇ مۈشكۈل ئىش بولسىمۇ، لېكىن مۇھىم دەپ قارالغانلىرىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1) داستان پېرسوناژلىرى يارقىن ئىندىۋىدۇئاللىققا ۋە تىپىكلىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. شائىر داستاندا 10 غا يېقىن خاس ئادەملەر ئوبرازى، ئۇنىڭدىن باشقا بىرقانچە ئون ھەرخىل ئوبرازلارنى ياراتتى. پېرسوناژلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەت بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ، يەنى بۇلار دۇنيا قاراش، غايە، مەقسەت، مىجەز - خۇلق، تاشقى قىياپەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزئارا بىر - بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، پەرھادنىڭ شىجائىتى، ئىجادكارلىقى، چىدامىلىقى، سەمىمىيلىك ۋە كەمتەرلىكى، ئەپچىللىكى، كۈچلۈك ۋە باتۇرلۇقى، قەددى - قامىتىگە ماسلاشقان چىرايى ۋە كىچىك پېئىللىقى بىلەن؛ شىرىن جەزبىدار خۇلق -

مىجەزى، نازاكەتلىكلىكى، ئويياتچانلىقى، ۋاپادارلىقى، قەتئىيلىكى، ئۆز ھۆسىن ـ جامالى بىلەن ئوقۇغۇچى كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. سەلبىي پېرسوناژلار بولسا نادان، جاھىل، زالىم، قۇۋ، شەخسىيەتچى، قارا نىيەتلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىپ، ئوقۇغۇچىنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغايدۇ. خىسراۋنىڭ ئەسلىي خاراكتېرىگە يەنە قوپال مىجەزلىك، بەتبەشىرە ئالاھىدىلىكلىرىنى قوشۇپ تەسۋىرلەش ئۇنىڭ ماھىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئېچىشقا ياردەم بەرگەن.

2) داستاندا پېرسوناژلارنىڭ پورترېتى بىلەن پسىخىكىسى تەبىئىي ۋە مۇۋاپىق ماسلاشقان، بۇنىڭغا «جاھاننەما» ئەينىكىدە شېرىننى كۆرگەندىكى پەرھادنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشى ۋە شېرىننىڭ پەرھادقا يازغان خېتى گەۋدىلىك مىسال بولىدۇ.

3) داستاندا تاۋلانغان ئەدەبىي تىل بىلەن ئاۋام خەلقنىڭ جانلىق تىلى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، داستان ۋەقەلىكلىرىنى تەسىرلىك، قىزىقارلىق ئىپادىلەشكە ماسلاشتۇرۇلغان، پېرسوناژلار تىلىنى تىپىكلىككە ۋە خاسلىققا ئىگە قىلغان.

**21. «لەيلى ـ مەجنۇن» داستانى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟**

جاۋاب: «لەيلى ـ مەجنۇن» داستانى ئەرەب خەلق رىۋايەتلىرى ئاساسىدا يېزىلغان داستان بولۇپ، شائىر بۇ داستاننى «ماتەمنامە» دەپمۇ ئاتىغان. ئۇنىڭدا ئابرۇيلۇق قەبىلە باشلىقىنىڭ قىزى لەيلى بىلەن ئادەتتىكىدەك قەبىلە باشلىقىنىڭ ئوغلى مەجنۇن (قەيس) ئوتتۇرىسىدىكى ئىشق ـ مۇھەببەت ۋە ۋىسال مىنۇتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى تىرىشچانلىقلار، سەرگۈزەشتىلەر بايان قىلىنغان. نوپۇز ۋە بايلىقنىڭ پەرقلىق بولغانلىقى تۈپەيلى ئۆزىنى كىشىلەردىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدىغان، ئەمما ئىنسانىي مۇھەببەت تۇيغۇسىدىن مەھرۇم بولغان لەيلىنىڭ دادىسىنىڭ كاشىلىسى بىلەن كىچىكىدىن سىرداش، پاك ھېسسىياتلىرى ئۆزئارا ئۆتۈشۈپ، سۆيگۈ مۇساپىسىگە بىللە قەدەم قويغان ئىككى ياشنىڭ بىۋاقىت كۆز يۇمۇشى فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ رەزىللىكىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. شائىر بۇ داستاندا قىزلارنىڭ ئىنسانىي ھېسسىياتىغا ھۆرمەت

قىلىپ، ئۇلارنى ماددىي تاۋار قىلماسلىققا كىشىلەرنــــى دالالەت قىلغان.

**22. «سەبئەئى ـ سەييار» ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟**
جاۋاب: شائىر بۇ داستاننى «زەۋقناك ھەڭگامە» (قىزىقارلىق ھېكايە) دەپمۇ تەرىپلىگەن. شائىر داستاندا ئىران شاھى بەھرامنىڭ چىنلىق سودىگەرنىڭ ئاسراندى قىزى دىلئارامنى ياخشى كۆرۈپ قېلىش سەۋەبى بىلەن ئەل ـ يۇرتنىڭ ئىشىنى ئېسىدىن چىقىرىپ، ھاۋايى ـ ھەۋەس، كەيپى ـ ساپاغا بېرىلىشى نەتىجىسىدە، ئاخىر ھالاك بولغانلىقىنى سۈرەتلەش ئارقىلىق دەۋرنىڭ ھۆكۈمرانىنــــى ئاگاھلاندۇرۇپ ئۆتكەن.

**23. «سەددى ئىسكەندەر» ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟**
جاۋاب: داستاندىكى باش قەھرىمان ئىسكەندەر مىــــلادىيەدىن بۇرۇنقى 356 ـ يىلىدىن 323 ـ يىلىغىچە ھايات كەچۈرگەن. ئۇ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 336 ـ يىلىدىن 323 ـ يىلىغىچە بولغان 13 يىللىق پادىشاھلىق ھاياتىدا ئۆز دۆلىتىنى مىسلىســــــز قۇدرەت تاپقۇزۇپ، نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايونلارنى ئىستېلا قىلغان. ئۇنىڭغا دائىر رىۋايەتلەر دۇنيانىڭ جاي ـ جايلىرىغا تارقالغان.
نەۋائىي ئىسكەندەر تېماتىكىسى ئارقىلىق ئەينى زامانىنــــىڭ دۇنياۋى ۋە مەھەللىۋى رېئال ئىجتىمائىي ھاياتىغا ئاساسەن ئۆتكۈر تەنقىد ۋە ئىسلاھات پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇنىڭ قەلىمى بىلەن تىزىلغان مىسرالار تارىختا كۆرۈلمىگەن ۋە ئەينــــى زامان شارائىتىدىمۇ بولۇشى مۇمكىن بولمىغان ئالەمشۇمۇل ئۆزگەرتىشنىڭ غايىۋى تەسۋىرىدىن ئىبارەت. ئۇ، نوقۇل تۆمۈرىلەر ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى پارچىلىنىپ كېتىۋاتقان ھاكىمىيەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە بىرقەدەر تەرەققىيپەرۋەر، مەركەزلەشكەن پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ئورنىتىش بىلەن چەكلەنمىگەن.
ئىسكەندەر ئوبرازى: ئەلىشىر نەۋائىي تەسۋىرىدىكى ئىسكەندەر تارىختا ياشاپ ئۆتكەن ئىسكەندەر ئوبرازىغا ئەمەس، بەلكى غايىۋى جەمئىيەتتە بولۇشى لازىم بولغان ئىسكەندەر ئوبرازىغا بېغىشلانغان

ئىدى. ئەلىشىر نەۋائىي ئۆز ئۇستازلىرىدىن پەرقلىق هالدا تارىخىي شەخس ئىسكەندەرنى بەدئىي ۋاسىتىلەر بىلەن غايىۋىلەشتۇرمىگەن ۋە ياكى پەيغەمبەر سۈپىتىدە ئىلاھىيلاشتۇرمىغان، بەلكى غايىۋى پەيلاسوپ، دۆلەت باشلىقىنى ئىسكەندەر نامى ئاستىدا سىزىپ چىققان.

شائىر مەزكۇر داستاندا پەيلاسوپ، ئالىم ۋە ئادالەتلىك پادشاھ ئوبرازىنى بىر گەۋدە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي غايىلىرىنى، ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي مەسىلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى، ئۆزىنىڭ بىر پۈتۈن گۇمانىستىك تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. مۇنداق قىياپەتتىكى ئىسكەندەر كىچىكىدىن شاھلىق سەلتەنىتى ۋە مال ـ دۆلەت شۆھرىتىگە ئەمەس، بەلكى بىلىم ۋە ھەقىقەتكە قىزىقىدۇ. ئارستوتىل ۋە ئۇنىڭ دادىسى ناقۇماجىس قولىدا تەربىيىلىنىدۇ. ئۇنىڭ دادىسى پەيلاقۇس ۋاپات بولغاندا، تەختكە چىقىشقا قىزىقمايدۇ. ئاخىرى زۆرۈرىيەت، مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەت تۈپەيلى ئىختىيارسىز شاھلىق تەختىگە چىقىدۇ. ئۇ، ئەلدە ئاسايىشلىق ئورنىتىپ زور كۆلەملىك ئىسلاھات ئېلىپ بارىدۇ، زالىم ئەمەلدارلارنى جازالايدۇ، ئەمەل ـ مەنسەپتىن يىراقلاشتۇرىدۇ، باج ـ سېلىق، باھا ۋە مىزاننى بىرلىككە كەلتۈرىدۇ، ئالدامچىلىق ۋە ساختىپەزلىككە خاتىمە بېرىدۇ. ئىسكەندەر ئادالەت سىمۋولى ۋە نىجاتكار سۈپىتىدە مۇستەبىت داراغا قارشى جەڭلەرگە يۈرۈش قىلغاندىمۇ، مۇنداق ئادالەت ۋە ئاسايىشلىقنى پۈتۈن يەر يۈزىدە بەرپا قىلىشنى نىيەت قىلىدۇ. ئۇ، دارانىڭ جاھانگىرلىك، مۇستەبىتلىك ۋە مۇستەملىكىچىلىكىگە زىت هالدا باشقا ئەللەر ۋە خەلقلەرگە ھۆرلۈك ۋە بەخت ئېلىپ كېلىدۇ. ئىسكەندەرنىڭ چىن خاقانى بىلەن بولغان دوستانە ۋە ئىتتىپاقلىق سۈلھىسى بۇنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ.

**24. «خەمسە نەۋائىي» نىڭ تارىخىي ئورنى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟**

جاۋاب: شائىرنىڭ «پەرھاد ـ شىرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «سەبئەئى ـ سەييار» قاتارلىق بۇ ئۈچ داستانى ئومۇمىيلىق جەھەتتە ئىشق ـ مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغاندەك

بىلىنىمۇ، لېكىن ئايرىم - ئايرىم كۆزەتكەندە بۇ داستانلاردا ئىشق - مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى ئوخشاشمىغان يول بىلەن ئىپادىلەنگەن، مەسىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، ۋەقەلىك راۋاجى ۋە داستاننىڭ يېشىملىرى پۈتۈنلەي ئۆزگىچە بولغان.

«خەمسە نەۋائىي» غا كىرگۈزۈلگەن بەش داستان ئۆتمۈش ئەدىبلىرى، ئادالەت ۋە تىنچلىققا تەلپۈنگەن ئەمگەكچىلەر ۋە باشقا تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنى قانچىلىك ئۆزىگە تارتقان بولسا، هازىرقى دەۋر ئەدىبلىرى ئۈچۈن ھەم بەدىئىي دىت ۋە تەسەۋۋۇرنى يېتىلدۈرۈشكە ياردىمى چوڭ بولغان ئىجادىيەت ئۆرنىكى، ئۇنىڭدىن باشقا، ئوقۇرمەنلەرمۇ ئۇلاردىن نۇرغۇن مەنىۋى زوق ئالالايدۇ.

## 25. «مەھبۇبۇل قۇلۇب»، «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتيىن»، «مەجالىسۇن نەفائىس»، «لىسانۇتتەيىر» لەر قانداق ئەسەر؟ ئۇلاردا نېمىلەر سۆزلەنگەن؟

جاۋاب: «مەھبۇبۇل قۇلۇب» (قەلبلەر سۆيگۈسى) ئۇلۇغ شائىر نەۋائىينىڭ ۋاپاتىدىن بىر يىل بۇرۇن يېزىلغان. شائىر ئەسىرىدە ياشلىق دەۋرىنىڭ باشلىنىشىدىن تارتىپ هاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان پۈتكۈل ھاياتىدىكى تەجرىبە ۋە بىلىمىنى يەكۈنلىدى. بۇ ئەسەر شائىرنىڭ پۈتكۈل ھاياتىدىكى تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ، ئىجتىمائىي، سىياسىي قاراشلىرىنىڭ، ئەخلاقىي تەشەببۇسلىرىنىڭ، پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ جەۋھىرىدۇر.

«مۇھاكىمەتۇل لۇغەتيىن» 1499 - يىلى ئۇيغۇر - تۈركىي تىل بىلەن پارس تىلىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇيغۇر - تۈركىي تىلىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن گۈزەل بەدىئىي ئەسەرلەرنى يارىتىشلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە يېزىلغان ئەسەر. ئاپتور ئىككى تىلنى ئىلمىي ئاساستا چوڭقۇر سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇيغۇر - تۈركىي تىلىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى ھەر تەرەپلىمە كۆرسىتىپ چىقىدۇ. بۇ تىلدا ئۇقۇمنى دەل، ئېنىق ئىپادىلەيدىغان، ئىنچىكە، نازۇك ھېس - تۇيغۇلارنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنىڭ كۆپلۈكىنى، بەزى ساھەلەرگە خاس بولغان سۆزلەرنىڭ موللۇقىنى نۇرغۇنلىغان ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ،

ئۇيغۇر ـ تۈركىي تىلىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى كۆپ تەرەپلىمە يېشىپ چۈشەندۈرىدۇ، پارس تىلى بىلەن ئۇيغۇر ـ تۈركىي تىلىنىڭ تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ھەتتا ئۇيغۇر ـ تۈركىي تىلىنىڭ پارس تىلىدىن ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىنى ئىلمىي ئۇسۇل، ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەينى دەۋر تىل تەتقىقاتى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ ئەسەرنىڭ قىممىتى بەك زور.

«مەجالىسۇن نەفائىس» (ياخشىلارنىڭ يىغىلىشى) خەلقنىڭ ئەدەبىيات خەزىنىسىنى مۇھاپىزەت قىلىش، راۋاجلاندۇرۇش، ئەۋلادلارغا يادىكار قالدۇرۇش، جۈملىدىن ئەدەبىياتشۇناسلىق ئىلمىنى راۋاجلاندۇرۇش مەقسىتىدە 1491 ـ يىلى يېزىپ چىقىلغان. بۇ ئەسەردە ئاپتور ئۆزىدىن بۇرۇن ۋە زامانداش ئۆتكەن 459 نەپەر ئاپتورنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىنى، ئىجادىيىتىدىكى خاسلىقىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن. ئاپتور يەنە ئۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئىجادىيەتلىرىدىن نەمۇنىلەرنى بېرىپ، ھەر بىر سەنئەتكارغا قىسقىچە باھا بەرگەن، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

«لىسانۇتتەيىر» 1498 — 1499 ـ يىللىرى يېزىلغان. ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى قۇشلاردىن ئىبارەت بولۇپ، قۇشلارنىڭ تىلى ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىق شائىر ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن. داستاندا بىر توپ قۇشلارنىڭ ھۆپۆپنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇزاق ۋە قىيىن مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، كۇھىقاپتا تۇرىدىغان قۇشلارنىڭ پادىشاھى سىمۇرغنىڭ ۋىسالىغا يېتەكچى بولغانلىقىدەك ۋەقە سۆزلەنگەن.

# X باب يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت

**1. يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى قانداق بولغان؟**

جاۋاب: يەكەن خانلىقى (1514 ـ 1678) دەۋرىدە سەئىدخان ۋە ئابدۇرەشىتخانلارنىڭ دانا تەدبىرى ئارقىسىدا مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت مىسلىسىز گۈللىنىش ھالىتىگە قەدەم قويدى. ئەدەبىيات ئۇيغۇر تىلىنى ئاساس قىلىپ راۋاجلىنىش بىلەن بىرگە پارس تىلىدىمۇ ئىجادىيەتلەر ئېلىپ بېرىلدى. مائارىپ ۋە ئىلمىي پائالىيەتلەردە ئەرەب تىلىمۇ قوللىنىلدى. خان ـ ئەمەلدارلار مەدەنىيەتكە قىزىقىدىغان، يېڭىلىقنى قوللايدىغان ياخشى بىر ۋەزىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن مائارىپ گۈللىنىش شارائىتىغا ئىگە بولۇپ، تەرەققىيات ئىلگىرى سۈرۈلدى. بۇ ھال ئەدەبىيات ۋە باشقا مەدەنىي پائالىيەتلەرنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ دەۋردىكى مەدەنىيەت ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە چاغاتاي مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان يېڭى بىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بولۇپ شەكىللەنگەنلىكى بىلەن ئەھمىيەتلىك. يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى تارتىپ تاكى ئاخىرغىچە نۇرغۇنلىغان شائىر ـ يازغۇچىلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، نادىر ئەسەرلەرنى قالدۇرغان، ئەدەبىيات ۋە سەنئەت مىسلىسىز گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويغان. بۇ دەۋرنى مۇشۇ ئالاھىدىلىكى بويىچە تەتقىقاتچىلار «شائىرلار دەۋرى» دەپ ئاتىغان.

**2. سەئىدى، رەشىدى، نەفسەلەرنىڭ يەكەن خانلىقى دەۋرى مەدەنىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنى قانداق؟**

جاۋاب: 1) «سەئىدى» (1486 ـ 1533) يەكەن خانلىقىنىڭ

قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى. ئۇ،
خانلىقنىڭ دەسلەپكى ۋاقتىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شائىر،
سىياسىئون ۋە ھەربىيشۇناس. «تارىخىي رەشىدى» دېگەن كىتابتا
بايان قىلىنىشىچە سۇلتان سەئىدخان ھىممەتلىك، سېخىي،
شىجائەتلىك، خۇش تەبىئەت، مۇسۇلمان، ئادىل ۋە شائىر پادىشاھ
بولۇپ، پارس تىلى ۋە تۈركىي تىلدا ياخشى شېئىرلارنى يازغان،
لېكىن، شائىرنىڭ بىزگىچە بىرەر دىۋانى تولۇق يېتىپ كېلەلمىگەن
بولسىمۇ، تارىخىي كىتابلاردا بىرقانچە شېئىرى ساقلىنىپ قالغان.
ئۇ، شېئىرلىرىدا رېئال ئادەمگە چىن دىلىدىن مۇھەببەت باغلاپ،
دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن تۈرتكە بولغان.

2) «رەشىدى» (1510 ـ 1560) يەكەن خانلىقىنىڭ ئىككىنچى
ئەۋلاد خانى ئابدۇرەشىتخاننىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى. ئۇ، ئەنجاندا
تۇغۇلغان، كېيىن دادىسى بىلەن يەكەنگە كېلىپ، دادىسىنىڭ
ۋاپاتىدىن كېيىن 1533 ـ يىلىدىن 1560 ـ يىلىغىچە يەكەن
خانلىقى تەختىدە ئولتۇرغان. ئۇ، خانلىقنىڭ دەسلەپكى ۋاقتىدا
ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، ئۆز ئەتراپىغا شائىر، ئۆلىما،
مەشھۇر سىياسەتچى، ھەربىي ئىشلار ماھىرى، پەن ۋە مەدەنىيەت
ئەرباپلىرىنى توپلاپ، سەئىدىيە خانلىقى ئىلىم ـ مەرىپىتىنىڭ
گۈللىنىشى ئۈچۈن زور تۆھپە كۆرسەتكەن، ئۆزىمۇ قەلەم تەۋرىتىپ،
ئۇيغۇر ۋە پارس تىلىدا نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى يازغان. تارىخچى
مەھمۇد جوراس: «ئابدۇرەشىتخان خۇش تەبىئەتلىك، خۇش نەپەس
كىشى ئىدى، خەتنى چىرايلىق يازاتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى كۆپ
ئىدى» دەپ يازغان. تارىخىي مەنبەلەردە ئۇنىڭ «دىۋان
رەشىدى»، «غەزەلىيات رەشىدى» قاتارلىق ئىككى شېئىرىي توپلامى،
«كىتابىي تەربىيە ئەنتەربىيە» دېگەن كىتابى، شۇنداقلا
«سىلاتىنىنامە»، «مەشۇقنامە» قاتارلىق داستانلىرى بارلىقى مەلۇم.
شائىرنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان شېئىرلىرىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ
تېماتىكىسى ھەق ـ ئادالەت، تەڭلىك، باراۋەرلىك، چىن ئىنسانىي
مۇھەببەت، ئىنسانىي ئەخلاق، ئىنسانپەرۋەرلىك تېمىلىرىغا
بېغىشلانغان. رەشىدى ئۆز دەۋرىنىڭ رېئال ئىجتىمائىي
زىددىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، زامانىسىنىڭ مەدەنىيەتلىك

كىشىسى سوپىتىدە تارىخنى ياخشى بىلىدىغان، تارىخىي تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەيدىغان ئالىيجاناب شەخس.

3) «نەفىسە» (1523 ـ 1557) ئابدۇرەشىتخاننىڭ ئايالى ئامانىساخاننىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى. ئۇ، ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىيات تارىخىدا ئاياللار ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان چوڭ نامايەندە، مەدەنىيەت ئەربابى، ئوتتۇرا ئەسىر زۇلمەت دۇنياسىدا پارلىغان نۇرلۇق يۇلتۇز. ئۇنىڭ «دىۋان نەفىسە» ناملىق بىر شېئىرلار توپلىمى، «ئەخلاقۇل جەمىلىيە» ناملىق بىر پەندى ـ نەسىھەت خاراكتېرىدىكى ئەسىرى، «شۇرۇھۇل قۇلۇب» (قەلبلەر شەرھى) ناملىق بىر رىسالىسى، «ئىشرەت ئەنگىز» ناملىق بىر مۇقامى بار بولۇپ، خەتتاتلىق ۋە نەغمىچىلىكتە داڭق چىققان شائىرە ئىدى. ئۇ، مۇزىكا ساھەسىدىمۇ نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۇرۇپ، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ رەتلىنىشىگە نۇرغۇن تۆھپە قوشقان.

**3. سەئىدى ۋە رەشىدىلەر شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟**

جاۋاب: سەئىدى شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئىجتىمائىي رېئاللىققا چوڭقۇر باغلانغان، ئۆز دەۋرىدە خېلى بازار تاپقان سوپىستىك ئەدەبىياتنىڭ ئىلاھىيەتچىلىك ئىدىيىسىگە قارشى ھالدا رېئال دۇنيادىكى ئىنسان گۈزەللىكىنى مەدھىيىلىگەن، ھۆر-پەرىلەر گۈزەللىكى ئورنىغا ھەقىقىي ئىنساننىڭ گۈزەللىكىنى چىن دىلىدىن كۈيلىگەن. ئۇ، شېئىرلىرىنى ئىخچام، لېكىن چوڭقۇر مەزمۇنلۇق يازغان. ئۇ ئىجادىيەت بىلەن خېلى ئۇزاق مەزگىل شۇغۇللانغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى تۇرلۇك ئىجتىمائىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ئەسەرلىرى زامانىمىزغا تولۇق يېتىپ كېلەلمىگەن.

رەشىدىنىڭ شېئىرلىرىدا ھەق ـ ئادالەت، تەڭلىك، باراۋەرلىك، چىن ئىنسانىي مۇھەببەت، ئىنسانىي ئەخلاقىي مىزانلار، ئىنسانپەرۋەرلىك قاتارلىقلار زوق ـ شوخ بىلەن كۈيلەنگەن. ئۆز دەۋرىنىڭ رېئال ئىجتىمائىي زىددىيەتلىرىگە، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە توغرىلىق بىلەن جاۋاب بېرىلگەن.

## 4. مۇھەممەد مىرزا ھەيدەرنىڭ ھاياتى توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىز؟

جاۋاب: مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر (1500 ـ 1551) يەكەن خانلىقىنىڭ سىياسىي، ھەربىي ۋە مەدەنىي ئىشلىرىغا كۆرۈنەرلىك ھەسسە قوشقان ئاتاقلىق زات. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەد ھۇسەيىن كوراگان بىننى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر گوراگانى (خاننىڭ كۈيئوغلى)، ئەدەبىي تەخەللۇسى «ئايازى شىكەستە». ئۇ، قەشقەرلىق بولۇپ، دادىسى مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا تاشكەنتكە باش ۋالىي بولغاندا دادىسىغا ئەگىشىپ تاشكەنتكە بارغان. 1508 ـ يىلى دادىسى شايبانىخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندە، مىرزا ھەيدەر كابۇلغا بېرىپ بابۇر شاھنىڭ پاناھلىقىغا ئۆتكەن، كېيىن سەئىد خاننىڭ تەكلىپى بىلەن ئەنجانغا كېلىپ ئۇنىڭ قوشۇنىغا قاتناشقان ۋە يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىغا كۆپ كۈچ قوشقان. مىرزا ھەيدەر 1533 ـ يىلى سەئىدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھىندىستانغا بېرىپ بابۇر شاھنىڭ ئوغلى ھومايۇن شاھنىڭ ئوردىسىدا مەنسەپكە ئىگە بولغان، كېيىن تىبەت ۋە باشقا جايلاردا ئۇرۇشقا قاتناشقان، 1541 ـ 1551 ـ يىللارغىچە كەشمىردە بىر ھۆكۈمەت قۇرۇپ، بىر مەزگىل ھاكىمىيەت تۇتقان بولسىمۇ، 1551 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى كەشمىرگە تەۋە بىربال دېگەن جايدا توپىلاڭچىلارنىڭ ئوقىدا ۋاپات بولغان.

## 5. «تارىخىي رەشىدى» قانداق ئەسەر؟

جاۋاب: بۇ ئەسەرنى مىرزا ھەيدەر كەشمىردە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان ۋاقىتلىرىدا دەسلەپ پارس تىلىدا يېزىپ، كېيىن ئۆزى چاغاتاي تىلىغا تەرجىمە قىلغان. «تارىخىي رەشىدى» تۇغلۇق تۆمۈرخان (1329 ـ 1363) دىن ئابدۇرەشىتخان زامانىسى (1545 ـ يىل) غىچە بولغان ئىككى ئەسىرلىك تارىخىي جەريانىنى ئىپادىلەپ بېرىشكە قارىتىلغان. ئۇنىڭ «تارىخىي رەشىدى» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ ئابدۇرەشىتخانغا بولغان سەممىمىي دوستلۇقى، ئابدۇرەشىتخان ئالدىدا ھېچقانداق گۇناھىنىڭ يوقلۇقىدىن

بولغان. «تارىخىي رەشىدى» نىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ تەختكە چىقىشىدىن باشلاپ، شەرقتە يەكەن خانلىقىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى، سەئىدخاننىڭ ۋاپاتى، رەشىدخاننىڭ تەختكە چىقىشى قاتارلىق جەريانلاردىكى مۇرەككەپ تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ. بۇ، تارىخىي ئەسەر بولسىمۇ، تارىخنى بەدىئىي يوسۇندا ئىپادىلەپ بەرگەنلىكى بىلەن سەئىدىيە خانلىقى ئەدەبىيات تارىخىدا تولىمۇ ئەھمىيەتلىك. ئۇنىڭدا ۋەقەلەر بايانى جەريانىدا كۆز قاراشلار شېئىرىي تىل بىلەن بايان قىلىنغان. نەسرىي بايانلىرىدىمۇ ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇلغان چاچما شېئىرىي تىل ئىشلىتىلگەن.

### 6. «جاھاننەما» داستانىنىڭ ئىدىيىۋىلىكى ۋە بەدىئىيلىكى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟

جاۋاب: مىرزا ھەيدەر بۇ ئەسەرنى 1528 ـ 1533 ـ يىللىرى يازغان. بۇ ئەسەر چوڭ ھەجىملىك داستان بولۇپ، يەكەن خانلىقى دەۋرى بەدىئىي تەپەككۇر تەرەققىياتىدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە يىرىك داستان. ئەسەر مەسنەۋى شەكلىدە، شەرق داستانچىلىق ئۇسلۇبى بويىچە يېزىلغان بولۇپ، ھەمدۇساناغا 60 مىسرا، داستاننىڭ يېزىلىش سەۋەبىگە 160 مىسرا، شائىرنىڭ ئۆز ھېسسىياتىغا دائىر مەسىلىلەرگە 32 مىسرا، ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىغا 2398 مىسرا بېغىشلانغان.

ئەسەرنىڭ يېزىلىش مەقسىتى شۇكى، شائىر ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، يەكەن خانلىقى دەۋرىدە شىنجاڭغا يامراشقا باشلىغان سوپىزم تەركىيدۇنياچىلىقىغا قارشى تۇرۇپ، خەلق ئۆز قولى بىلەن باراتقان بەخت ـ سائادەتنى قوغداپ قېلىشتەك ئىلغار ئىدىيىنى تەشەببۇس قىلغان. يىرىك فېئوداللىق دۆلەت قۇرۇپ، ئۇنى ئادىل، بىلىملىك شاھقا تاپشۇرۇپ، خەلققە بەخت ـ سائادەت يارىتىش ئىدىيىسىنى ئالغا سۈرمەكچى بولغان. ئالەم توختاۋسىز ھەرىكەت تىلىپ، ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، گۈللىنىشنىڭ ئارقىسىدا ھالاكەت، تۈگىنىشنىڭ ئارقىسىدا ئۆلۈم بار. ئالەم، تىرىكلىك، خۇشاللىق ۋە گۈللىنىش ئۆزگەرمەس نەرسە، دەپ ئويلاش بىخۇدلۇق. ئادەم ھەمىشە ھوشيار بولۇشى لازىم. ئۆتۈۋاتقىنى سائەتتەك

توۋۇلسىمۇ، لېكىن ئېلىپ كەتكىنى ئادەمنىڭ ئۆمرىدۇر، دېگەن ئىدىيىنى ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

داستاندا تۇرمۇش چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتكەن. شائىر ھاياتنى رېئالىزملىق كۆز بىلەن كۆزىتىدۇ. لېكىن، ئەسەردە رومانتىزم بىر قالقان بولۇپ، شائىرنىڭ ھەقىقىي ئىجتىمائىي بولغان مۇددىئاسىنى زور دەرىجىدە يېپىپ تۇرىدۇ.

## 7. مىرزا زىيرەك چالىش ۋە ئايازبىك قوشچىلارنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭ؟

جاۋاب: مىرزا زىيرەك چالىش قارا شەھەردە تۇغۇلغان بولۇپ، ئابدۇرەشىتخان ۋە ئابدۇكەرىمخان زامانىدا ياشىغان شائىر ۋە سازەندە، 1533 ـ يىلى قارا شەھەردىن قەشقەرگە كەلگەن. يەكەن خانلىقى ئوردىسىدا يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە شەخسلەردىن بولغان. ئابدۇكەرىمخان ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۇستازى دەپ تونۇغان، ئۇ ئابدۇرەشىتخاننى ھۆرمەتلەپ «قوشاقچى بابا» دەپ ئاتىغان. ئۇ نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى يازغان بولسىمۇ، زامانىمىزغا يېتىپ كېلەلمىگەن، «تارىخىي رەشىدى» دە ئىككى مىسرا شېئىرى مىسالغا ئېلىنغان.

ئايازبىك قوشچى ئابدۇرەشىتخان زامانىدا ئۆتكەن شائىر. ئۇ خۇش تەبىئەتلىك كىشى بولۇپ، نۇرغۇن قەسىدە ۋە لىرىكىلارنى ئىجاد قىلغان، قەسىدىلىرىدە ئابدۇرەشىتخاننىڭ تەختكە چىققانلىقىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي قاراشلىرىنى، دەۋرگە نىسبەتەن باھاسىنى ئىزھار قىلغان. بەزى مەنبەلەردە ئۇنىڭ پەند ـ نەسىھەت خاراكتېرىدىكى «مەھمۇد نامە» ناملىق بىر داستانى بارلىقى مەلۇم. ئۇ ئابدۇرەشىتخان يېڭى تەختكە ئولتۇرغاندا ۋە ئابدۇرەشىتخان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن ئاۋامغا كاتتا توي قىلىپ بەرگەندە ئابدۇرەشىتخانغا ئاتاپ ئىككى پارچە شېئىر ئوقۇغان. ئابدۇرەشىتخان شائىرنىڭ ئىستىداتىغا ئاپىرىن ئوقۇپ، 60 تۇتۇن كىشىنى يەر ـ سۇيى بىلەن ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلغان ۋە كۆپ پۇل، مال ـ مۈلۈك بەرگەن.

**8. قېدىرى يەكەن خانلىقى مەدەنىيەت تارىخىدا قانداق ئورۇنغا ئىگە؟**

جاۋاب: قېدىرى يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر مەدەنىيەت ئەربابى. ئۇنىڭ ئىسمى يۇسۇپ قېدىرخان ياركەندى قېدىرى بولۇپ، ئابدۇرەشىتخان دەۋرىدە مۇزىكا ۋە شېئىرىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ «دىۋان قېدىرى» ناملىق بىر شېئىرلار توپلىمى بار، «ۋىسال» ناملىق بىر مۇقامنى ئىجاد قىلغان، راۋاب، ھەشتار قاتارلىق چالغۇ - ئەسۋابلارنى كەشىپ قىلغان. ئۇنىڭ «‹دىۋان قېدىرى› نىڭ مۇقەددىمىسى» ناملىق بىر توپلىمۇ بار بولۇپ، ئۇنىڭدا تۆرلۈك مەزمۇنلار تۆرلەر بويىچە توققۇز توم قىلىپ جەملەنگەن.

قېدىرخان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، 12 مۇقامنى رەتلەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشتا زور تۆھپە قوشقان.

**9. «‹دىۋان قېدىرى› نىڭ مۇقەددىمىسى» دە نېمىلەر سۆزلەنگەن؟**

جاۋاب: «‹دىۋان قېدىرى› نىڭ مۇقەددىمىسى» دە تۆرلۈك مەزمۇنلار سۆزلەنگەن. ئۇ، توققۇز جىلد قىلىپ تۈزۈلگەن. ئۇنىڭ مەزمۇنلىرى (1) روھنى ئارتتۇرۇش چىلىرى؛ (2) تاللانغان ۋەزىنەتلىكلەر؛ (3) شاھانە بېيىت ۋە پايدىلىقلىرى؛ (4) لاتاپەت ئارىلاش ۋە يېتىشكەنلىرى؛ (5) ئۇلۇغلاش ھېسسىياتىنى قوزغايدىغان، كۆڭۈلگە ياقارلىرى؛ (6) مىسلىسىز تاق بېيىتلىرى؛ (7) لەتىپ ۋە راۋانلىقى مۇقەررەر مۇئەممالار؛ (8) تەبىئىيلىكى ئاشكارا ۋە تۇتاش غەزەللەر؛ (9) رىغبەتلىنەرلىك ۋە مۆتىدىللىكلىرى قاتارلىقلاردىن ئىباردت. يۇقىرىقىلارغا قارىغاندا «‹دىۋان قېدىرى› نىڭ مۇقەددىمىسى» خېلى زور ھەجىملىك كىتاب بولۇشى مۇمكىن.

**10. مەھمۇد جوراسىنىڭ ھاياتى، ئىجادىي پائالىيىتى**

**تۇغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىز؟**

جاۋاب: مەھمۇد جوراس (1620 ـ 1698) يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە، خوجىلار دەۋرلىرىنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن تارىخشۇناس، ئەدەبىياتشۇناس ۋە شائىر. ئۇ، يەكەندە ئۇيغۇرلاشقان موغۇل جوراس بەگلىرىدىن مىرزا فازىل جوراس ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ «تارىخىي شاھ مەھمۇد جوراس»، «ئەنىسەت تالىبىن»، «تارىخىي رەشىدى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

**11. «تارىخىي رەشىدى» نىڭ تارىخشۇناسلىق ۋە ئەدەبىياتشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئورنى قانداق؟**

جاۋاب: «تارىخىي رەشىدى» 1686 ـ يىلى يېزىلغان، 119 بابتىن تەشكىل تاپقان زور ھەجىملىك ئەسەر. ئاپتور ئەسەردە چىڭگىزخان دەۋرىدىن يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى ئەۋلادى ۋە 1688 ـ يىلىدىن 1699 ـ يىلىغىچە ئاپپاق خوجىنىڭ ئورنىغا دەسسىگەن مۇھەممەدئىمىن خان دەۋرىگىچە بولغان تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلىدۇ. ئەسەردە يەكەن خانلىقىنىڭ ئۇچىنچى ۋارىسى ئابدۇكەرىمخاندىن كېيىنكى تارىخىي ۋەقەلەر خېلى تەپسىلىي ۋە ئېنىق بايان قىلىنغان.

ئەسەرنىڭ ئەدەبىي قىممىتىدىن قارىغاندا، ئاپتور تارىخىي ۋەقەلەرنى نەسرىي يول بىلەن بايان ئىلىپ بېرىدۇ، ھەر بىر باب خۇددى تەسىرلىك ھېكايىدەك كىشىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىدۇ، تەسۋىر ۋە بايانلار چۈشىنىشلىك، ئوبرازلىق ۋە پېرسوناژلار روشەن ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە قىلىنغان. ئەسەردە يەنە كۆپلىگەن شېئىرىي پارچىلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلار ئاپتورنىڭ شېئىرىيەتتىكى بەدىئىي ماھارىتىنى تولۇق نامايان قىلىپ بېرىدۇ. كىتابتا يەنە سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىي ھايات توغرۇلۇق قىسقا ۋە مۇھىم بولغان ئۇچۇرلار بېرىلگەن بولۇپ، كىتاب ئۇلارنى دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزۈپ بەرگەن.

**12. خوجىلار دەۋرىدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋال قانداق بولغان، ئۇلار ئەدەبىياتقا قانداق ئەكس**

تەسىر كۆرسەتكەن؟

جاۋاب: خوجىلار دەۋرى دېگىنىمىز، 1678 - يىلى ئاپپاق خوجىنىڭ قورچاق ھاكىمىيىتى باشلانغاندىن تاكى 1759 - يىلى چىڭ سۇلالىسى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى تىنجىتقۇچە بولغان ۋاقىتلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە سەمەرقەندتىن مەھدۇم ئەزەم قاتارلىق بىرتۇركۇم كىشىلەر قەشقەر، يەكەن قاتارلىق شەھەرلەرگە كېلىپ، ئىشانىزملىق پىكىر ئېقىمىنى تەشۋىق قىلىشقا باشلىدى. XVIII ئەسىرگە كەلگەندە مەھدۇم ئەزەمنىڭ ئوغلى مۇھەممەدئەمىن بىلەن مەھدۇم ئەزەمنىڭ ئىنىسى ئىسھاق ۋەلى ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئېقىمىدا ئىختىلاپ يۈز بېرىپ، ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىق (ئاق تەقى ۋە قارا تەقى) دەپ ئىككى گۇرۇھ شەكىللەندى. مۇھەممەدئەمىن ئۆزىنى ئىشان كالان دەپ ئاتىسا، ئىسھاق ۋەلىمۇ ئۆزىنى ئىشان كالان دەپ ئاتىدى. ئۇلار ئۆز مۇرىتلىرىنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈشتە باشلىرىغا ئاق ۋە قارا دوپپا كىيگەنلىكى ئۈچۈن، ئاق تەقىيلىقلار ۋە قارا تەقىيلىقلار دەپ ئاتالدى (تەقىي دېگەن سۆز كېيىنچە تاغ دېگەن سۆزگە ئۆزگىرىپ كەتكەن). ئىسھاق ۋەلى تەرەپدارلىرى ئىسھاقىيە ياكى قارا تەقىيلىقلەر دەپ ئاتالدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مەزھەپ كۈرىشى خەلقنى روشەن ھالدا ئىككى سەپكە بۆلدى. ئۇلار خەلقنىڭ يەر - سۇلىرىغا تايىنىپ ئاقسۆڭەكلەرگە ئايلاندى، زىددىيەت كەسكىنلەشتى، پەرق چوڭايدى، كېيىنچە بۇ تەرەققىي قىلىپ سىياسىي ھاكىمىيەتكە ئارىلاشتى. XVIII ئەسىرگە كەلگەندە خانلارمۇ روشەن ھالدا مەزھەپكە مايىللىشىپ، دىن بىلەن ھاكىمىيەت ئارىلىشىپ كەتتى. قارا تاغلىقلار بىلەن ئاق تاغلىقلار ئۇرۇشۇپ، جەڭدە ئاپپاق خوجا يېڭىلدى. ئۇ، 1678 - يىلى تىبەتكە بېرىپ، بۇددا دىنى لاماسىدىن ئەسكەر تەلەپ قىلدى، لاما جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە نامە يېزىپ، ئاپپاق خوجىنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلاشنى ئېيتتى. يۇقىرىقىدەك مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ۋەزىيەت شۇ دەۋردىكى شائىر - يازغۇچىلارنى تۈرلۈك ئىجتىمائىي تېمىلار بىلەن تەمىنلىدى. بۇ دەۋردە تەقۋادارلىق، تەركىيدۇنياچىلىق ۋە سوپىزمچىلىق

مەزمۇنغا ئىگە دىنىي شېئىرىيەت ۋە خۇشامەتچىلىك ئاساسىدىكى ئوردا ئەدەبىياتى، قان بىلەن بويالغان خوجىلار ھاكىمىيىتى ۋە ئۇنىڭ دىنىي ئالدامچىلىرىنى كۈچەپ مەدھىيىلەيدىغان ساراي ئەدەبىياتى كۈچىيىپ، رېئالىستىك ئىلغار خاھىشتىكى ئەدەبىيات خىرەلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئوت يۈرەك شائىرلار سىمۋولىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىلغار خاھىشتىكى ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقاردى، ئەدەبىياتنىڭ شەكىل ۋە ژانىرلىرى كۆپەيدى، تەرجىمە ۋە تەزكىرە ئەدەبىياتى گۈللەندى، دىداكتىك ئەدەبىيات گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى نامايان قىلدى، ئاپتورلار قوشۇنى زورايدى، تەقلىدىي ئەدەبىيات گۈللەپ ياشىندى.

# XI باب خوجىلار دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

**1. خوجىلار دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟**

جاۋاب: خوجىلار دەۋرىدە سىياسەت بىلەن دىن ئارىلىشىپ، ۋەزىيەتتە كەسكىن ۋە قالايمىقان ھالەت يۈز بېرىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىيات ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ماس ھالدا تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن داۋاملىق تۈردە ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆزىنى كۆپ تەرەپلىمە تەرەققىياتلارغا ئىگە قىلىپ تۇردى.

شەكىل ۋە ژانىر جەھەتتە:

1) لىرىك شېئىرىيەت ئىلگىرىكىگە قارىغاندا راۋاجلاندى.

2) ئېپىك شېئىرىيەت ئالاھىدە يۈكسەلدى، زور ھەجىمدىكى داستانلار ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى.

3) دىداكتىك مەزمۇن ئەدەبىياتتىن كەڭ تۈردە ئورۇن ئېلىپ، شەكىل جەھەتتىن شېئىرىيەتنى ئاساس قىلغان ھالدا راۋاجلاندى.

4) تەزكىرە ئەدەبىياتى يۈكسىلىشكە قاراپ ماڭدى.

5) تەقلىدىي ئەدەبىيات تەرەققىي قىلدى، ئىلگىرىكى يارىتىلغان داڭلىق داستان ۋە قىسسىلەر ئاساسىدا نۇرغۇنلىغان داڭلىق ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى.

6) تەرجىمە ئەدەبىياتى بارلىققا كەلدى.

مەزمۇن جەھەتتە:

1) ئىنسانپەرۋەرلىك خاھىش ئەدەبىي تېمىلارنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىندى.

2) ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى كۈچەپ تەرغىب قىلىندى.

3) ئىلىم ـ مەرىپەتلىك بولۇش، ئىلىملىك كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش تەشەببۇسى ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولدى.

بەدىئىي مېتود ۋە ئەدەبىي ئېقىم جەھەتتە:
1) رېئالىزم، رومانتىزم ۋە سىمۋولىزملىق ئىجادىيەت مېتودى راۋاجلاندى.
2) ئەنئەنىچىلىك، كلاسسىزم ۋە تەقلىدچىلىك ئېقىملىرى رېئاللىقنىڭ ماھىيىتى ۋە ئىللەتلىرىنى ئېچىپ تاشلاشتا مۇھىم رول ئوينىدى.
ئاپتورلار قوشۇنى جەھەتتە:
1) ئاپتورلار قوشۇنىدا زور ئۆزگىرىش بولۇپ، ئاپتورلار كۆپەيدى.
2) ئەدىبلەرنىڭ ئىدىيىسىدە خاھىشچانلىق كۈچلۈك تۈس ئېلىپ، مەۋقە كونكرېتلاشتى.
3) ئەدىبلەرنىڭ ھەرقايسى يۇرتلاردا كۆزگە كۆرۈنۈشى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش ياسىدى. ئىلگىرىكى مەركىزىي شەھەرلەرگە شائىر ـ يازغۇچىلارنىڭ توپلىنىش ھادىسىسىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، مەركەزلىشىش خېلىلا سۇسلاشتى.
ئەدەبىي تىل جەھەتتە:
ئەدەبىي تىلدا ئۆزگىرىش بولۇپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى قوبۇل قىلىنىش بىلەن بىرگە خەلق جانلىق تىلى ئەدەبىياتقا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆزلىشىپ ماڭدى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئېلېمېنتلىرىمۇ داۋاملىق بىرگە قوللىنىلدى.

## 2. خىرقىتىنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭ؟

جاۋاب: خىرقىتى (1634 ـ 1724) نىڭ ئەسلىي ئىسمى مۇھەممەدئەمىن خوجامقۇلى خىرقىتى بولۇپ، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ باغچى يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن، قەشقەر مەدرىسلىرىدە ئوقۇپ ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئەرەب، پارس تىللىرىدىن مۇكەممەل ساۋات چىقارغان. 30 يېشىدا ئاپپاق خوجا ھۇزۇرىدا باغۋەن، كاۋاپچى، چىراقچى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن، ئۆز تۇرمۇشى داۋامىدا تېما تاللاپ كېيىنكى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» داستانىغا ئاساس يارانقان.

**3. «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» داستانىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى، پېرسوناژلار ئوبرازى ۋە داستاننىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىز؟**

جاۋاب: ئاپتورنىڭ بۇ داستانى دوستلۇق، ئىشق ـ مۇھەببەتكە بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ساپ مۇھەببەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى، مۇھەببەتلەشكەن كىشىنىڭ ئۆزىنى قانداق تۇتۇشى كېرەكلىكى، نېمىلەرگە دىققەت قىلىشى ۋە نېمىلەرنى قىلىشى زۆرۈرلۈكى ھەققىدە مۇۋاپىق چۈشەنچە بېرىلىدۇ. بولۇپمۇ ھەقىقىي ئىشق يولىغا كىرگەن كىشى ئۆز سۆيگۈسىگە ۋاپا قىلىشى، ساداقەت كۆرسىتىشى، جاپاغا چىداپ ئېغىرچىلىقلارنى يېڭىپ، ئۈمىدۋار بولۇشى، مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىشى كېرەكلىكى ئالاھىدە ئەسلىتىپ ئۆتۈلىدۇ. شائىر مېھنەت بىلەن مۇھەببەتنى توغرا تەھلىل قىلىپ، مېھنەتسىز ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، بولۇپمۇ بۇ جەھەتتە ئەسەرنىڭ كىرىش قىسمىدىكى «مۇھەببەت» دېگەن سۆزدىن پەيدا بولغان 28 تۈرلۈك قىسمەتنىڭ شەرھىسى ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

ئەسەردىكى پېرسوناژلار ئوبرازى

1) سابا ئوبرازى: بۇ كۆپنى كۆرگەن، نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن، ياخشى ـ يامانلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان شەخس. ئۇ ئۆزىنىڭ مېھنىتى ئارقىلىق مېھنەتتىن يىركەنگەن شەخسلەرنى مەسخىرە قىلىدۇ. ئۇ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن يۇقىرى ئاڭغا ئىگە شەخس بولغاچقا، بۇلبۇلنىڭ ئىشق ـ مۇھەببىتىنى قىزىلگۈلگە يەتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ساداقەتمەن، ۋاپادار، مېھنەت سۆيەر خىسلىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

2) قىزىلگۈل ئوبرازى: قىزىلگۈل ۋىجدانلىق ئەخلاق ئىگىسى بولۇپ، ساپ ئىشق ـ مۇھەببەتنى ئىنسانغا مەنىۋى كۈچ بېرىدۇ دەپ ھېسابلايدۇ. دېمەك، قىزىلگۈل مەردانىلىك بىلەن ئىنسانىي ئادىمگەرچىلىكنىڭ بەلگىسىنى ئۆز ۋۇجۇدىدا ئىپادە قىلغۇچى پاك قىزلارنىڭ تىپىك ئوبرازى.

3) بۇلبۇل ئوبرازى: بۇلبۇل — ۋىجدانلىق ياشلارنىڭ تىپىك

ئوبرازى. ئۇنىڭ خاراكتېرىدە ساپ مۇھەببەتنى ئۆزىگە دەرماندىن ئارتۇق دەپ ھېسابلاش، كۆڭۈل بېرىپ سۆيگەن يارىنىڭ ئىشقىدا جان بېرىش شەرەپلىك دېگەن ئىدىيە ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

داستاننىڭ تىلى XVII ۋە XVIII ئەسىر ئۇيغۇر تىلىنىڭ تىپىك نامايەندىسى بولۇپ، ئەسەردە خەلق جانلىق تىلى قوللىنىلغاچقا، ئەسەرنىڭ جەزبىلىكى ئاشقان. ئەسەر ئۇسلۇب جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، بۇ ھال تىل تەسۋىرى ۋە مىللىي خۇسۇسىيەتتە روشەن ئىپادىلەنگەن. ئەسەر مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، بۇ ھال داستاننىڭ ئاھاڭدارلىقىنى ئاشۇرغان، داستاندا ھېكمەتلىك سۆزلەر ناھايىتى كۆپ، پەلسەپىۋى كۆزقاراشلار داستان تېماتىكىسىنى يورۇتۇشقا ئاكتىپ خىزمەت قىلغان.

## 4. خاراباتى كىم؟

جاۋاب: مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى (1638 ـ 1730) خوجىلار دەۋرىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلىرىدا ئاقسۇدا ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىن بۇخاراغا بېرىپ بىلىم ئاشۇرغان. ئۇ، ئىسلام پەلسەپىسى ۋە قانۇنلىرىغا ئائىت مول بىلىملەرنى ئىجتىھاتبىلەن ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مۇدەررىسلىك قىلغان، شۇ جەرياندا شېئىرىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» ناملىق توپلىمى بار بولۇپ، «خاراباتى» تەخەللۇسى بىلەن نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان، 92 يېشىدا ئۆز يۇرتىدا ۋاپات بولغان.

## 5. «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» نىڭ مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟ مەركىزىي ئىدىيىسىنى سۆزلەڭ.

جاۋاب: «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» 1733 ـ 1734 ـ يىللىرى يېزىلغان. بۇ توپلام 13 مىڭ مىسرادىن تۈزۈلگەن، بۇلار بايان ۋە پەسىل دەپ ئاتىلىدىغان 112 پارچە نەسىھەتنامىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئەسەردە ئومۇمەن لىرىك ھېسسىيات ئاساسىي سىيۇژىت قىلىنىپ، قويۇق دىداكتىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىنغان.

ئۇنىڭدا ئەخلاقىي پەزىلەت، پەلسەپىۋى - ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئىلمىي يوسۇندا شەرھلەنگەن. ئاپتورنىڭ زاماندىكى ناھەقچىلىق توغرىسىدىكى قاراشلىرى، ئىنسانىي ئەدەپ - ئەخلاق ھەققىدىكى چۈشەنچىسى، ناچار قىلىقلارنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى تەشەببۇسى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئەسەردە ئادالەت، ھەققانىيەت، ئىنچلىقپەرۋەرلىك، شۇنداقلا ئادىمىگەرچىلىك ئىدىيىلىرى تەرغىب قىلىنغان، ئۆز زامانىسىدىكى قاباھەت، زالىملىق، مۇناپىقلىق قاتارلىق يامان خاھىش ۋە ئىللەتلەر چوڭقۇر پاش قىلىنىش ئارقىلىق كىشىلەرنى ياخشىلىققا يېتەكلەش ئىدىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شائىرنىڭ بۇ خىل ئىدىيىسى ئۆز زامانىسى ئۈچۈنلا ئەمەس، ھازىرمۇ رېئال تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 6. موللا پازىل كىم؟

جاۋاب: موللا پازىل «كىچىك» تەخەللۇسى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان. ئۇ، نۇرغۇن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، بىزگە بىردىنبىر مىراس بولۇپ قالغان، ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن شائىرلارنىڭ ئىزىدىن ئىجادىي ھالدا مېڭىپ ياراتقان داستانى — «لەيلى - مەجنۇن» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، بۇ داستانىنى 1705 - يىلى 52 يېشىدا يازغان.

## 7. موللا پازىلنىڭ «لەيلى - مەجنۇن» داستانىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

جاۋاب: ئاپتور داستاندا لەيلى بىلەن مەجنۇننىڭ مۇھەببەت ۋەقەسى ئارقىلىق XVIII ئەسىر ئۇيغۇر ئىجتىمائىي جەمئىيىتىدىكى كىشىلىك ھوقۇق، مۇھەببەت ئەركىنلىكى قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، مۇشۇنداق ئەقەللىي تەلەپتىن مەھرۇم قالغان ياشلارغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلغان؛ ئېچىنىشلىق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئەزگۈچى سىنىپلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئىپادىلىگەن.

داستاندىكى لەيلى بىلەن مەجنۇن فېئوداللىق ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ

روهىي كىشەنلىرىگە، فېئودالىلىق نىكاھ تۈزۈمىگە قارشى جەڭ ئېلان قىلىپ، شەخسىي ئازادلىق، مۇھەببەت ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان، چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى قەدىرلەپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن جېنىدىن كېچىشكە رازى بولغان ۋاپادار، ۋىجدانلىق، ئىسيانكار قىز - يىگىتلەردۇر.

**8. ئابىد قۇمۇلى ۋە «دىۋان ئابىد» توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىز؟**

جاۋاب: ئابىد قۇمۇلى XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرى XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قۇمۇلدا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، ئۆمرى غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن. شائىرنىڭ توپلىمى — «دىۋان ئابىد» لىرىك شېئىرلاردىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، بىزگە مەلۇم بولغانلىرى 34 پارچە غەزەل، 69 رۇبائىيدىن ئىبارەت. شائىر لىرىكىلىرىدىكى باش قەھرىمان «مەن» دەردمەن، نادان، ئەخمەق، جاھىل، غېرىب، قەلبى زەرداب بىلەن تولغان، زاماندىن خوۋلۇق كۆرمىگەن بىر ئىنسان سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. شائىر شېئىرلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك مۇشۇ بىتەلەي، شور پېشانە «مەن» نىڭ خىتابى، زارلىنىش بايانى تەرىزدە ئىپادىلىگەن.

**9. مەھزۇنىنىڭ ھاياتى قانداق ئۆتكەن؟**

جاۋاب: شائىر مەھزۇنى XVIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خوتەندە ياشىغان. ئۇنىڭ «دىۋان مەھزۇنى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ۋە «قىسسەئى پەرھاد ۋە شېرىن» ناملىق ئەسىرى بار. بۇ ئىككى ئەسەر ئاپتورنىڭ يىرىك ئەسەرلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «دىۋان مەھزۇنى» دا 187 مىسرالىق «قوغۇنلار ئۆزئارا ھۆرمەت تالاشتى» ناملىق مۇنازىرە شەكلىدىكى بىر پارچە داستانى بار.

**10. مەھزۇنىنىڭ «قوغۇنلار ئۆزئارا ھۆرمەت تالاشتى» ناملىق داستانىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى نېمە؟**

جاۋاب: شائىر داستاندا قوغۇنلارنىڭ ئۆزئارا مۇنازىرىسى ئارقىلىق بىر - بىرىنى كۆرەلمەسلىك، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ

مەنمەنچىلىك قىلىش، ھاكاۋۇرلۇق قىلىش ئىدىيىلىرىنى قاتتىق قامچىلاپ، جەمئىيەتتىكى ناچار ئەخلاق، ناتوغرا كەيپىياتلارنى ئېچىپ تاشلىغان. شائىرنىڭ داستانى ئۆز دەۋرىدىكى مەنمەنچى، ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ ئىنچىكە ئىچكى ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىغان ئىبرەتلىك ئەسەر كۆرۈنۈشى. شائىر ئۆزى ياشاۋاتقان تەڭسىز جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرىنى ئېنىق كۆرسىتىش ئۈچۈن قوغۇنلار ئارىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىپ، ئۇنى ئادىمىي خاراكتېردە سۈرەتلەپ بەرگەن. شائىرنىڭ بۇ داستانى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى تۈر ۋە ژانىرلار تەتقىقاتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 11. سالاھىنىڭ ھايات پائالىيىتى قانداق بولغان؟

جاۋاب: سالاھى XVIII ئەسىردە قەشقەردە ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇنىڭ ھاياتى توغرىسىدا تولۇق مەلۇمات ئۇچرىمايدۇ. «گۇل ۋە بۇلبۇل» ناملىق بىر داستانى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن.

## 12. سالاھىنىڭ «گۇل ۋە بۇلبۇل» داستانى قانداق داستان؟

جاۋاب: «گۇل ۋە بۇلبۇل» داستانى 1740 ـ 1741 ـ يىللىرى ئارىسىدا يېزىلغان بولۇپ، 41 بابقا بۆلۈنگەن، مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان 2000 مىسرالىق ئېپىك داستان بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇلبۇل، قىزىلگۇل ۋە ساباھتىن ئىبارەت سىمۋوللۇق ئوبرازلارنىڭ كونكرېت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق رېئاللىقتىكى ئىجتىمائىي ۋەقەلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

## 13. سالاھىنىڭ «گۇل ۋە بۇلبۇل» داستانىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى نېمە؟

جاۋاب: شائىر داستاندا سىمۋولىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ماھىيەتلىك زىددىيىتىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشكە تىرىشقان، ئەركىنلىك سۆيەر، مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىغا ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرىتقان، چىن سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنى قەدىرلەپ ۋە ئۇلۇغلاپ، سەمىمىي، پاك نىيەتلىك، شەخسىيەتسىز دوستلارنىڭ خالىس ياردىمىگە ئاپىرىن

ئوقۇغان؛ قارا نىيەت، ئالدامچى، ھىيلىگەر، مەنپەئەت ئۈچۈن ھەممىدىن ۋاز كېچىدىغان پۇلخۇمار كىشىلەرگە چوڭقۇر نەپرەت بىلدۈرۈپ، فېئودالىزمنىڭ پۇل ھۆكۈمران ئىدىيىسىنى قاتتىق قامچىلىغان؛ ياخشى كىشىلەرگە ھامان دوست تېپىلىدۇ، دېگەن ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كىشىلەرنى ئىتتىپاقلىشىشقا، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشقا، بىر - بىرىگە كۆيۈنۈشكە دەۋەت قىلغان.

## 14. «دىۋان مەشھۇرى» دا نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟

جاۋاب: «دىۋان مەشھۇرى» غا غەزەل، مۇخەممەس، مۇسەددەس، تەرجىئبەند، مەرسىيە ۋە مۇناجات بولۇپ جەمئىي 3960 مىسرا شېئىر كىرگۈزۈلگەن.

مەشھۇرى بۇ دىۋاندىكى ئەسەرلىرىدە، ئىشق - مۇھەببەتنى تېما قىلغان ھالدا، ئەركىن مۇھەببەتنى، مېھر - ۋاپانى، چىدام - غەيرەتنى مەدھىيىلەيدۇ؛ چىن سۆيگۈ كۈشەندىسىنى، ھۆرلۈك، ئەركىنلىكنىڭ رەقىبلىرىنى قارىلايدۇ؛ كىشىلەرنى بىلىم ئىگىلەشكە، نادانلىقتىن يىراق تۇرۇشقا دالالەت قىلىدۇ؛ ئانا يۇرتنى ئەۋزەل بىلىدىغان، ئانا يۇرتنى قەدىرلەيدىغان، ئانا يۇرت ئۈچۈن جان پىدا قىلىدىغان، تەبىئەت كۈلكىسىدىن زوقلىنىدىغان ئوتلۇق ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ.

## 15. نۆبىتىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭ؟

جاۋاب: نۆبىتى (1691 ـ 1760) خوتەندە ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان لىرىك شائىر. ئۇ، «نۆبىتى» تەخەللۇسى بىلەن نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان. نۆبىتى كىچىكىدىن باشلاپ ئىلىمگە ئىشتىياق باغلاپ، نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگەنگەن، كېيىنكى مەزگىللەردە سەپەرگە چىقىپ مول ئىجتىمائىي بىلىملەرگە ئىگە بولغان، بۇ جەرياندا ئۇنىڭدا كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى ۋايىغا يەتكەن. ئۇ، 1747 ـ يىللىرى ئەتراپىدا «دىۋان نۆبىتى» ناملىق دىۋاننى تۈزۈپ چىققان.

## 16. «دىۋان نۆبىتى» قانداق ئەسەر، مەزمۇنى

نېمىلەردىن ئىبارەت؟

جاۋاب: «دىۋان نۆبىتى» غەزەل، مۇخەممەس ۋە رۇبائىيلاردىن تەشكىل تاپقان چوڭ ھەجىملىك شېئىرىي توپلام. ئۇنىڭدا شائىرنىڭ خەلقچىللىق، ئىنسانپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك تۇيغۇلىرى تولۇق ئىپادىلەنگەن، ۋەتەنپەرۋەرلىك يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇلغان بولۇپ، شائىر ئۆز يۇرتى خوتەننى ئۇلۇغلاپ، ئۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ تاۋابگاھى مەككىگە تەڭلەشتۈرگەن؛ رېئال ھايات گۈزەللىكىگە مۇھەببەت باغلاپ، تۈرلۈك مېۋىلەرنى رىۋايەتلەردە تەسۋىرلىنىدىغان جەننەت مېۋىلىرىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويغان. شائىرنىڭ شېئىرلىرى 12 مۇقام تېكىستلىرىگىمۇ كىرگۈزۈلگەن.

## 17. نۆبىتىنىڭ «رەۋزىگە مانەند خىيال ئەت خوتەننى» سەدرىسى بىلەن باشلىنىدىغان شېئىرىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى نېمە؟

جاۋاب: شائىر بۇ غەزىلىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئەڭ يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ، غەزەلنىڭ بېشىدا كىشىلەرنى ئۆز يۇرتى خوتەننى ئەۋزەل بىلىشكە دالالەت قىلسا، غەزەلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ باشلامچىسى ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن غەزەلدە يەنە ۋەتەندىن يۈز ئۆرىگەنلەرگە جەڭ ئېلان قىلىپ ئوتلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرىدۇ.

## 18. زەلىلى كىم، ھاياتى قانداق ئۆتكەن؟

جاۋاب: مۇھەممەد سىدىق زەلىلى (1676 ـ 1755) ئۇيغۇر رېئالىستىك ـ رومانتىك شېئىرىيىتىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرگەن ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر يالقۇنلۇق شائىر. ئۇ، يەكەندە تۇغۇلغان، بالىلىق ۋە ياشلىق چاغلىرىنى يۇرتىدا ئۆتكۈزۈپ، مەدرىسلەردە ئوقۇش جەريانىدا زامانىسىدا ئادەتكە ئايلانغان تۈرلۈك بىلىملەردىن تولۇق خەۋەردار بولغان؛ قىرانىغا يەتكەن مەزگىللەردە

ئىشق ئېتىبارى بىلەن ئۆزىگە سەپەرنى ئىختىيار قىلىپ، قەشقەر، ئاقسۇ، قۇمۇللارغىچە كەزگەن، بارغانلا يېرىدە ئاشىقانە سۇپەتتە مازار - ماشايىقلارنى تاۋاپ قىلغان. 50 ياش ئۆپچۆرىسىدىكى چاغلىرىدا خوتەنگە كېلىپ، شۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالغان، هاياتىنىڭ بۇ مەزگىللىرىدە ئۇ، دۇنيانىڭ ماهىيىتىنى ۋە زىددىيەتلىرىنى تونۇپ يېتىپ، ئىلگىرىكى مۇرەسسەچىلىك ئىدىيىسى ئورنىغا رېئالىستىك خاھىشنى دەسسىتىپ، شەيئىي ۋە هادىسىلەرگە تەنقىدىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولغان. شائىر 1755 - يىلى خوتەندە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ بىزگە «سەپەرنامە» ناملىق داستانى (1718 - يىلى يېزىلغان، 2800 مىسرادىن تەشكىل تاپقان)، «تەزكىرەئىي چېھىلتەن» (1734 - يىلى يېزىلغان. 226 بېيىتتىن تەركىب تاپقان)، «تەزكىرەئىي خوجامۇھەممەد شېرىپ» داستانى (1724 - يىلى يېزىلغان، 770 بېيىتتىن تەركىب تاپقان)، «دىۋان كۇللىيات زەلىلى» ناملىق توپلىمى (بۇنىڭدا 196 غەزەل، 27 رۇبائىي، 18 مۇخەممەس، بەش پارچە مۇستەهزات، ئىككى پارچە قەسىدە، ئىككى پارچە ساقىنامە قاتارلىقلار بار) قاتارلىق ئەسەرلىرى يېتىپ كەلگەن.

## 19. زەلىلى شېئىرلىرىدىكى ئىلغار ئىدىيىلەر توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىز؟

جاۋاب: زەلىلى شېئىرلىرىدا ئادالەتپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، مەرىپەتچىلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرى يۇقىرى ئاهاڭدا تەشۋىق قىلىنغان. شائىر بۇزۇقچىلىق قاپلاپ كەتكەن ئاشۇ ئادالەتسىز زاماندا ئىنساپ - ئادالەتنى كۈچەپ تەرغىب قىلدى، هۆكۈمرانلارنى ئادىل بولۇشقا دەۋەت قىلدى، ئادالەت ۋە ھەققانىيەت ئاياغ - ئاستى قىلىنغان جەمئىيەتنى سۆكتى. شائىر خەلقچىللىق ئىدىيىسىنى يۇرتداشلىرىنى قەدىرلەش، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش، ئاھۇ - زارىغا جور بولۇش، جەمئىيەتنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش، چىن ئاشىقنى قەدىرلەپ، ۋاپاسىز دىلبەرگە نەپرەتلىنىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئارقىلىق يورۇقلۇققا چىقاردى. ئۆزىنىڭ ئىلىمنى سۆيىدىغان مەرىپەتچىلىك قارىشىنى ئىزچىل تۈردە تەشۋىق

قىلدى. شائىرنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆزگە كۆرۈنگەن گەۋدىلىك نۇقتىلارنىڭ بىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بولۇپ، بۇ نۇقتىدا ئۇ تۇغۇلغان يۇرتىنى قەدىرلەپ، ئۆزى كېزىپ بارغان شەھەر ـ يېزىلارنى مەدھىيىلەپ، ئۇلارغا بولغان سۆيۈنۈشىنى، سەمىمىي مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن.

## 20. زەلىلىنىڭ «سەپەرنامە» داستانىنىڭ مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

جاۋاب: شائىرنىڭ «سەپەرنامە» داستانى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىرىنچى قىسىمدا مۇناجات، ئىككىنچى قىسىمدا ئۆز يۇرتى يەكەننىڭ تەرىپىنى قىلغاندىن كېيىن قەشقەر، ئاتۇش قاتارلىق شەھەرلەرگە قىلغان سەپىرىنىڭ بايانى سۆزلەنگەن، ئۈچىنچى قىسىمدا يەكەنگە قايتىپ كەلگەنلىكى ۋە كېيىن ئىنىسى دەلىلى، دوستى شائىر موللا غەزەل بىلەن خوتەنگە سەپەر قىلغانلىقى بايان قىلىنغان. داستاندا شائىر گەرچە ھەرقايسى يۇرتلاردىكى مەشھۇر مازارلارنى تاۋاپ قىلىش مەقسىتىنىڭ بارلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى، كەزگەن شەھەر ـ يېزىلارنىڭ ئەھۋالى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئەسلىمىلىرى توغرىسىدا كەڭ بايان بېرىدۇ؛ ئۇندىن باشقا تارىخىي ۋەقە ۋە شەخسلەر، شۇنداقلا كۆرگەن جايلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىدۇ. ئۇ داۋاملىق خەلق بىلەن ھەمنەپەسلىكىنى ئىپادىلەپ، كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

## 21. ئەرشى كىم، «دىۋان ئەرشى» نىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

جاۋاب: ئەرشى (1685 ـ 1756) خوجا جاھان ياكى خوجا ياقۇپ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەرشى ئۇنىڭ تەخەللۇسى. ئەرشى ئۇيغۇرلاشقان خوجىلار ئائىلىسىدە، خوجەنو شەھىرىدە تۇغۇلغان، يەكەندە ياشاپ ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرغان. ئۇ خوجىلار ئىچىدىن چىققان ئىلغار پىكىرلىك، يىراقنى كۆرەر، بىلىملىك رەھبەر ۋە سىياسىئون، يىتۇك شائىر ئىدى. ئەرشى ئۇيغۇر ۋە پارس تىللىرىدا كۆپلەپ

ئەسەرلەرنى يازغان، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا «دىۋان ئەرشى» ناملىق بىر توپلىمى بار.

«دىۋان ئەرشى» دە تۆۋەندىكىدەك ئىدىيىۋى مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن:

1) خەلقچىللىق تېمىسىنى يورۇتۇشتا ئىشق ـ مۇھەببەت ۋاستىسىنى سىمۋول قىلىپ تۇرۇپ، بۇ خىل ئىدىيىنى تەرغىب قىلغان ۋە ئۇنى يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرگەن. ئۇ، خەلقنى تۆت زات (هاۋا، سۇ، تۇپراق، ئوت) تىن هاسىل بولغان بارلىق شەيئىلەر ئىچىدىكى ئەڭ جىلۋىگەر گۆهەر دەپ ئۇلۇغلىغان. ئەرشى يەنە رېئال دۇنيانى خەلق بىلەن باغلاپ، خەلقنى رېئال دۇنيانىڭ ئەڭ ئالىي مەقسىتى قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشقان.

2) شائىر خەلقنى سۆيۈش بىلەن بىرگە تەرەققىيپەرۋەرلىكنى ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىكنى ئۇلۇغلاپ، كىشىلەرنى ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلەش ئارقىلىق ئۆز كۈچىنى زورايتىشقا، ئۆزىنىڭ قەدرىنى بىلىشكە دالالەت قىلغان. ئۇ، تەرەققىيپەرۋەرلىك ـ ئىلىمنى سۆيۈش ئويغىنىشنىڭ تۇنجى قەدىمى، دەپ چۈشەندۈردى.

3) شائىر ۋەتەن تەقدىرىنى ئۆز تەقدىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ۋەتەن بېشىغا كېلىۋاتقان كۈلپەتلەرنى ئۆز بېشىغا كېلىۋاتقان كۈلپەت دەپ تونۇيدۇ.

4) شائىر ئىلىمنى ۋە ئىلىمنىڭ كۈچىنى زوق ـ شوخ بىلەن مەدھىيىلەپ، ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئۇلۇغلاپ، مۇناپىق، ئىككى يۈزلىمچى كىشىلەرنى قامچىلايدۇ. قىسقىسى، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئاكتىۋال ئىدىيىلەر بىلەن سۇغىرىلغان بولۇپ، زامانىسىنىڭ ئىلغار خاھىشلىرى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن.

## 22. پۇتۇهى كىم؟

جاۋاب: «پۇتۇهى» (1700 ـ 1756) خوجا سىدىق دېگەن كىشىنىڭ تەخەللۇسى. ئۇ، ئەرشىنىڭ ئوغلى بولۇپ، هەم ئەلەمدار، هەم قەلەمدار كىشى بولغان. پۇتۇهى خوجىلار دەۋرى هاكىمىيىتىنىڭ مۇستەهكەملىنىشى ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقارغان. ئۇنىڭ «دىۋان پۇتۇهى» ناملىق دىۋانى بار.

## 23. «دىۋان پۈتۈھى» قانداق ئەسەر؟

جاۋاب: «دىۋان پۈتۈھى» شائىرنىڭ جەمئىيەتتىن كۆزەتكەن مول بىلىملىرىنىڭ جۇغلانمىسى ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنىڭ مۇجەسسەمى بولۇپ، ئۇنىڭدا چىن مۇھەببەت، مۇرۇۋۋەت، دوستلۇق، ئادالەت ئىدىيىلىرى تەسىرلىك ۋە ئەھمىيەتلىك ھالدا تەشۋىق قىلىنغان؛ ۋاپاسىزلىق، ھىيلىگەرلىك، ئالدامچىلىق، ناھەقچىلىق قاتارلىقلار مەسخىرە قىلىنغان. شائىرنىڭ «ئاھكىم كۆڭلۈمنى ئالدى» دېگەن غەزىلى يېڭى قاراش، يېڭى تەپەككۇر ئاساسىدا يېزىلغان شېئىر بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر يىگىتكە كۆيگەن بىر قىزنىڭ دەرد - ھەسرىتىنى بايان قىلىش ئارقىلىق فېئوداللىق قائىدە - تۈزۈملەرنىڭ توسقۇنلۇقىنى پاش قىلىپ، ئىنسانىي مۇھەببەت ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولغان ۋاپادار ئاشىقلارغا ئىچ ئاغرىتقان، ئۇلارغا ھېسداشلىقىنى بىلدۈرگەن.

## 24. شاھ ھىجران ۋە «شاھنامە» نىڭ تەرجىمىسى ھەققىدە قانداق چۈشەنچىڭىز بار؟

جاۋاب: شاھ ھىجران خوجىلار دەۋرىدە يەكەندە ئۆتكەن تەرجىماننىڭ تەخەللۇسى. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى شاھ مۇھەممەد ئىمىن ئاخۇن ئىبنى خوجا نىزامىدىن ئىدى. شاھ ھىجران مەرىپەتپەرۋەر، ھۆكۈمدار خوجا جاھان ئەرشىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «شاھنامە» نى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا نەسرىي شەكىلدە تەرجىمە قىلغان. «شاھنامە» «شاھنامەئى تۈركىي» نامى بىلەن خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ شۆھرەت قازانغان، ئەينى ۋاقىتتا ئۇرۇش تۈپەيلىدىن تەرجىماننىڭ تەرجىمىلىرى زايە بولۇپ كەتكەن، كېيىن يەنە بىر تەرجىمان — موللا خامۇشاخۇن يەكەندە 1780 - 1797 - يىللىرى «شاھنامە» نى تەرجىمە قىلىشتىن ئىلگىرى شاھ ھىجراننىڭ تەرجىمە نۇسخىسىنى تېرىپ توپلاپ، بىر كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرگەن ۋە بۇ تەرجىمىگە ھەمدە شاھ ھىجرانغا يۇقىرى باھا بەرگەن، شاھ ھىجراننىڭ ئۆلۈمىنى قايغۇلۇق ھېسسىياتى بىلەن بايان قىلغان. تەرجىمان ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشتا ئىجادىي يول تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ ۋەقە ۋە تەپسىلاتلارغا قارىتا ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ، ئەسەرنىڭ جەزبىلىكىنى ئاشۇرغان.

# XII باب ئابدۇرېهىم نىزارى دەۋرى ئەدەبىياتى

## 1. نىزارى دەۋرى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئابدۇرېهىم نىزارى دەۋرى (1759 ـ 1864) ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىنى دەۋرلەرگە بۆلۈش ئۈچۈن مەخسۇس قوبۇل قىلىنغان ئاتالغۇ. ئۇ ئاق تاغلىق خوجىلارنى ۋاستە قىلغان مانجۇ ئاقسۆڭەك فېئودال ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىنى تىنجىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي سىياسىي ۋەزىيىتىدە ئاتالمىش نىسپىي مۇقىملىق ئورنىتىشقا كىرىشكەن 1759 ـ يىلىدىن 1864 ـ يىلى كۇچا دېهقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغانغا قەدەر بولغان بىر مەزگىللىك تارىخىي جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دەۋردە ئۇيغۇر ئاپتورلارنىڭ ئۇيغۇر، پارس، ئەرەب تىللىرىدا ئىجاد قىلغان ئەسەرلىرى نىزارى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دەپ ئاتىلىدۇ.

## 2. نىزارى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى قايسىلار؟

جاۋاب: ئابدۇرېهىم نىزارى دەۋرى ئەدەبىياتى قەدىمكى دەۋر ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ خوجىلار دەۋرى ئەدەبىياتى بىلەن بەزى جەھەتلەردە ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي شەكىل جەھەتلەردە ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە سېلىشتۇرغاندا زور دەرىجىدە يېڭىلاندى ۋە تەرەققىي قىلدى. بۇ دەۋر ئەدەبىياتىدا مۇنداق ئالاھىدىلىكلەر بار:

1) ھەر ساھە، ھەر تەبىقىدىن ئاپتورلار يېتىشىپ چىقتى، ئەدىبلەرنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشى كۈچىيىپ، كەسكىن ئۆزگىرىش

بولدى. كۆپچىلىك ئاپتورلار ئىزىلگۈچى ئەمگەكچى خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ ئەسەر يازىدىغان، ئۇلارنىڭ مۇڭ - زارىنى ئىپادىلەيدىغان خاھىش گەۋدىلىك بولدى.

2) ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ھەجمى كۆپەيدى، ژانىر، شەكىل جەھەتتە ھەر خىل بولدى. بۇ دەۋردىكى ئەدەبىي يادىكارلىقلار ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋردىكىگە قارىغاندا سان جەھەتتىن كۆپ، ھەجمى چوڭ، تېمىسى رەڭدار، مەزمۇنى مول ئەسەرلەر بولۇپ سانىلىدۇ.

3) ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكىدە ئېنىق ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئەسەرلەردە مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇم، يەنى خەلق قوزغىلاڭلىرى، ئىسيانكارلىق، ھۆرلۇك، مەرىپەتچىلىك، خەلقچىللىق ئىدىيىلىرى جانلىق ئەكس ئەتتۇرۇلدى.

4) ئەدەبىي ئىجادىيەت مېتودىدا تۇپلۇك ئۆزگىرىش بولدى. ئىلگىرىكى رومانتىزم، رېئالىزم، سىمولىزمدىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى ئىجادىيەت مېتودى ئىزچىل ۋە ئۇنۇملۇك قوللىنىلغاندىن سىرت، تەنقىدىي رېئالىزم خاس مېتود سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى.

5) كلاسسىكىزملىق ئەدەبىي ئېقىم بۇ دەۋردە ئاساسىي ئېقىم بولدى. نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلار مۇشۇ ئېقىمنى بويلاپ ئىجادىيەت ئېلىپ باردى، بۇ تەقلىدىي ئەدەبىياتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كەتتى.

6) ئىلمىي ئىجادىيەتتە قامۇسچىلىق ئېقىمى شەكىللەندى. بۇ ئېقىم ئوتتۇرا ئەسىر مەرىپەتچىلىك دەۋرىنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

7) كوللېكتىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جانلاندى. بىرمۇنچە ئاپتورلار شەخسىي ئىجادىيەتتىن سىرت ھەمكارلىق ئاساسىدىكى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. ئەدەبىي كۇرۇژۇكلار تەشكىللەندى، نەچچىلىگەن بىرلەشمە ئەدەبىي توپلام — «باياز» لار ۋۇجۇدقا كەلدى.

8) تەزكىرە ئەدەبىياتى داۋاملىق گۈللەندى.

9) تەرجىمە ئەدەبىياتى ساھەسىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جانلىنىش بولدى.

10) ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي كۈچلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىدا

يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن يېقىنلىق بارلىققا كەلدى، يەنى ئەدەبىياتنىڭ ئاۋام خەلق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە يېقىنلىشىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىغا بولغان تەسىرىمۇ چوڭ بولدى. بىرمۇنچە ھاكىم ـ بەگلەر ھەر خىل مەقسەتلەر ئۈچۈن ئاپتورلارغا ھامىيلىق قىلىشىپ، كۆپلىگەن ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا سەۋەبچى بولدى.

11) خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەت، ھېكايە، داستان، قىسسە ۋە ناخشا ـ قوشاقلارنى توپلاش، رەتلەش، قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈپ، يازما ئەدەبىياتقا ئايلاندۇرۇش بويىچە نۇرغۇن ئىشلار ئىشلەندى، خەلقنىڭ ناخشا ـ مۇزىكا، ئاھاڭ تېكىستلىرىدە يېڭىلىنىش بولدى، ھۆرلۈك ئۈچۈن كۈرەشكەن نۇزۇگۇمدەك جاسارەتلىك ئاياللارنىڭ قوشاقلىرى تارقالدى، سەلەي چاققاندەك لەتىپىچىلەر مەيدانغا كەلدى.

## 3. سادىقنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا سۆزلەڭ؟

جاۋاب: سادىقى (1725 ـ 1849) يېقىنقى زامان شىنجاڭ تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئالىم ۋە داڭلىق ئەدىب، تارىخشۇناس، دىنىي ۋە ئىجتىمائىي ئەرباب. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى ياكى موللا مۇھەممەد سادىق ئەلىماخۇنۇم بولۇپ، قەشقەردە موللا شاھ ئەلا ئاخۇنۇم ئىسىملىك بىر دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، ئۆزىگە «سادىق، سادىقى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللانغان.

سادىقى باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئائىلىسىدە ئاتىسىدىن ئالغاندىن كېيىن، قەشقەردىكى «مەدرىسەئى ھامىدىيە» ناملىق ئالىي بىلىم يۇرتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، تۈرلۈك ئىلىملەر بويىچە يۇقىرى مەلۇمات ئالغان، ئوقۇشنى تاماملاپ قەشقەر خانلىق مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسلىكىگە تەيىنلىنىپ، بىرمەزگىل ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش بىلەن مەشغۇل بولغان، كېيىن قەشقەر شەرھى مەھكىمىسىنىڭ باش قازىلىقىغا تەيىنلىنىپ، شەرئەت ئىشلىرىنى باشقۇرغان، مانا مۇشۇ چاغلاردا ئۇنىڭ شۆھرىتى پۈتكۈل شىنجاڭ تەۋەسىگە تارقالغان،

سادىقنىڭ شەرىئەت ئەقىدىسى بويىچە چىقارغان ھۆكۈملىرىنى كىشىلەر رەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان، مۇرەككەپ، چىگىش، ھەل قىلىش تەس دەپ قارالغان مەسىلىلەر بۇ زاتنىڭ بىرتەرەپ قىلىشىغا سۇنۇلغان. شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭ «موللا مۇھەممەد سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم» دېگەن مۆھۆرى يەتتە شەھەر بويىچە ئاساسەن ئېتىراپ قىلىنغان.

ئۇنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «زۇبدەتۇل مەسائىل ۋەل ئەقائىد»، «تەزكىرەئى ئەسھابۇل كەھىب»، «ئادابۇسسالىھىن»، «قىياپەتۇل بەشىر»، «رىسالەئى كەسپدار» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. ئۇ، مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخىي رەشىدى» ناملىق ئەسىرىنى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا، تەبەرىنىڭ «تارىخىي تەبەرى» دېگەن ئەسىرىنى ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان، نەۋائىينىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» ئەسىرىنى كۆچۈرۈپ چىققان.

**4. «تەزكىرەئى ئەزىزان» نىڭ تارىخىي ۋە ئەدەبىي قىممىتى قانداق؟**

جاۋاب: بۇ مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ يىرىك ئەسىرى بولۇپ، 1769 ـ 1771 ـ يىللىرى يېزىلغان. ئۇنىڭدا مەھدۇمى ئەزەم قاتارلىق خوجىلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىدىن باشلاپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى، ئاپپاق خوجىنىڭ ھاكىمىيەت ئېگىلىشى، ئۇنىڭ جۇڭغار خانلىقى بىلەن بىرلىشىپ يۈرگۈزگەن ھاكىمىيەت جەريانى، ئاپپاق خوجا ئەۋلادلىرى دەۋرى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن قانلىق جەڭگى ـ جېدەللەر، ئاخىرىدا شىنجاڭغا مانجۇ فېئوداللىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا قەدەر بولغان ۋەقەلەر سۆزلەنگەن.

ئەسەرنىڭ مەركىزىي سەھىپىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى، ھۆرلۈك ئۈچۈن بولغان كۈرەشلىرى تەسۋىرلەنگەن، خەلقنىڭ تىنچلىقىنى بۇزۇپ، خەلققە ۋەيرانچىلىق ئېلىپ كەلگەن مەلئۇنلار قارىلانغان، خەلق ئۈچۈن كۈرەشكەن باتۇرلار، ھۆرلۈك، ئىسيانكارلىق مەدھىيىلەنگەن. ئەسەر مۇنداق ئىككى خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە: بىرىنچى، ئالتە شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئېزىلىشكە

قارشى هۆرلۈكنى تەلەپ قىلغان ئارزۇلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئىككىنچى، XVIII ئەسىردە ئالتە شەھەردە مەۋجۇت بولغان ئەدەبىي ھايات توغرىلىق مەلۇمات بېرىلگەن. شۇڭا ئۇنى ئەدەبىي ئەسەر ھەم تارىخىي ئەسەر دەپ ئاتايمىز.

## 5. سادىقى لىرىكىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

جاۋاب: مۇھەممەد سادىق قەشقەرى مەسنەۋى، غەزەل، مۇسەممەن، مۇخەممەس، رۇبائىي ۋە ساقىنامە قاتارلىق لىرىكىلىرىدا ئۆزىنىڭ بىرقاتار ئىلغار ئىدىيىلىرىنى ئىپادىلىدى. بۇلار تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا ئىپادىلىنىدۇ:

1) شائىر ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلغان، شۇ يوسۇندا ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن. ۋەتەن، خەلققە بولغان مۇھەببىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىپادىلەشكە تىرىشىپ، ۋەتەن ئۈچۈن ئەزىز جېنىدىن كەچكەن باھادىرلارغا چىن كۆڭلىدىن ئاپىرىن ئوقۇغان، ئۆزى ياشىغان ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ قىياپىتىنى توغرا ئىپادىلەشكە كۈچ سەرپ قىلغان، ئۆزىنىڭ ئادالەتلىك قارىشىنى ئىپادىلەشكە تىرىشىپ، دەۋرىنىڭ ئادالەتپەرۋەر ئەمەلدارلىرىنى مەدھىيىلەپ، ئۇلارنىڭ ئەلگە پايدىلىق بولغان ياخشى خىزمەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن، شۇنداقلا ئۇلارنى تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئادىل شاھلاردىن ئۈلگە ئېلىشقا چاقىرغان.

## 6. موللا نىياز كىم؟

جاۋاب: موللا نىياز XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە خوتەندە ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ «تۆت ئىمام تەزكىرىسى»، «شېئىرلار» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. موللا نىياز ھەجۋى شېئىرلارنى يېزىشقا ماھىر بولۇپ، مەجازى ۋاستىلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق جانسىز شەيئى ۋە ھايۋاناتلارنى ئادەملەشتۈرۈپ، رېئال دۇنيادىكى بەزىبىر ئىللەتلەرنى قامچىلىغان. ئۇنىڭ «شېئىرلار» ناملىق دەپتەرچىسىدە بىرقانچە ھەجۋى شېئىرلار بار

بولۇپ، ئۇنىڭدا «موللا نىياز ئاخۇندىنىڭ تويىنىڭ ۋەقەلىرىنى ھەجۋى قىلغانلارنىڭ بايانى» ناملىق بىر شېئىرى داڭلىق.

## 7. «موللا نىياز ئاخۇندىنىڭ تويىنىڭ ۋەقەلىرىنى ھەجۋى قىلغانلارنىڭ بايانى» دېگەن شېئىردا نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟

جاۋاب: شېئىردىكى ئەرزكار خوتۇن ياش چېغىدا چىرايلىق، قەلەمقاش، لەۋلىرى لەئىلدەك بولۇپ، بۇ ساھىبجامال تۇرمۇشقا چىقىدۇ، يولدىشى بىلەن 22 يىل ئۆي تۇتىدۇ، بەش باللىق بولىدۇ. يولدىشى بۇ ئايالنى ھاقارەتلەپ، ئۇنىڭغا قاتتىق زۇلۇم قىلىدۇ، خوتۇن تۇرمۇش قىيىنچىلىقى ۋە ئېرىنىڭ خورلىشى بىلەن ۋاقىتسىز چېچى ئاقىرىپ، چىشى چۈشۈپ قېرىيدۇ. خوتۇننى سەت كۆرگەن ئېرى ئۇنىڭ قەددىناسلىقىغا قارىماي ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. يېپىشكە يېمەكلىك، بارارغا يېرى يوق، ئېغىر ئاياغ ئايال كۆز يېشىنى دەريا سۇيىدەك ئېقىتىپ، ئەھۋالنى ئۇلۇغ ھاكىم ۋە پادىشاھقا ئېيتىپ، ئادالەت بىلەن كۆڭلىنى شاد قىلىشىنى، زۇلۇمنىڭ ئاجىزلارغا مۇنداق زورلۇق قىلىۋەرمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

دەردمەن ئايالنىڭ يۈرەك زارىنى ئىپادىلەشنى ئىنسانىي بۇرچ دەپ بىلگەن شائىر ھاكىمبەگكە شېئىرىي ئەرزنى يېزىپ چىقىدۇ. بۇ ئارقىلىق سان ـ ساناقسىز دىلخەستە بىچارە ئاياللارنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغان شائىر ئەينى دەۋردىكى مىليونلىغان مېھنەتكەش ئاياللارنىڭ ئاھۇ ـ زارىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

## 8. موللا نىيازنىڭ «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» قانداق ئەسەر؟

جاۋاب: «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» (1791 ـ يىل) موللا نىيازنىڭ بۇغراخانلار خانى، قەشقەر ئىسلام پادىشاھى بىلەن ياغلا قالقالۇ پادىشاھلىقىدىكى خوتەن بۇددىست قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇزاق يىللىق غازات ئۇرۇشىنىڭ جەريانىنى بايان قىلىدىغان يىرىك ئەسەر. شائىر داستاننى ئىسلام غازات ئۇرۇشىنى

مەدھىيىلەپ يېزىشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تۇرمۇشتىكى ئوبيېكتىپ ۋەقەلەر شائىرنىڭ سۇبيېكتىپ ئىدىيىسىدىن غالىپ كېلىپ، شائىرنىڭ رېئالىستىك خاھىشىنى تولۇق نامايان قىلغان، خوتەن بوددىست قەھرىمانلىرىنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتى ۋە جاسارىتىنى خالىس مەيداندا تۇرۇپ تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭغا توغرا باھا بەرگەن. شائىردىكى بۇ خىل بەدىئىي دىت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش مەسىلىسىدە كۆپ خىل ماھارەت ۋە ئۇسۇلنى شەكىللەندۈرۈشكە مۇھىم ھەسسە بولۇپ قوشۇلغان.

## 9. قەلەندەرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى قانداق بولغان؟

جاۋاب: قەلەندەر (1747 ـ ؟) قۇندۇز دېگەن جايدا تۇغۇلۇپ، خوتەندە ياشىغان شائىر. قەلەندەر ھەققانىيەتنى ياقىلىغۇچى، چىن سۆيگۈگە سادىق، خەلقپەرۋەر ۋە ۋەتەنپەرۋەر بىر شائىر ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خىل ئىنسانىي خاراكتېرىنى شېئىرىي مىسرالار ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. قەلەندەر بەدىئىي ئەدەبىياتتا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆزى ئۇچۇنلا ئەمەس، بەلكى ئۆز دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇچۇن ئۆچمەس نىشانە قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ «دىۋان قەلەندەر»ناملىق بىر توپلىمى بار.

## 10. قەلەندەرنىڭ «خوتەن قەسىدىسى» ناملىق شېئىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە ئېستېتىك قىممىتى نېمە؟

جاۋاب: قەلەندەرنىڭ «خوتەن قەسىدىسى» ۋەتەنپەرۋەرلىك سىمفونىيىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىر «خوتەن» دىيارىدىن ئىبارەت بۇ ئوبرازنى تەسۋىرىي ۋاستىلەرنىڭ ياردىمىدە تولىمۇ يارقىنلىققا ئىگە قىلغان. ئۇ خوتەننى جەننەت بىلەن تەڭلەشتۇرۇشكە جۈرئەت قىلىپلا قالماي، بەلكى بۇ دىياردىكى خەلقنىمۇ زوق ـ شوخ بىلەن مەدھىيىلەپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى ئىپادىلىگەن؛ گۈزەل ماكان خوتەندە تۇرغان مەزگىللىرىدە كىنىدىك قېنى تۆكۈلگەن قۇندۇزنىمۇ سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن تىلغا ئېلىپ، مۇقەددەس يۇرتىغا بولغان تەلپۈنۈشىنى ئىپادىلىگەن. بۇ ھال

شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى تېخىمۇ يارقىنلىققا ئىگە قىلغان. ئۇ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىپادىلەيدۇ. شائىر داستاننىڭ كېيىنكى بابلىرىدا بىر گۈزەلنىڭ ئېسىل تەرىپىنى قىلىپ، ئۇنىڭغا بولغان مېھرى - مۇھەببىتىنى، ئوتلۇق ئىشق - ھېسسىياتىنى، پاك ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ۋە ھەۋىسىنى ئىپادىلەيدۇ. شائىرنىڭ نەزىرىدە ۋەتەن دېمەك — خەلق دېمەكتۇر، خەلق دېمەك — ۋەتەن دېمەكتۇر. بۇ ئىككىسى ئۆز ئارا بىرىكىپ بىر پۈتۈن گۈزەل بىر گەۋدىنى ھاسىل قىلغان. شائىر مۇشۇ نۇقتا ئاساسىدا پىكرىنى تىرەنلىككە ئىگە قىلغان.

## 11. قۇسۇرىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى قانداق؟

جاۋاب: موللا ئەھمەد باقى خوجامنىياز ئوغلى قۇسۇرى (1717 ـ 1827) پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن رايونى بازار مەدرىسە ئالدى مەھەللىسىدە مەرىپەتپەرۋەر تېۋىپ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى موللا كىشى بولۇپ، قۇسۇرى ئاتىسىنىڭ قولىدا ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغان. قۇسۇرى كىچىكىدىنلا ئىلىم - پەنگە ۋە ئەدەبىياتقا قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان. قۇسۇرى دەسلەپ لۈكچۈن ۋاڭلىق مەدرىسىدە، كېيىن قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇپ ئىلىم تەھسىل قىلغان، قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە ئۇيغۇر، ئەرەب، پارس تىللىرىنى، دىنىي بىلىملەرنى، ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرىنى پۇختا ئىگىلەش بىلەن بىللە كلاسسىكلارنىڭ شېئىرلىرى بىلەن ئەتراپلىق تونۇشقان، ئۇلارنى زور ئىشتىياق بىلەن ئۆگەنگەن. ئۇ، مەدرىستە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدىلا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. قوشۇمچە ئاتا كەسپى بولغان تېببىي ئىلمىنى ئۆگىنىپ، ئىختىساس ئىگىسىگە ئايلانغان.

قۇسۇرى قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇشنى تۈگىتىپ لۈكچۈن ۋاڭلىق مەدرىسىگە باش مۇدەررىس ۋە ئەئلەم ئاخۇنلۇق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن. ئاخۇنلۇقتىن كىرگەن كىرىمىنى كەمبەغەللەرگە سەدىقە قىلىپ تارقاتقان، مائارىپچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلغان.

قوسورى شۇ دەۋردىكى مەدرىسلەرنىڭ ئاساسلىق ئوقۇشلۇقى بولغان ئەرەب، پارس تىلىدىكى كىتاب ـ رىسالىلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان، دىنىي مەكتەپلەر ئۈچۈن شېئىر بىلەن يېزىلغان دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ ئومۇملاشتۇرغان. بىرقانچە ئىلمىي دىداكتىك ئەسەرلەرنى يېزىشتىن تاشقىرى، تالىپلارنىڭ پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، شېئىرىي تېپىشماقلارنى يېزىپ، مۇددەت بويىچە ئىلمىي يىغىلىشلارنى ئۇيۇشتۇرغان، ئىلىم ـ مەرىپەتنى قەدىرلەش ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەققىدە «ۋاڭلارغا نەسىھەت» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ، ئادالەتپەرۋەرلىك ۋە ھەققانىيەت توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. شائىرنىڭ «رەۋزەتۇل زوھرا» ناملىق داستانى بار.

## 12. بەرشىدى كىم؟

جاۋاب: شائىر بەرشىدىنىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى (1715 ـ 1800) بولۇپ، قەشقەرگە قاراشلىق ئاتۇش يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ، قەشقەر مەدرىسلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، شەرق خەلقلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرى بىلەن پىششىق تونۇشقان. ئاپتور جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي قاتلاملىرى، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر، ئادەملەر خاراكتېرىدىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىنچىكە دىققەت قىلىپ، ئايرىم تەرەپلەردە ئەنئەنىۋى ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇۋاتقانلىقىنى، يېڭى ئەدەپ ـ ئەردەمنىڭ كەم بولۇۋاتقانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. بەرشىدى قانۇن ـ تۈزۈملەر مۇكەممەل بولمىغان، فېئودال ھۆكۈمرانلار، يۇقىرى قاتلام روھانىيلارنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى جەمئىيەت قانۇنلىرىدىن ئۈستۈن بولۇۋاتقان، ئاۋام خەلق ئۇنى چۈشىنىپ يېتەلمەيۋاتقان ھالەتنى تەكشۈرۈپ كۆرگەن، نەتىجىدە، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسىنى تەڭشەپ تۇرىدىغان تارازا ئۆز دەۋرى ئۈچۈن يەنىلا ئەخلاق بولالايدىغانلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلغان. شۇڭا ئۇ، ئەنئەنىۋى ئەخلاقىي مىزانلارنى كۆتۈرۈپ قويۇپ رەتلەپ، پىششىقلاپ ئىشلىگەندىن سىرت، ئۆز دەۋرىنىڭ روھىي قىياپەتلىرىگە ماس كېلىدىغان كىشىلەرنى يېتەكلەش خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان زامانىۋى، ئۈلگىلىك ئەخلاقىي

نورمىلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى پىلانلاپ، «سىدىقنامە» دېگەن ئەخلاقشۇناسلىق قوللانمىسىنى يېزىپ چىققان.

**13. مۇھەممەد سىدىق بەرشىدىنىڭ «سىدىقنامە» دېگەن ئەسىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى نېمە؟**

جاۋاب: «سىدىقنامە» ئىجتىمائىي ئەخلاق فورمىسىغا ئائىت كەڭ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەسەر. كىتابتا ئىجتىمائىي ئەخلاق ـ ئەردەمنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرى، ياخشى بىلەن يامانىنى، گۈزەل بىلەن سەتنى، توغرا بىلەن خاتانى··· پەرق ئېتىشنىڭ مىزان ـ ئۆلچەملىرى سىستېمىلىق كۆرسىتىلگەندىن باشقا، سىياسەت، قانۇن، ئەدەبىيات، دىن، تىل، تارىخ، مەدەنىيەتكە ئائىت مەسىلىلەرمۇ شەرھلەنگەن؛ ئەسەردە باش قاتۇرۇپ سۆزلەنگەن مۇھىم نۇقتىلار ئاتا ـ ئانىلارنى ھۆرمەتلەش، تىل ـ نۇتۇق سەنئىتى، بىلىم ۋە ھۈنەر ئىگىلەش، پاراسەتلىك، سەۋرچان، ئېھتىياتچان، مۇرۇۋۋەتلىك، قانائەتلىك، ۋاپادار بولۇش، كىچىك بىلەن با مەسلىھەت ئىش قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**14. شائىر ئاخۇن كىم؟**

جاۋاب: شائىر ئاخۇننىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەد ئەبۇل ئەئلىم ئىبنى ئاخۇن ئارزۇ مۇھەممەد بولۇپ، XVIII ئەسىردە تۇرپاننىڭ لۇكچۇندە ياشىغان. ئاپتور ئۆز تالانتىنى ئىشقا سېلىپ، بىر بەدىئىي ئەسەر يارىتىش مەقسىتىدە XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئىجتىمائىي، سىياسىي، تارىخىي ھادىسىلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «ئىسلامنامە» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىققان.

**15. شائىر ئاخۇننىڭ «ئىسلامنامە» دېگەن ئەسىرىدە قانداق مەزمۇن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟**

جاۋاب: شائىر داستانىدا تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرىنى ئۆزپېتىچە ئەكس ئەتتۈرۈپ، راستچىللىق بىلەن ئىپادىلىگەن. ئەسەردە جوڭغار قالماقلىرىنىڭ تراگېدىيىلىك ئاقىۋىتى ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىلگەن، خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ ۋە بورھانىدىن خوجا قاتارلىقلارنىڭ ئىككى

يۈزلىمىلىكى، مانجۇ يالـلانما چېرىكـلـىرىنىڭ تالان ـ تاراجلىرى، شۇملۇقلىرى توغرىسىدىكى پاكىتلىق ماتېرىياللار بەدىئىي شەكىلدە سۆزلەنگەن. شائىر داستانىدا ھەق ـ ناھەق مەسىلىسىدە مۇرەسسەلىشىش پوزىتسىيىسىدە ئەمەس، بەلكى ئاياغ ـ ئاستى قىلىنىۋاتقان ئانا تۇپراقنىڭ قورۇقچىسى، قېقىندى ـ سوقۇندى بولۇۋاتقان يۇرتداشلىرىنىڭ خەيرىخاھچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان.

## 16. ئۆمەرباقى كىم؟

جاۋاب: ئۆمەر باقى يەكەندى XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يەكەندە ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر تەرجىمان. ئۇ، «خەمسە نەۋائىي» نى نەسرىيلەشتۇرۇپ داڭق چىقارغان يازغۇچى. ئۆمەر باقى ناۋائىينىڭ «پەرھاد ـ شېرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن» داستانلىرىنى نەسرىيلەشتۇرۇپ، ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ھەسسە قوشقان.

## 17. موللا سىدىق يەكەندى قانداق ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان؟

جاۋاب: موللا سىدىق يەكەندى XVIII ئەسىردە يەكەندە ياشىغان داڭلىق پروزىچى. ئۇ نەۋائىينىڭ «پەرھاد ـ شېرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «سەبئەئى سەييار»، «سەددى ئىسكەندەر» قاتارلىق تۆت داستانىنى نەسرىيلەشتۇرگەن.

## 18. موللا يۇنۇسنىڭ «مۇھەببەتنامە» ئەسىرىدە نېمىلەر ئەكس ئەتتۇرۇلگەن؟

جاۋاب: موللا يۇنۇس 1807 ـ يىلى ئابدۇراخمان جامىنىڭ «يۈسۈپ ـ زۇلەيخا» داستانىغا تەقلىد قىلىپ، «مۇھەببەتنامە» ناملىق بىر داستان يازغان. شائىر «يۈسۈپ ـ زۇلەيخا» ئوبرازلىرى ئارقىلىق ئىنسانىي مۇھەببەت، ئەخلاق، گۈزەللىك، ئادىمىگەرچىلىك قاتارلىق خىسلەتلەرنى ئۇلۇغلاپ كۆرسەتسە، يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرىنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق شەخسىيەتچىلىك، قارا نىيەتلىك، قاباھەتلىك،

سۆيىقەستلىك، مەككار، ھىيلىگەرلىكتە ئوخشاش يارىماس ئىللەتلەرنى قامچىلايدۇ. موللا يۈنۈسنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەقلىدىي ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىنى خەلقئارا ئەدەبىي تەسىر مەسىلىسىنى ۋە ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى بىلىش، مۇلاھىزە قىلىشتا ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە.

## 19. مىسكىن شېئىرلىرىدا نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟

جاۋاب: «مىسكىن» موللا ھەيدەرنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى. ئۇ XVIII ئەسىردە خوتەندە ياشىغان، مول ھوسۇللۇق يازغۇچىلارنىڭ بىرى.

مىسكىن «جەڭنامە ھەزرەتى ئەلىي»، «رەۋزەتۇشۇھەدا» قاتارلىق ئىككى داستاننى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا نەزمىلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىپ چىققان. شائىر موللا نىياز بىلەن بىرلىكتە «ئەمىر ئابامۇسلىم» ناملىق داستاننى يېزىپ چىققان. شائىرنىڭ «قار ياغقاندا ئەھلى مەشرەپ خالايىقلار بىر - بىرىگە قارلىق تاشلىماقنىڭ باياننى ئېيتۇرلەر» دېگەن شېئىرى داڭلىق. بۇ شېئىردا شائىر خەلق ئويۇنلىرىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش رولىدىن باشقا، تەربىيىۋى، ئىجتىمائىي قىممىتىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنچ بىلەن مۇئامىلە قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىگە ئالاھىدە كۈچ چىقارغان.

مىسكىن لىرىكىلىرىدىكى تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى، ئەخلاقىي پىكىرلەر شائىرنىڭ قەلب دۇنياسىدا تۇيۇق ھېسسىيات ئەمەس، بەلكى ھايات ئۇچۇن توختىماي تېپچەكلەۋاتقان دولقۇنلۇق ھېس - ھاياجاننىڭ تولۇپ تاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## 20. سالىھى شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

جاۋاب: موللا سالىھى خوتەننىڭ قاراقاش ناھىيىسىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ «سالىھى شېئىرلىرى» ناملىق توپلىمى بار. سالىھى ھەجۋى شېئىر يېزىشقا ئۇستا بولۇپ، بۇ جەھەتتە داڭق چىقارغان. سالىھىنىڭ «موللا سالىھىنىڭ چېچەكنى ھەجۋى قىلغانى» ۋە «ئەي

ئەلق قەد، ئاي يۈزلۈك مېھرىبانىم سەنمۇسەن» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ئۇنىڭ يۇقىرى بەدىئىي كامالىتى جەۋلان قىلىنغان؛ كېيىنكى شېئىرلىرىدا ھەرپلەرنىڭ تەرتىپى بويىچە ئادەملەرنىڭ مۆرەككەپ خاراكتېرىنى قىزىقارلىق، تەسىرلىك سۈرەتلەپ بېرىش ئارقىلىق شېئىرلىرىنىڭ جەزبىدارلىقىنى ئاشۇرغان، شۇنداقلا شېئىري تېمىلارنىڭ كۆپ خىللىقىغا بىر ئۈلۈش كۆچ قوشقان.

## 21. ئىمىنى شېئىرلىرىدا قانداق مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن؟

جاۋاب: ئىمىنى XVIII ئەسىردە قۇمۇلدا ياشىغان شائىر. شائىرنىڭ 11 پارچە غەزىلى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. شائىرنىڭ غەزەللىرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى مەنىسىز ھاياتتىن ئۆكۈنۈش، نالە قىلىش ئىدىيىسى بىلەن سۇغىرىلغان، شۇنداقلا بۇرۇقتۇرما، مەززىسىز، خۇنۈك تۇرمۇشتىن ئۆكۈنۈش ۋە نەپرەتلىنىش ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن.

## 22. سەدائى شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى نېمە؟

جاۋاب: سەدائى XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەردە ياشىغان لىرىك يىرىك شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئىسمى مىرھەسەن بولۇپ، «سەدائى» تەخەللۇسىدۇر. سەدائى 50 يېشىدا شېئىرلار توپلىمىنى تۈزۈپ چىققان، توپلامغا قارىغاندا شائىر 1752 ـ يىللىرى تۇغۇلغان. ۋاپات بولغان يىلى ئېنىق ئەمەس.

سەدائى لىرىكىلىرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى «ۋاپاسىز يار» غا نارازىلىقىنى ئىزھار قىلىش ۋاسىتىسى ئارقىلىق زامانىسىغا نارازىلىقىنى بىلدۈرۈش تەرىپىگە قارىتىلغان. ئۇ، شېئىرلىرىدا ئۆز مۇھىتىدىكى بۇرۇقتۇرما ۋەزىيەتنىڭ نۇقسانلىرىنى ئېچىپ تاشلىغان، ۋاپادار مەھبۇبقا بولغان ھۆرمىتى، سېغىنىشى، ئۈمىدى ۋە تەلپۈنۈشىنى تەسىرلىك مىسرالار بىلەن سۈرەتلەپ بەرگەن.

## 23. بىلالى شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى نېمە؟

جاۋاب: شائىر بىلال يۈسۈپ XVIII ئەسىردە خوتەندە ياشاپ

ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ، ئەدەبىي دىتقا باي شائىر بولۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىللەتلىرىنى ماھىرلىق بىلەن كۆزىتىپ، كىشىلەرگە قىزىقارلىق، تەسىرلىك مەسەللەرنى كۆرسىتىش ھېسابىغا نىگىزلىك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۆزىنىڭ زامانىسىغا بولغان كۆز قارىشىنى ئىپادىلىگەن. «تەمەخورنىڭ تەلپىي» دېگەن مەسەللىك داستانىدا تەمەخورلۇق خۇيىغا گىرىپتار بولۇپ، ئۆزىنى خارلىققا تاشلىغۇچى بىر نادان ئۇستىدىن مەسخىرىلىك قارىشىنى ئىپادىلەپ، كىشىلەرگە قۇرۇق تەمە بىلەن ئەمەس، بەلكى قول سېلىپ ئىشلەپ، نەپكە ئېرىشىشنى تەۋسىيە قىلغان. «ھوما قۇشىنىڭ تەمەنناسى»، «ھودھودنىڭ ھوما قۇشىغا بەرگەن جاۋابى» دېگەن مەسەللىك داستانىدا خەلق رىۋايەتلىرىدىكى «سايىسى كىمنىڭ بېشىغا چۈشسە شۇ ئالەمگە خان بولىدۇ» دەپ قارالغان «بەخت قۇشى ھوما» نىڭ ماختانچاق، مەنمەنلىكى، تەبىئىتى پەس تۇرۇقلۇقمۇ ئۆزىنى ھەممىدىن يۇقىرى ھېسابلايدىغانلىقىنى ھەجۋى قىلىش ئارقىلىق ئاغزىدىن ئىنساپ، دىيانەت چۈشمەيدىغان، ئەمەلىيەتتە بولسا، ئاجىز، ناتىۋانلارنى خانىۋەيران قىلىشتىنمۇ يانمايدىغان ھاكىم - بەگلەرگە بولغان نەپرىتىنى ئىپادىلەيدۇ. «قارچىغىنىڭ ئارزۇسى» دېگەن مەسەللىك داستانىدا شاھ قولىغا قونۇش ھەۋىسىدە يۈرگەن قارچىغا توغرۇلۇق توختىلىپ، فېئودال، زالىم پادىشاھلاردىن ئۈمىد كۈتكۈچى نادان قارچىغىنىڭ ئوبرازىنى سۈرەتلىگەن بولسا، «ھودھودنىڭ قارچىغىغا نەسىھىتى» دېگەن شېئىرىدا ئۆزىنىڭ زالىم ھۆكۈمرانلاردىن يىرگىنىدىغان پاك قەلبىنى ئىزھار قىلغان. «لوقمان ھەكىمنىڭ نەسىھىتى» دېگەن شېئىرىدا بولسا، ئۆزىنىڭ تەربىيىۋى ئەخلاقىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى قارىشىنى ئىپادىلىگەن، بولۇپمۇ كىشىلەرنى پەزىلەتلىك بولۇشقا، باشقىلارنى ھەم ئەدەپلىك بولۇشقا دائىم دالالەت قىلىپ تۇرۇشقا، قىممەتلىك كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ مىزانلىرىغا ئۆزى باشلامچى بولۇپ ئەمەل قىلىشقا، بىلىملىك كىشىلەردىن ئۆزىگە ھەمسۆھبەت تېپىشقا ئۈندەيدۇ.

## 24. ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي

پائالىيىتى قانداق بولغان؟

جاۋاب: ئابدۇرېھىم نىزارى (1776 ~ 1851) ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىدا رېئالىستىك ئەدەبىياتنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈپ، شۆھرەت قازانغان شائىر. ئۇ، قەشقەردە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئابدۇرېھىم نىزارى تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى ۋە نورۇز ئاخۇن زىيائىيلار بىلەن بىرگە زوھۇردۇن ھېكىمبەگنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن «غېرىبىلار ھېكايىتى» ناملىق 39 پارچە ئەسەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كولىلىياتنى تۈزۈپ چىققان. بۇنىڭ ئىچىدە ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ئەسەرلىرى «مۇقەددىمە»، «پەرھاد ـ شېرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «مەھزۇن ـ گۇلنىسا»، «زادۇل نەجات»، «رابىيە ـ سەئىدىن»، «ھېكايەتى غېرىب»، «مۇخەممەسلەر»، «دىيارى ئىمام» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. شائىر يەنە زىيائى بىلەن بىرلىكتە «چاھار دەرۋىش» ناملىق داستاننى يېزىپ چىققان.

نىزارى ئوقۇش يېشىغا توشقاندىن كېيىن دەسلەپتە دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغان، كېيىن «خانلىق مەدرىس» كە ئوقۇشقا كىرگەن، ئالدى بىلەن ئانا تىلىنى پىششىق ئۆگىنىش بىلەن بىرگە ئىلىم ـ ھېكمەت يولىدا يۇقىرى ئۆرلەش ئۈچۈن بىرقانچە تىل ئۆگەنمىسە بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن، بۇ ھال شائىرنىڭ ئەرەب، پارس ئەدەبىياتى بىلەن چوڭقۇر تونۇشۇش ئىمكانىيىتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

نىزارى مەدرىستە ئوقۇپ يۈرگەن چاغدىلا شېئىر يېزىشقا باشلىغان ۋە خەتتاتلىق سەنئىتىنى ئىگىلىگەن. 1830 ـ يىللىرى زوھۇردۇن ھېكىمبەگ نىزارىنىڭ ھەرتەرەپلىمە ئىقتىدارىنى بايقاپ، ھاكىمبەگ مەھكىمىسىنىڭ كاتىپلىق خىزمىتىگە تەيىنلىگەن.

**25. ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «پەرھاد ـ شېرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «مەھزۇن ـ گۇلنىسا» قاتارلىق داستانلىرىنىڭ بەدىئىي ۋە ئىجتىمائىي قىممىتى**

نىمىلەردىن ئىبارەت؟

جاۋاب: 1) «پەرھاد ـ شىرىن» داستانى پەرھاد بىلەن شىرىننىڭ ئىشق ـ مۇھەببەت پاجىئەسىگە بېغىشلانغان بولۇپ، شائىر خەلق رىۋايەتلىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئەنئەنىۋى سيۇژىتتىن پايدىلىنىپ، ئىجادىي يول تۇتقان ئاساستا ئۇنىڭ ۋەقەلىكىنى ئۆز زامانىسىغا تەتبىقلاپ، يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈردى. داستاندىكى پەرھاد چىنلىق شاھزادە بولۇپ، بىلىم، ھۇنەرگە قابىل، چىن مۇھەببەتكە سادىق، مۇھەببەت بىلەن مېھنەتنى، خەلقچىللىق بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىكنى بىرلەشتۈرگەن، ياۋۇز كۈچلەرگە قارشى تۇرغان يۈكسەك ئوبراز.

شىرىن ئەرمەنىستان مەلىكىسى بولۇپ، گۈزەللەر شاھى، ئەقىللىق، زېرەك، ئۇياتچان، پاك سۆيگۈ شەيداسى. شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى بۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ تەسىرلىك كەچۈرمىشلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تەسۋىرلەپ، ئۆز دەۋرىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي مەسىلىلەرنى ئىپادىلەپ بەردى، بۇ ھەقتىكى كۆز قاراش ۋە باھالىرىنى ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ كونكرېت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق جانلىق ئىپادىلەپ بېرىشكە تىرىشتى.

2) «لەيلى ـ مەجنۇن» شەرق خەلقلىرى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان «لەيلى ـ مەجنۇن» رىۋايىتى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئارىسىغىمۇ تەسىر قىلغان ئىشقى پاجىئەلەر تەسۋىرلىنىدىغان ئەسەر. شائىر بۇ داستانى ئارقىلىق پاك مۇھەببەتنى، سەمىمىي دوستلۇقنى، ھۆرلۈك، ئىنسانىي بۇرچ ۋە ئىلىم ـ پەننىڭ ئەۋزەللىكىنى كۈيلىگەن. ئاپتور ئەنئەنىۋى سيۇژىتتىن ئىجادىي پايدىلىنىپ، ئۆزى ياشاپ تۇرغان دەۋرنىڭ تەقەززاسىنى، يۇرتداشلىرىنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدى ۋە دەۋر روھىنى جانلىق ئىپادىلەشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان. بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى، ئوي ـ پىكىرلىرىنى، ھايات ھەققىدىكى قاراشلىرىنى جانلىق ئىپادىلىگەن. ئىككى ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ بىر قاتار سەرگۈزەشتلىرى ئارقىلىق پاك مۇھەببەتنى، سەمىمىي دوستلۇقنى، ھۆرلۈك ۋە ئىنسانىي بۇرچنى، شۇنداقلا ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ ئەۋزەللىكىنى

كۆيلىگەن، داستاندىكى ئىككى ياشنىڭ تراگېدىيىلىك ئاقىۋىتى شائىرنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى ياشلارنىڭ تراگېدىيىلىك ئاقىۋىتى بىلەن ئورتاقلىقتا ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بەرگەن.

3) «مەھزۇن – گۈلنىسا» داستانىدىكى مەھزۇن باغداتلىق سودىگەر مەسئۇدنىڭ ئوغلى، گۈلنىسا بولسا، خوجا سەئىد ئىسىملىك بىر سودىگەرنىڭ قىزى. بۇ ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدا ياش چاغلىرىدىلا مۇھەببەت رىشتىسى باغلىنىدۇ. ئەمما تۇرمۇش ئۇلارنىڭ ئەركىن مۇھەببەت يولىدا پەيز سۈرۈشىگە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك، قىيىنچىلىق، توسالغۇلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى تاڭ قالدۇرىدىغان، ئاڭلىسا دەماللىققا ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان مۇشكۇلاتلار بۇ بىر جۈپ ئاشىق – مەشۇقنى سىنايدۇ، ئۇلارنىڭ ھارماي – تالماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە تاسادىپىي كېلىپ قالغان پايدىلىق ئامىللارنىڭ شاراپىتى تۈپەيلىدىن ئۇلار مۇراد – مەقسىتىگە يېتىدۇ. شائىر داستاندىكى ۋەقەلەرنى كونكرېتلىقتا ئىگە قىلغۇچى پېرسوناژلارنى تۆۋەن قاتلام ئىچىدىن تاللاپ ، ئۇلارنى خۇشال جەملىشىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ گۈزەل غايىسىنى، ئارزۇ – ئارمانلىرىنى ئىپادىلىگەن. داستاندا رېئالىزم بىلەن رومانتىزم زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن، رېئال مەسىلىلەرگە غايىۋى ھالدا جاۋاب بېرىلگەن.

**26. ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىيە – سەئىدىن» داستانىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى سۆزلەڭلار؟**

جاۋاب: شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى ئەينى زاماندا قەشقەرنىڭ كۆكچى يېزىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئەمەلىي ۋەقەگە ئاساسەن چوڭقۇر رېئالىزم روھىدىكى «رابىيە – سەئىدىن» داستانىنى يېزىپ چىققان. بۇ داستانىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەنقىدىي رېئالىزمغا يېڭى بىر يول ئېچىلغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. داستاندا شائىر فېئودالىزم يولىدا ئۆزىنىڭ ئەركىن ئىشق – مۇھەببىتىدىن مەھرۇم قالغان ئىككى ياشنىڭ پاجىئەلىك مۇھەببىتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئۆز دەۋرىنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى ئېچىپ كۆرسەتكەن، بۇلار ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى ئەركسىز ياشلارنىڭ سەممىي

مۇھەببىتىگە ھېسداشلىق قىلىپ، ئاجىز، مىسكىن پېقىرلارغا ئىچ ئاغرىتقان، فېئودالىزمنىڭ پۇل، بايلىق، مەنسەپ ھەممىنى ھەل قىلىدۇ دەيدىغان رەزىل ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاپ، مېھر - مۇھەببەت، ۋاپادارلىق، سەمىمىيەت، شۇنداقلا پەرزەنت مۇھەببىتى دېگەننى چۈشەنمەيدىغان رەزىل كىشىلەرگە نەپرەت بىلدۈرگەن.

رابىئە داستاندىكى باش قەھرىمان. ئۇ، فېئودالىزمنىڭ روھىي ئىسكەنجىسىگە قارشى ھالدا ئىسيانكارانە روھ بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرغان، ئۆز سۆيگۈسىگە سادىق، ئىرادىلىك قىزلارنىڭ تىپى. رابىيە مېھنەتنى سۆيىدۇ ۋە قەدىرلەيدۇ، ئىنسانىي ئىشق - مۇھەببەتنىڭ مېھنەت ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

نىزارى سەئدىن ئوبرازىنى يارىتىشتا ئۇنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرى، تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرى ئارقىلىق دەۋر خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. كۈچلۈك دەۋر چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان ھالدا سەئدىنىنىڭ قاتىلى قاباھەتلىك فېئودالىزم جەمئىيىتى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

شائىر داستاندا ئەقىللىق، قورقماس ئاياللار ئوبرازىنى يارىتىپ، ئاياللارنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقلىرىنى ياقلىدى، ئۇلارغا خاس ئالىيجاناب پەزىلەتلەردىن — ۋاپادارلىق، ئەمگەك سۆيەرلىك، ئىرادىلىك، ئىلىمپەرۋەرلىك قاتارلىق خىسلەتلەرنى زوق بىلەن كۈيلىدى، ئاياللارنىڭ جەمئىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قادىر ئەقىل ئىگىلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. شائىر رابىئە ئوبرازى ئارقىلىق ئىرادىسى مۇستەھكەم، سۆيگۈسى پاك، ئەھدىگە ۋاپادار ئايال خاراكتېرىنى تەسۋىرلەش بىلەن ئىنسان ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى يارىتىشى كېرەك دېگەن ئىدىيىنى ئالغا سۈردى.

## 27. ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «زادۇل نەجاد» داستانىدا نېمىلەر سۆزلىنىدۇ؟

جاۋاب: شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى بۇ ئەسىردە مۇدبىر خۇدبىن بىلەن مۇقبىل رۇشەندىل دېگەن ئىككى شەخس ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئاساسىي غايىسىنى — ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، مەردلىك بىلەن نامەردلىك، جاھىللىق بىلەن

مۇرۋۋەتلىك، ساپ دىللىق بىلەن پاسىقلىق، تىرىشچانلىق بىلەن يالقاۋلىق، ھاياتقا ئىنتىلىش بىلەن ئۈمىدسىزلىك، دانالىق بىلەن نادانلىق، پاكلىق بىلەن ناپاكلىق ھەققىدىكى قاراشلىرىنى نەزم ۋە نەسرىي ئۇسۇلدا پەند ـ نەسىھەتلەر ئارقىلىق بايان قىلىدۇ. شائىر ئىلىم ۋە ئەمگەك ئەھلىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدىمۇ پىكىر يۈرگۈزىدۇ. كاززاپ، پارىخورلارغا كىنايە قىلىش مەقسىتىنى خۇدىبىن بىلەن رۇشەندىلنىڭ سوئال ـ جاۋابى ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. يالغانچىلارنى، كۆرەلمەسلەرنى ساتىرا ئاستىغا ئېلىپ، شەيخلەرنىڭ پەسكەشلىكىنى، ئالدامچىلىقىنى، مەنىۋى چۈشكۈنلۈكىنى جانلىق پاكىتلار ئارقىلىق ئېچىپ بېرىدۇ.

## 28. ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورنى قانداق؟

جاۋاب: ئابدۇرېھىم نىزارى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەنقىدىي رېئالىزمنى باشلاپ بەرگەن ۋە ئۇنى رېئال مەسىلىلەر ئارقىلىق ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلىگەن ئىلغار خاھىشقا ئىگە يىرىك شائىردۇر. ئۇ، ئۆز ئەتراپىغا نۇرغۇن شائىرلارنى توپلاپ، جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك تەرەپلىرىنى چىنلىق بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن، خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، خەلقنىڭ ھال ـ دەردىگە يەتكەن. نىزارى ئۆزىگە خاس يول تۇتۇپ، ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن شائىرلارنىڭ ئەمگەكلىرىگە ھۆرمەت قىلىپ، نۇرغۇن مېھنەتلەرنى قىلدى، بىر رېئالىزمچى سۈپىتىدە جەمئىيەتكە نەزەر تاشلاپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەنقىدىي رېئالىزمنىڭ راۋاجلىنىشىنى يېڭى ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى.

## 29. زوھۇرى كىم؟

جاۋاب: زوھۇرى XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەردە ياشاپ ئۆتكەن تەرەققىيپەرۋەر شائىر ۋە ھوقۇق ئىگىسى. «زوھۇرى» زوھۇرىدىن ھېكىمبەگنىڭ ھەم ئىسمى ھەم ئەدەبىي تەخەللۇسى. ئۇ، تۇرپاننىڭ يەرلىك فېئودال ۋاكالىتىنىڭ تۇنجى ۋاكى خوجا (1694 ـ 1777) نىڭ ئوغلى نۇرمۇھەممەدنىڭ ئوغلى بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولۇپ

تەيىنلەنگەن ۋە بۇ خىزمەتنى تەخمىنەن 1827 ـ يىلىدىن 1847 ـ يىلىغىچىلىك ئىشلىگەن.

زوھۇرىنىڭ ياشلىق چاغلىرى شىنجاڭ، جۇملىدىن قەشقەرنىڭ ئومۇمىي سىياسىي، ئىجتىمائىي كەيپىياتى مۇقىم بولغان يىللارغا توغرا كەلگەچكە، سىياسىي، مەمۇرىي ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈشتىن تاشقىرى، ئەدەبىيات، جۇملىدىن ئىلمىي ئىجادىيەت ئىشلىرىغىمۇ كۆپ باش قاتۇرغان. زوھۇرى ئەل ۋە يۇرتنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشتە بىلىملىك، يىراقنى كۆرەر بىر ئەمەلدار سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆز ئەتراپىغا نۇرغۇنلىغان شائىر ۋە يازغۇچىلارنى توپلاپ، دىۋانخانىلارنى تەسىس قىلىپ، مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرىنى بەرپا قىلىپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە بىر كىشىلىك ھەسسە قوشقان. ئۇ، نىزارى، زىيائى، غېرىبى، سەبۇرى قاتارلىق ئەدىبلەردىن تەركىب تاپقان بىر كاتىبات كوللېكتىپى تەشكىل قىلىپ، بۇ شائىرلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن بىمالال شۇغۇللىنىشىغا ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن، ئۇنىڭ «دىۋان زوھۇرى» ناملىق بىر توپلىمى بار.

## 30. زوھۇرى شېئىرلىرىدا نېمىلەر ئەكس ئەتكەن؟

جاۋاب: شائىر شېئىرلىرىدا ئىنسانىيەت تارىخىنى ئەسلەش ئارقىلىق، ئۆزىنى ۋە كېيىنكى ئەمەلدارلارنى ئەدىل ـ ئادالەت بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىشقا، ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن ئىبرەت ئېلىپ، خەلق تۇرمۇشىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشكە، خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، ئۆمرىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە دالالەت قىلىدۇ. شائىر نەۋائىي غەزىلىگە تەخمىس يېزىش ۋاستىسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھۆكۈمدار ۋاقتىدا خەلق ئالدىدا قىلغان گۇناھلىرىغا تۆۋا قىلىپ، كېيىنكى تۇرمۇشىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش ھەققىدە ۋەدىلەرنى بېرىپ، باشقىلارنى بۇنداق ئىشلارنى قىلماسلىققا دالالەت قىلىدۇ.

## 31. زىيائىينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى قانداق بولغان؟

جاۋاب: «زىيائىي» (؟ ـ 1850) شائىرنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى

بولۇپ، تولۇق ئىسمى نورۇز ئاخۇن كاتىپ زىيائىي. ئۇنىڭ نامى XIX ئەسىرنىڭ 30 ـ، 40 ـ يىللىرىدا قەشقەر رايونىدا كۆتۈرۈلگەن ئەدەبىي گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارلىرىدىن نىزارى، غېرىبىلەر بىلەن بىرقاتاردا تىلغا ئېلىنىدۇ.

زىيائىينىڭ ئۆمرى قەشقەردە ئۆتكەن. ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت ئىقتىدارى ۋە ياخشى ئەخلاقى بىلەن زامانداشلىرى ئارىسىدا ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر بولغان، زىيائىي بەدىئىي ئىجادىيەتتە چوڭ ئۇتۇق قازانغان. ئۇ، 14 يىل ھېكىمبەگ مەھكىمىسىدە كاتىباتلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا زور ئېتىبار ۋە ئىمتىيازلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى موھتاجلىق، ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ، قىيىنچىلىقتا ئالەمدىن ئۆتكەن، بۇ ھال شائىرنىڭ ئىجادىيىتىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن.

شائىرنىڭ «مەسئۇد ـ دىلئارام»، «ۋاموۇق ـ ئۇزرا»، «مەھزۇنۇل ۋائىزىن»، «مۇشۇك بىلەن چاشقان» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. ئۇ، ئابدۇرېھىم نىزارى بىلەن بىرگە «چاھار دەرۋىش» داستانىنى يازغان. ئابدۇرېھىم نىزارى، غېرىبىي قاتارلىقلار بىلەن «غېرىبىلار ھېكايىتى» ناملىق كۇللىياتنى تۈزۈشكە قاتناشقان.

## 32. زىيائىينىڭ «مەھزۇنۇل ۋائىزىن» داستانى قانداق ئەسەر؟

جاۋاب: «مەھزۇنۇل ۋائىزىن» 1843 ـ يىلى يېزىلغان، شائىر داستانىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يازغان.

«مەھزۇنۇل ۋائىزىن» مۇڭلۇق ۋەز ـ نەسىھەتلەر دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئەسەر مەزمۇن جەھەتتە ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ئائىت نەسىھەتلەر، ھېكمەتلىك سۆزلەر، ئۆز زامانىنىڭ تۈرلۈك ئىللەتلىرىگە قارىتىلغان تەنقىدلەر ۋە گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتلەرگە ياغدۇرۇلغان قىزغىن ئالقىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ يەنە ئۆز يۇرتىغا بولغان چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببىتى، ئىلىم ـ مەرىپەتنى ئەۋزەل بىلىشتەك ئەخلاقىي قارىشى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئەسەردە شائىرنىڭ ئەدەبىي كۆز قارىشىدىن باشقا يەنە پەلسەپىۋى ئىدىيىسىمۇ سۆزلەنگەن. داستان XIX ئەسىردىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

## 33. غېرىبىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي ئەسەرلىرىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب: غېرىبىنىڭ ئىسمى تۇردۇش ئاخۇن (1802 ـ 1860)، لەقىمى غېرىبى بولۇپ، قەشقەرنىڭ سۇزاق يېزىسىدا كاسىپ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ قەبرىسى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى ئوپال يېزىسى «ھەزرىتى موللام تېغى» باغرىدىكى مەھمۇد قەشقەرى قەبرىستانلىقى ئىچىدە.

غېرىبى ئۆز دەۋرىدە بەدىئىي ئىجادىيەت ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتتە يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بىر شەخس ئىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن زوھۇردىن ھېكىمبەگنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن ۋە نىزارى، زىيائىي قاتارلىق ئەدىبلەر بىلەن بىرلىكتە كوللېكتىپ ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىمۇ «غېرىبلەر ھېكايىتى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك كۇللىياتقا كىرگۈزۈلگەن، «غەزەللەر»، «بەھرامگور»، «كىتابى غېرىب» قاتارلىق ئەسەرلىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن.

## 34. تۇردۇش ئاخۇن غېرىبىنىڭ «كىتابى غېرىب» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى نېمە؟

جاۋاب: شائىرنىڭ «كىتابى غېرىب» ناملىق ئەسىرى ئۆزگىچە بىر تېمىدا يېزىلغان بولۇپ، ئاپتور بۇ كىتابنى زوھۇردۇن ھېكىمبەگنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە 1841 ـ يىلى قەشقەردە يازغان. ئەسەردە ئاپتور قۇۋلۇق، شۇملۇق، ئالدامچىلىق، خىيانەتچىلىكنى تەنقىدلەپ، ئادىمگەرچىلىك، ئىنساپلىق بولۇشنى دەۋەت قىلغان، ھەقىقەتنى بەكمۇ ئۇلۇغلىغان. شائىر ئەسەردە 36 ماۋزۇ ۋە 58 سوئال ـ جاۋابنى ئاساسىي ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، ئالەمنىڭ پەيدا

بولۇشى، كەسىپلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى، ھەر خىل تەبىقىلەرنىڭ بەرپا بولۇشى قاتارلىقلارنى ئىلاھىي كۈچكە باغلىسىمۇ، لېكىن ئىنسان ئەمگىكىنىڭ ئالىيجاناپ خىسلەتلىرىنى، كىشىلەرنىڭ كۈچ ـ غەيرىتىنى ئالاھىدە كۆيلەيدۇ. ئۇ ئۆز پىكرىنى 30 دىن ئوشۇق كەسىپ ۋە ھۈنەر ئىگىلىرىنىڭ بەس ـ مۇنازىرىسى ئارقىلىق ئىپادىلەپ، جەمئىيەتتىكى ھەر تۈرلۈك كەسىپتىكى كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدىغانلىقىنى، ئارتۇقچىلىق، كەمچىلىكلىرىنى، ھەر بىر كاسىپنىڭ ئۆز كەسپىگە تۇتقان مۇئامىلىلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان.

بۇ ئەسەر ئۇيغۇرلارنىڭ XVIII ، XIX ئەسىرلەردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 35. سەبۇرىنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرى قانداق بولغان؟

جاۋاب: سەبۇرى XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قەشقەردە ياشاپ، ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇر شائىرى. سەبۇرى ئۇنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ، تولۇق ئىسمى ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى. سەبۇرى ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئىستىداتى بىلەن قەشقەر ھېكىمبېگى زوھۇردۇننىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشكەن ۋە ئۇ ياراتقان قولايلىق شارائىت، ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولۇپ، تۇرمۇشىنى نورمال ئورۇنلاشتۇرغان، بەزى ئەسەرلىرىنى ھېكىمبەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېزىپ چىققان.

سەبۇرىنىڭ «دىۋان سەبۇرى» ، «ماقالات» ، «بەھرىلئەنساپ» (نەسەبلەر دېڭىزى) ، «نەۋائىينىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى توغرىسىدا» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

شائىر «ماقالات» دېگەن ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ توغرا يولباشچىغا ئىگە بولۇش ئارزۇسىنى مەسەل يولى بىلەن ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭدا ئۆز زامانىسى ئۇچۇن ئىلغار بولغان، غايىۋى كۆز قاراشقا ئىگە، ئادىل، ھەققانىيەتچىل ھۆكۈمران باشچىلىقىدا باشباشتاق جەمئىيەتنى مۇقىم تەرتىپكە سېلىپ، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى تۈگىتىپ،

خاتىرجەم تۇرمۇش بەرپا قىلىش ئارزۇسى ئىپادىلەنگەن.

## 36. «دىۋان ئىمىرى» قانداق ئەسەر؟

جاۋاب: «دىۋان ئىمىرى» 1876 ـ يىلى ئاقسۇ ئۇچتۇرپانلىق راھمانقۇلى ئىسىملىك خەتتات تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن 272 بەتلىك شېئىرلار توپلىمى.

«دىۋان ئىمىرى» گە شائىرنىڭ غەزەل، مۇخەممەس، رۇبائىي، قىتئە، مۇختەمىلات قاتارلىق لىرىك شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇلار ئاساسەن ئەنئەنىۋى تېما بولغان سۆيگۈ ـ مۇھەببەت، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئادالەت، ئىلىم ـ مەرىپەت، گۈزەل ئەخلاقنى پەزىلەت ھەققىدە يېزىلغان. شائىرنىڭ ئىلغار ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن شېئىرلىرى 12 مۇقام تېكىستلىرىگە كىرگۈزۈلگەن.

## 37. ئىسمائىل بەگ (بىنىشان) نىڭ «دىۋان بىنىشان» ۋە «پەندىنامە» قاتارلىق ئەسەرلىرى قانداق ئەسەر؟

جاۋاب: «دىۋان بىنىشان» شائىر ئىسمائىل بەگ (بىنىشان) نىڭ دىۋانى بولۇپ، 1842 ـ يىلى تۈزۈلگەن. ئۇنىڭدىكى شېئىرلار ئاپتورنىڭ سۆيگۈ ـ مۇھەببەت، مېھنەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىلغار كۆز قاراشلىرىنىڭ مۇجەسسەم ئىپادىسىدۇر.

«پەندىنامە» شائىرنىڭ 1827 ـ يىلى يېزىلغان داستانى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتور ئۆزىنىڭ بىلىم ھەققىدىكى قاراشلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلغان، ھۆكۈمدارلارنى ئادىل، پەزىلەتلىك بولۇشقا ئۈندىگەن، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئىلغار ئامىللارنى تەشەببۇس قىلغان.

## 38. خىسلىتى كىم؟

جاۋاب: خىسلىتى (خىسلەت) شائىرنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ، تولۇق ئىسمى سەئىد ئارىپ خوجا شاشى. ئۇ قەشقەرلىق بولۇپ، كېيىنچە ئۆزبېكىستاننىڭ قوقەند دېگەن يېرىدە تىرىكچىلىك قىلغان. شائىر خىسلىتى «خىسلىتى ئىشان» تەخەللۇسى بىلەن غەزەل، مۇۋەششەھ، مۇخەممەس، داستانلارنى يازغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۆز

دەۋردە كەڭ تارقىلىپ، خەلق ئىچىدە بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان، بەزى شائىرلار خىسلىتى غەزەللىرىگە تەخمىسلەرنى يازغان.

شائىرنىڭ «ھەدىيەئى خىسلەت»، «مۇشۇك بىلەن چاشقان»، ئۇنىڭدىن باشقا ئايرىم لىرىكىلىرى بار.

## 39. خىسلىتى شېئىرلىرىدا نېمىلەر ئەكس ئەتتۇرۇلگەن؟

جاۋاب: شائىر لىرىكىلىرىدا جەمئىيەتتىكى خىلمۇ خىل خاراكتېردىكى كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى «مەن» ئوبرازىدا كۆرسىتىپ، كىشى خاراكتېرىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى بەدىئىي ۋاستىلەر ياردىمىدە يورۇتۇشقا تىرىشىدۇ. شائىرنىڭ «ھەدىيەئى خىسلەت» ناملىق توپلىمىدا بىرقىسىم مەسنەۋى، غەزەل ۋە مۇۋەششەھلىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى شېئىرلار خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. «مەن دۇنيادا ئى ئاكەم بولگىچە» دېگەن مۇخەممىسى داڭلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا جەمئىيەت، كىشىلىك مۇناسىۋەت، شەخسىي كەچۈرمىشلىرىنى ئىجتىمائىي پىكىرلەر تىزمىسى تەرىقىسىدە ئىپادىلىگەن. مۇخەممەستە شائىر ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ لىرىك ئوبرازىنى يارىتىدۇ. بۇ ئوبراز رەڭگارەڭ تۈس ئالغان، كۆپ قىرلىق، مۇرەككەپ بولۇشقا قارىماي، دەسلەپ دىلخەستە، ۋاپا يولىدا سەرگەشتە، ھەق - ئادالەت بابىدا سەرسانە كىشى سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ؛ بەزىدە چوكچى، بەزىدە پەرى، جەننەت ھۆرى، باغى ئىرەمنىڭ بۇلبۇلى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. شائىر بۇ يەردە جەمئىيەتتىكى خىلمۇ خىل خاراكتېرلىك ئادەملەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى «مەن» ئوبرازىدا كۆرسىتىپ، كىشى خاراكتېرىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولىدۇ.

«مۇشۇك بىلەن چاشقان» ناملىق مەسەللىك داستانىدا مۇشۇك ۋە چاشقانلار ئوبرازى ئارقىلىق ئۆزىنى نىقابلىغان ياۋۇز كۈچلەردىن ھوشيار بولۇشقا چاقىرىدۇ. جۈملىدىن ياۋۇزلاردىن شەپقەت ۋە رەھمەت كۈتۈش ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىش بىلەن باراۋەر دەپ كۆرسىتىدۇ. چاشقانلار بىلەن مۇشۇك ئوتتۇرىسىدىكى

بىرقاتار ۋەقەلەر ئارقىلىق، ئىتتىپاقسىزلىق چوڭ بەختسىزلىك دېگەن ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىپ، ئىتتىپاق، ئۆم بولۇپ ياشاش، ئۇمىدۋارلىق بىلەن جان تىكىپ كۈرەش قىلىش — دۈشمەن ئۈستىدىن غالىپ كېلىشنىڭ ئاساسى، دەپ كۆرسەتكەن.

## 40. «بۇغراخانلار تەزكىرىسى» قانداق ئەسەر؟

جاۋاب: «بۇغراخانلار تەزكىرىسى» XIX ئەسىردە قەشقەردە ياشىغان موللا ھاجى ئىسىملىك تارىخچىنىڭ ئەسىرى. بۇنىڭدا ئەبۇ نەسىر سامانى، سۇتۇق بۇغراخان، ھەسەن بۇغراخان، ھۈسەيىن بۇغراخان، سەئىد ئەلى ئارسلانخان، يۈسۈپ قادىرخان قاتارلىقلارنىڭ قاراخانىيلار خانلىقىنى مۇستەھكەملەش، قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى سۆزلەنگەن. تەزكىرىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى قەھرىمانلىق، پىداكارلىق، تەرەققىيپەرۋەرلىك روھىغا مەدھىيە ئوقۇشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا تارىخىي شەخسلەرنىڭ جاپا ـ مۇشەققەت، خېيىمخەتەر ۋە ئۆلۈمدىن قورقماي ئۆز مەسلەكلىرى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلغانلىقىدەك جەڭگىۋار ھاياتى، يۇقىرى ئەقىل ـ پاراسىتى، ھەربىي ئىستراتېگىيىسى، تەشكىللەش ماھارىتى قاتارلىق خىسلەتلىرى كۆڭۈل قويۇپ تەسۋىرلەنگەن ۋە ئۇلارغا مەدھىيە ئوقۇلغان.

تەزكىرە قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ تارىخىي ۋەقەلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆز دەۋرىنىڭ ئەدەبىياتى توغرۇلۇقمۇ ئۇچۇر بەرگەن. بۇ ئەسەر تارىخ تەتقىقاتى جەھەتتە قىممەتلىك ماتېرىيالدۇر.

## 41. موللا مىرسالىھ قەشقەرىنىڭ «چىڭگىزنامە» دېگەن ئەسىرىدە نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟

جاۋاب: موللا مىرسالىھ قەشقەرىنىڭ «چىڭگىزنامە» ناملىق ئەسىرىدە ئالەم ۋە دۇنيانىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر، قەدىمكى تۈركىي قوۋملەرنىڭ شەكىللىنىشى، جايلىشىشى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيىتى، ئوغۇزخان توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر، ئۇيغۇرلار، قىتانلار، موڭغۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى، يەكەن خانلىقى ۋە خوجىلار

دەۋرىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى سۆزلەنگەن، بولۇپمۇ ئەسەردە موڭغۇللار ۋە موڭغۇلىستان، يەكەن خانلىقىنىڭ ئەھۋالىغا بىر قەدەر كەڭ سەھىپە ئاجرىتىلغان. ئەسەردە يەنە يەكەن خانلىقى دەۋرىنىڭ ئەدەبىياتىغا دائىر مەلۇماتلارمۇ ئورۇن ئالغان بولۇپ، بىرمۇنچە رىۋايەتلەر كىرگۈزۈلگەن. بۇ ھال ئەسەرنىڭ تارىخىي قىممىتىدىن باشقا ئەدەبىي قىممىتىنىمۇ ھەسسىلەپ ئاشۇرغان.

## 42. مۇھەممەد ئىۋەز قاراقاشى كىم؟

جاۋاب: مۇھەممەد ئىۋەز قاراقاشىنىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەد ئىۋەز ئىبنى مەۋلانە سەدىردىن قاراقاشى بولۇپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قاراقاش ناھىيىسى موغاللا مەھەللىسىدىكى بىر ئۆلىما ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن خېلىلا يۇقىرى بىلىم ئىگىلىگەن.

مۇھەممەد ئىۋەزنىڭ «مەھدۇم ئەزەم»، «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

مۇھەممەد ئىۋەز قاراقاشى يەنە خاس شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللانغان.

## 43. مۇھەممەد ئىۋەز قاراقاشىنىڭ «مەھدۇم ئەزەم» ۋە «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» ئەسەرلىرىدە نېمىلەر ئىپادىلەنگەن؟

جاۋاب: «مەھدۇم ئەزەم» ئاساسەن تەزكىرە بولۇپ، ئۇنىڭدا XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا يۈز بەرگەن زور ئىجتىمائىي، سىياسىي ئەھۋاللار، تارىخىي ۋەقە، تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن. خوجىلار ھەرىكىتى «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» لار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەر ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. بۇ ئەسەر مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان» دېگەن ئەسىرى بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىپ، كەم يەرلىرىنى ئۆزئارا تولۇقلىغانلىقى بىلەن، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ XVIII، XIX ئەسىرلەردىكى ئەھۋالىنى ئۆگىنىشتە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

«مەجمۇئەتۇل ئەھكام» (ھۆكۈملەر يىغىندىسى) 41 بابتىن

تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، تارىخ ۋە پسىخولوگىيە قاتارلىق پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىتابنىڭ ئاخىرىدا مۇئەللىپ ئۆزى بىلەن زامانداش بولغان ۋە ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن بەزى ئالىملارنىڭ ئىلمىي پائالىيىتى توغرىسىدىمۇ مەلۇمات بېرىدۇ.

«مەجمۇئەتۇل ئەھكام» XVIII ئەسىر شارائىتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تەبىئىي پەن ھەققىدە دادىل پىكىر يۈرگۈزگەن ئىلغار كىتابتۇر.

## 44. مۆجىزى كىم؟

جاۋاب: مۆجىزى شائىرنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ، تولۇق ئىسمى موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللادۇر. ئۇ XVIII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا خوتەندە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

مۆجىزى ئۆز دەۋرىنىڭ خېلىلا بىلىملىك ئادەملىرىدىن ئىدى. ئۇ، ئۆز ئانا تىلىنى، ئەدەبىياتىنى، خەلقىنىڭ تارىخىنى، بولۇپمۇ مۇزىكا تارىخىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن، ئەرەب، پارس تىللىرى، جۈملىدىن بۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئەدەبىياتى، تارىخى، مەدەنىيەت ئەھۋالىدىن ئوبدان خەۋەردار بولغان.

مۆجىزى نەۋائىيدىن ئوبدان ئۆگەنگەن. ئۇنى «پىرىم»، «ئۇستازىم» دەپ ئېتىراپ قىلغان. ئەينى دەۋردىكى خوتەن ھاكىمبېگى ئۇنىڭغا: «كەسپىي مۇسىقىدۇر (مۇزىكىچى ئىدى)، شېئىرىيەت بېغىنىڭ بۇلبۇلى، ئەدەبىيات گۈلشەنىنىڭ تۇتىدەك شېرىن سۆزلۈكى، ھەم خۇش پۈتكىچى ھەم دىلكەش ئېيتقۇچى ئىدى» دەپ يۇقىرى باھا بەرگەن.

ئۇنىڭ 1854 ـ 1855 ـ يىللىرى يېزىپ چىققان «تاۋارىخى مۇسقىيۇن» دېگەن بىر كىتابى بار.

## 45. مۆجىزىنىڭ «تاۋارىخى مۇسقىيۇن» دېگەن كىتابى قانداق ئەسەر؟

جاۋاب: «تاۋارىخى مۇسقىيۇن» مۇزىكانتلار تارىخىغا بېغىشلانغان ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇزىكا تەرەققىياتى، مۇقامنىڭ

شەكىللىنىشى، تەرەققىياتى، ھەرقايسى مۇقاملارنىڭ ئىسىملىرى، ئۇلارنىڭ ئىجادچىلىرى ھەققىدە توختالغان. 17 نەپەر مۇزىكا ئۇستازىنى بىرقەدەر مۇپەسسەل تونۇشتۇرغان، بىرقىسىم چالغۇ - ئەسۋابلارنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. ئاپتور ئەسىرىدە قېدىرخان يەكەندى بىلەن ئامانىساخان (نەفىسە) توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن.

ئاپتور بۇ ئەسەرنى ئەدەبىي ئۇسلۇبتا يېزىپ چىققان، ھەر بىر ئوبيېكتنى تەسىرلىك ھېكايە تەرىزىدە بايان قىلغان، بۇ نۇقتىدىن ئەسەرنى ئەينى دەۋر ھېكايەتچىلىكىنىڭ يادىكارلىقى دېيىشىمۇ بولىدۇ.

## 46. مۇھەممەد نىيازنىڭ «قىسەسۇل غەرايىپ» دېگەن ئەسىرىدە قانداق مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟

جاۋاب: «قىسەسۇل غەرايىپ» XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خوتەندە ياشاپ ئۆتكەن تارىخچى، ئەدىب ۋە تەرجىمان مۇھەممەد نىيازنىڭ 1851 ـ ، 1852 ـ يىللىرى يېزىپ چىققان ئەسىرى.

كىتاب ئۈچ قىسىم قىلىپ تۈزۈلگەن. ئاۋۋالقى قىسىمدا ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تاكى چىڭگىزخانغىچە زىكىر قىلىنغان؛ ئىككىنچى قىسىمدا چىڭگىزخاندىن تاكى ھومايۇن پادشاھ (بابۇر ئوغلى) غىچە بايان قىلىنغان؛ ئۈچىنچى قىسمى، ئالەمدىكى ئاجايىپ ئىشلار، ئۆز زامانىدىكى ھادىسىلەر ۋە تېۋىپلەرنىڭ زېرەكلىكى، قىزىقچىلىقى ھەققىدىكى لەتىپىلەردىن تەركىب تاپقان.

كىتاب نەسرىي بايانلارنى ئاساس قىلىشتىن باشقا، بىرمۇنچە شېئىرىي مىسرالارغىمۇ ئورۇن بەرگەن. بۇ ھال كىتابقا ياخشى بىر ئەدەبىي ئەسەر، يەنى تەزكىرە سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشقا شەرت ھازىرلىغان. ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئادەملىك خاراكتېرلەر، ئەقىل - پاراسەتلەر، تارىخ ۋە تۇرمۇش بىلىملىرى، قەھرىمانلىق ۋە ئىجادكارلىق خىسلەتلەر تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان مۇھىم مەزمۇنلار بولۇپ، كىشىلەرنى بەكمۇ سۆيۈندۈرىدۇ.

## 47. ئەھمەد شاھ كىم؟

جاۋاب: ئەھمەد شاھ (1750 ـ 1828) نىڭ تەخەللۇسى

قاراقاشى بولۇپ، خوتەن ۋىلايىتى قاراقاش ناھىيىسى قاپاقلا يېزىسىدا بىر دىنىي مۆتىۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولغان.

ئەھمەد شاھنىڭ دادىسى مۇبارەك شاھ قاپاقلا يېزىسىدىكى مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى بولغان. ئەينى ۋاقىتلاردا دەرسلىك سۈپىتىدە ئوقۇتۇلۇۋاتقان «نەۋائىي»، «سوپى ئاللايار» قاتارلىقلارنىڭ غەزەللىرى ئەھمەد شاھقا بەلگىلىك تەسىر قىلغان.

ئەھمەد شاھ 1767 ـ يىللىرى قەشقەر خانلىق مەدرىسىگە كېلىپ، بۇ يەردە بىر مەزگىل ئالىي مەدرىس تەلىمىنى قوبۇل قىلغان. ئوقۇشنى تاماملاپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قاراقاشتىكى چوڭ مەدرىسە «گۆزەر» مەدرىسىگە مۇدەررىس قىلىپ تەيىنلەنگەن.

شائىرنىڭ «نەزەر مۇپتىغا خەت» (بەزى مەنبەلەردە «ئات ھەققىدە مۇخەممەس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دېگەن ئەسىرى بار.

## 48. ئەھمەد شاھ قاراقاشىنىڭ «نەزەر مۇپتىغا خەت» مۇخەممىسى قانداق ئەسەر، نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟

جاۋاب: ئەھمەد شاھ قاراقاشى قەشقەردە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە ئاقسۇلۇق نەزەر ئاخۇن ئىسىملىك بىر تالىپ بىلەن ساۋاقداش بولۇپ ئوقۇغان، ئوقۇش تۈگىگەندىن كېيىن نەزەر ئاخۇن ئاقسۇدا مۇپتى بولغان. بۇ خەۋەردىن ۋاقىپ بولغان ئەھمەد شاھ دوستىغا ئاقسۇ ئېتىدىن بىرنى ئەۋەتىش تەلىپىنى ئېيتىپ پۇل ئەۋەتكەن، ئات ئەھمەد شاھنىڭ كۈتكىنىدەك بولماي قالغان، بۇنىڭ بىلەن ئۇ پۇلۇمغا خىيانەت قىلغان ئوخشايدۇ دەپ غەزەپكە كېلىپ، كۈچلۈك ھەجۋى تۈسكە ئىگە «نەزەر مۇپتىغا خەت» ناملىق سالام خەتنى يېزىپ دوستىغا ئەۋەتكەن.

مۇخەممەستە ئاتنىڭ ئوبرازى ھەجۋى قىلىنغان، ئاتنىڭ ئەيىب ۋە نۇقسانلىرى خىلمۇ خىل كىنايىلىك تەسۋىرىي ۋاستىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن كۆرسىتىلگەن. شائىر ئاتنى مازاق قىلىش ۋاستىسى بىلەن ۋاپاسىز، نامەرد، چاكىنا دوستى نەزەرنى مەسخىرە قىلغان، ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇغان.

مۇخەممەسنىڭ يەنە بىر قاراتمىلىقى جەمئىيەتنىڭ نۇقسانلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت بولغان. ئەھمەد شاھ لەقۋا ئات، ۋاپاسىز دوست، خىيانەتكار جەمئىيەتنى ئومۇملاشتۇرۇپ كۆرسىتىش مەقسىتىدە يۇقىرى دەرىجىدە تىپىكلەشكەن ئات ئوبرازىنى ياراتقان.

**49. دىلبەر دورغىنىڭ «مەزلۇملار ئاھــــى» قانداق ئەسەر، نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟**

جاۋاب: دىلبەر دورغىنىڭ تەنقىدىي رېئالىزم روھى بويىچە يېزىلغان «مەزلۇملار ئاھى» ناملىق مۇخەممىسى 21 كۇپلېتتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، 1844 ـ يىلى يېزىلغان.

«مەزلۇملار ئاھى» ئەرزنامە سۈپىتىدە يېزىلغان بىر بەدىئىي ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا جەمئىيەتتىكى تەڭسىزلىك، ئادالەتسىزلىك، بىچارىلىق تۈپەيلىدىن كۆزى ياش، باغرى قان، قەلبى زەرداب، قامىتى ئېگىلگەن، دىلى سۇنۇق، مەنىۋى دۇنياسى سولغۇن بىر دەردمەننىڭ هال ـ ئەھۋالى بايان قىلىنغان.

ئەسەردىكى ئەرزكار ئەسلى قابىل، زىبا، بەختلىك بىر ئەر ئىدى. ئۇنىڭ ھوسۇل ـ دۆلەتلىرى مول ئىدى، جەمئىيەتتە خېلى ئىززىتى بار ئىدى، ئەپسۇسكى ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە بۇ ئىنسان قېرىيدۇ، بەللىرى ئېگىلىدۇ، ئۇزاق يىل پۈتى كەش كۆرمەيدۇ، كۇندىلىك ئوزۇقلۇقىنى ئاران ھەل قىلىشۋاتقان بۇ دەردمەن تېخى ئالۋاننىمۇ تۆلەپ تۇرۇشنى «مۇقەددەس» ۋەزىپە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «دورغىلار بەزى كېلىپ قامچا بىلەن ئوڭلايدۇ، يالۋۇرۇپ ئەپۇ دېسەم قوللىرىمنى باغلايدۇ، مەن تۇغۇلغانغا پۇشايمان ھەم نادامەتتە بېگىم» دەپ ئەرز يازسا، «باقمىدى بىزگە پەلەك، رەھىم ـ شەپقەت ئەيتمىشىڭدۇر ساڭا بىزدىن بۇ تىلەك، كەتكۇدەكمىز بۇ جاھاندىن بۇ پالاكەتتە بېگىــــم» دەپ، ئىــــــنسانلارغا خاس ھاياتقا بولغان ئۈمىدۋارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

«مەزلۇملار ئاھى» يالغۇز دىلبەر دورغىنىڭ ئەمەس، ئەينى چاغدىكى مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان مەزلۇملارنىڭ ئەرزى، فېئودال قارا كۈچلەرنىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى XIX ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۈستىدىن قىلىنغان ھەققانىي شىكايەتنامىدۇر.

**50. ئاشىقنىڭ «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» قانداق ئەسەر، ئۇنىڭدا نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟**

جاۋاب: موللا نىياز ئاشىقنىڭ «دىۋان نىيازى» ناملىق توپلىمىدا غەزەل ۋە داستانلار ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە «تاماقلار مۇنازىرىسى» ۋە «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» ناملىق ئىككى مەسەللىك داستانى داڭلىق.

«مېۋىلەر مۇنازىرىسى» مەسەل خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ، مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان. شائىر داستانىدا تەبىئەت دۇنياسىدىكى باغ، مېۋە ـ چېۋىلەر ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىپ، ھەرقايسى مېۋىلەردە بولىدىغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك، ئەلگە يەتكۈزىدىغان پايدا ـ مەنپەئەت ياكى زەرەرنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن مېۋىلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى تۇرمۇش، ئادەت كۈچى ۋە كىشىلەردىكى يارىماس ئىللەتلەر، مەنمەنلىك، ھاكاۋۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق، باشباشتاقلىق قاتارلىقلارنى يۇمۇرلۇق تىل بىلەن قامچىلايدۇ.

شائىرنىڭ بۇ ئەسىرى بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە. بۇنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇ:

1) شائىر شېئىرىيەتنىڭ تېما دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە تىرىشقان، ئالدىنقىلار ۋە زامانداشلىرىدىن پەرقلىق ھالدا رېئال ۋە غايىۋى كىشىلىك تۇرمۇشنى، پېرسوناژلارنى ئادالەت، مۇھەببەت، بىلىم، ۋاپا كاتېگورىيىسى ئىچىدە تاۋلاپ ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئوبرازلار خاراكتېرىنى ئالماشتۇرۇپ ئىپادىلەشكە جۈرئەت قىلغان.

2) شائىرنىڭ بۇ ئەسىرىنىڭ ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ ئايرىم تەرەپلىرىنى ئۆگىنىشتە تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى بار، ئۇنىڭدا باغۋەنچىلىك، مېۋىلەرنىڭ ئىسمى، خۇسۇسىيىتى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلىدۇ.

3) مەسەللىك داستاننىڭ ئىخچام، چۈشىنىشلىك ۋە خەلق جانلىق تىلىغا مايىللىقى، شۇنداقلا يەرلىك تەلەپپۇزنىڭ چىقىپ تۇرۇشى كىتابخانلارنىڭ ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن مەزمۇننى چۈشىنىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگەن.

## 51. خۇشھال غىربى كىم؟

جاۋاب: خۇشھال غىربى XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان، قەشقەر مەدرىسىدە زامانىسىنىڭ مەشھۇر ئۆلىمالىرىدىن بىرى بولغان مەۋلەۋى خوجا مۇھەممەد ئاخۇنۇمنىڭ دەرسخانىسىدا ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تېبابەت، مەنتەقە، گراماتىكا، پەلسەپە، ئىسلام دىنى قانۇنلىرىنى ئۆگەنگەن.

خۇشھال غىربى 1827 - يىلىدىكى قەشقەر قوزغىلىڭىدىن كېيىن قوقان خانلىقىغا قېچىپ چىققان. ئۇ غەربىي پەرغانە ۋادىسىدا شەھەر ۋە يېزىلاردا مۇساپىرچىلىقتا ناھايىتى ئېغىر تۇرمۇش كەچۈرگەن.

شائىرنىڭ 1845 - يىلى يېزىلغان «كۇللىيات غىربى» ناملىق بىر شېئىرلار توپلىمى بار.

## 52. خۇشھال غىربىنىڭ «كۇللىيات غىربى» توپلىمىدا نېمىلەر ئەكس ئەتتۇرۇلگەن؟

جاۋاب: خۇشھال غىربىنىڭ «كۇللىيات غىربى» ناملىق توپلىمىدىن ئارۇز ۋەزنىنىڭ تۇرلۇك بەھىرلىرىدە يېزىلغان شېئىرلار ئورۇن ئالغان. توپلام غەزەل، مۇخەممەس، مەسنەۋى، رۇبائىي، ساقىنامە، مۇستەھزات، قىتئە، تارىختىن تەشكىل تاپقان.

خۇشھال غىربى شېئىرلىرى مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغان. شائىر شېئىرلىرىدا ئۆز ۋەتىنى، يارۇ - بۇرادەرلىرىنى سېغىنىپ، مۇساپىرلىقتا ئۆتكۈزگەن ھاياتىدىن بېشارەت بېرىدۇ، ۋەتەن ئىشقىدا ھەم ئۇنىڭدىن ئايرىلىش ئازابىدا يۇرىكى ئۆرتىنىۋاتقانلىقىنى، ۋەتەننى كۆرۈش ئارزۇسىنى يارقىن ۋە بەدىئىي تۇستە ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇ شېئىرلىرىدا يەنە ئىنسان ھاياتىدا مەرىپەتنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەشۋىق قىلىدۇ؛ ساختا دوستلۇق، ۋاپاسىزلىق قاتارلىقلارنى، مۇناپىق روھانىيلارنى، ئەپسانىۋى ھۆر - پەرى، جەننەتنى دەپ دۇنيا رېئاللىقىدىن ۋاز كەچكەن زاھىدلارنى تەنقىد قىلىدۇ.

## 53. قۇلئەلىم ۋە ئۇنىڭ «تۇتىنامە» دېگەن ئەسىرى

توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىز؟

جاۋاب: قۇلئەلىم قەشقەرنىڭ قاغىلىق ناھىيىسىدە XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشاپ ئۆتكەن شائىر. ئۇ ئۆزىگە «ئامى زەئىف» دېگەن سۆزنى ئەدەبىي تەخەللۇس قىلغان. شائىرنىڭ «دىۋان تەجرىد» ناملىق غەزەللەر توپلىمى ۋە «تۇتىنامە» دېگەن داستانى بار.

«تۇتىنامە» ئەينى چاغدىكى قاغىلىق يېزىلىرىدا يۈز بەرگەن سۇ ماجىراسىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىش ئارقىلىق زۇلمەتلىك فېئوداللىق جەمئىيەت ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ، قاتمۇ قات ئالۋان ـ ياساقنىڭ دەستىدىن پەرياد چېكىۋاتقان خەلقنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىنى چۈشىنىپ، ھەسرەت چەككەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ؛ ئىستىبدات ھاكىمىيەت قولچوماقلىرى بولغان مىڭ بېگى، يۈز بېشى ۋە ئون بېشى قاتارلىق فېئوداللارنىڭ سالغان زۇلمى، ئالدامچىلىقى ۋە ساختىپەزلىكىنى پاش قىلىدۇ؛ بايلارنى ئىنساپقا دەۋەت قىلىپ، يېتىم ـ يېسىر، نامراتلارنىڭ ھالىغا ئېچىنىدۇ.

داستان رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودى بويىچە يېزىلغان بولۇپ، تارىخ تەتقىقاتى ئۈچۈن مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولالايدۇ.

## 54. موللا ئەلى قۇشچىنىڭ «بازنامە» دە نېمىلەر ئەكس ئەتتۇرۇلىدۇ؟

جاۋاب: موللا ئەلى قۇشچىنىڭ «بازنامە» دېگەن ئەسىرىدە ئوۋچىلىق ۋە قۇشچىلىق تېما قىلىنغان. ئەسەرنىڭ ئالدىنقى ئاساسلىق قىسمى شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان، ئۇنىڭدا شائىر ئوۋ قۇشلىرىنى بېقىشتا ۋە ئوۋلاشتا دىققەت قىلىدىغان مەسىلىلەرنى بايان قىلغان. ئەسەرنىڭ ئاخىرقى قىسمى نەسرىي شەكىلدە يېزىلغان. ئاپتور بۇ بۆلەكتە ئوۋ قۇشلىرىدا كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا دائىر بەزى رېتسېپلار ۋە تەجرىبىلەرنى تونۇشتۇرغان.

## 55. موللا مۇھەممەد نىيازنىڭ «مەنسۇر» داستانىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى نېمە؟

جاۋاب: موللا مۇھەممەد نىياز يېڭىسارلىق بولۇپ، XIX

ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشىغان شائىر. ئاپتور مىڭ يىللار ئىلگىرى مىسىردا تارقالغان، كېيىن مەلۇم بىر ئاپتور تەرىپىدىن پارس تىلىدا ھېكايىلاشتۇرۇپ چىقىرىلغان ۋەقەلىكىنى شېئىرلاشتۇرۇپ، داستان ھالىتىگە كەلتۈرگەن. داستاندا مەنسۇر ۋە نەسىمە قاتارلىق كىشىلەرنىڭ مۇرەككەپ سەرگۈزەشتىلىرى ۋە كۆپ قىرلىق ئوبرازى يارىتىلغان.

مەنسۇر پىتىنخور، غەيۋەتچىلەرنىڭ ئۆسەك سۆز، يالغان ـ ياۋىداق بوھتانلىرى تەرىپىدىن قارىلانغان، ئەمما پاك، مېھرىبان سىڭلىسى ئەنەلنىڭ ئابرۇيىنى، شان ـ شەرىپىنى، جۇملىدىن ئادالەت، ھەققانىيەت ئىگىلىرىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى، غۇرۇرى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىنى قوغداش، ھىمايە قىلىش ئۈچۈن خورلۇق، ئازاب ـ ئوقۇبەت، ھەتتا قۇربان بېرىشتىن قورقمايدۇ. مەنسۇرنىڭ خىسلەتلىك ئوبرازى شۇ دەرىجىدە غايىۋىلەشتۈرۈلگەنكى، ھەقنى سۆزلىگەن مەنسۇر ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ، دارغا ئېسىلغاندىن كېيىنمۇ يەتتە كېچە ـ كۈندۈزگىچە ئۆلمەي، ھەقنى زىكىر قىلىدۇ؛ ئىككىنچى قېتىم دەرۋازىغا مىخلىنىپ، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر تەرىپىدىن تاش ـ توقماق بىلەن ئۇرۇلسىمۇ ئۆلمەيدۇ، ئاخىر ئوتتا كۆيگەن مەنسۇرنىڭ ئادەم شەكلىدىن كۆلگە، كۆلدىن كۆپۈككە ئايلىنىشى ئارقىلىق پاك ۋۇجۇدىدىن 41 ئوغۇل دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە نەسىمە ئاتلىق بىرسى ئامان قېلىپ، دادىسىنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرغۇچى سۇپىتىدە موللىلارنى «تېشى ئاق، ئىچى قارا» دەپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئاتىسىغا ئوخشاش «كاپىر» لىقتا ئەيىبلىنىپ، دارغا ئېسىلىدۇ ۋە ئاتىسىغا ئوخشاش بىگۇناھ ئازابلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەمما، نەسىمەنىڭ ۋاقىتلىق قاتىلى، مەنسۇرنىڭ قاتىلىغا ئوخشاش ئەمەس، بەلكى ئۇزىنىڭ قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلغان قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇ ۋە بىر توپ كىشى نەسىمەنىڭ ئۆلۈمىگە قاتتىق ئۆكۈنىدۇ. بۇ يەردە شائىر ھەققانىيەت، ئادالەت كۈچلىرىنى يوقىتىۋەتكىلى بولۇش مۇمكىن، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۇلۇغۋار ئىرادىسى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ۋە ئوتلۇق غايىلىرىنىڭ ئۇچقۇن ـ يانغىنلىرىنى ئۆچۈرۈۋەتكىلى بولمايدۇ، ئۇ كېيىنكىلەرنىڭ ئىدىيىسى، قەلبىگە چوڭقۇر ئورۇنلاشقان بولىدۇ، دېگەن مەنتەقىنى

ئىزاھلايدۇ.
داستان قويۇق كىنايە تۈسگە ئىگە. شائىر خەلق تىلىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق دارىتمىلاش ۋاستىسى ئارقىلىق ئوي - پىكىرلىرىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان.

## 56. قۇربان ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى نېمە؟

جاۋاب: شائىر قۇربان XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خوتەن ۋىلايىتى كىرىيە ناھىيىسى نۇرى تاغلىق يېزىسىغا تەۋە ئىماملىرىم (ھازىرقى بوستان يېزىسى) دا تۇغۇلۇپ ياشىغان. ئۇنىڭ تۇرمۇشى موھتاجلىقتا ئۆتكەن. شائىر ئۆزىنىڭ مۇنداق بىچارىلىقتا ئۆتكەن غېرىبانە باللىق دەۋرلىرىنى شېئىرىي مىسرالاردا ئەكس ئەتتۇرگەن.

شائىر ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىنىڭ بىرقىسمى بولغان دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنى ئىپادىلەپ، بىرقىسىم زاماندىش شائىرلارنىڭ ئارىسىدا ئۈلگىلىك ۋە باشلامچىلىق رولىنى ساقلاپ قالغان.

قۇربان لىرىكىلىرىدا مەسنەۋى ۋە مۇخەممەس شەكىللىرى ئاساس بولۇپ، ئۇ شېئىرلىرىدا تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇشكە تىرىشقان، «ئەلىشىر نەۋائىي غەزەللىرىگە يېزىلغان مۇخەممەسلەر» ماۋزۇسىدا بەش پارچە مۇخەممەسنى ئۇلۇغ نەۋائىي غەزەللىرىگە تەخمىس قىلىپ، ئۆزىنىڭ كلاسسىكىزملىق ئەدەبىيات ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنىمۇ ئىپادىلىگەن.

ئۇ، شېئىرلىرىدا جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكنى تەنقىدىي رېئالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن كۆزىتىپ، رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە قارىتا باھاسىنى ئىپادىلىگەن، خەلققە ئىچ ئاغرىتىپ، زالىم كۈچلەرگە نەپرەت بىلدۈرگەن، ئىنقىلابىي خەلقنىڭ قەھرى - غەزىپىگە ھېسداشلىق قىلغان.

# XIII باب موللا بىلال دەۋرى ئەدەبىياتى

**1. موللا بىلال نازىمى دەۋرى ئەدەبىياتى دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: موللا بىلال نازىمى دەۋرى (1864 ـ 1912) ئەدەبىياتى سىنىپىي ۋە مىللىي زۇلۇمغا قارشى كۆچادا كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن باشلاپ، قۇمۇلدا تۆمۈر خەلپە يېتەكچىلىك قىلغان دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋر ئەدەبىياتى ئالدىنقى دەۋرلەردە يارىتىلغان بارلىق ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى يەكۈنلەپ، ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتە يۈكسەلگەن ئەدەبىيات بولۇپ تونۇلدى. بۇ دەۋر ئەدەبىياتى كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ تۈگەللىنىشى، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى. بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1) دېھقانلار قوزغىلىڭى خاس تېما سۈپىتىدە ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلدى.

2) بۇ دەۋر ئەدەبىياتىدا كوللېكتىپ ئوبرازلار يەككە ھالدا يارىتىلدى.

3) ھۆرلۈك، ئەركىنلىك ئۈچۈن قولىغا تىغ ئېلىپ كۈرەشكە ئاتلانغان خوتۇن ـ قىزلارنىڭ جەڭگىۋار ئوبرازى يارىتىلدى (مەسىلەن: نۇزۇگۇمغا ئوخشاش).

4) تەزكىرىچىلىك ساھەسىدە مول ھوسۇل قولغا كېلىپ، بۇ ساھەدىكى نەتىجە ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋر ئەدەبىياتىدىكى نەتىجىدىن ئېشىپ كەتتى.

5) ئەنئەنىۋى تەزكىرىچىلىك ئىزچىل تەرەققىيات يولىنى بويلاپ راۋاجلىنىش بىلەن بىرگە، يېڭى دەۋرگە ماس بولغان رېئال تۇرمۇشنى بىرقەدەر ئەينەن ئەكس ئەتتۈرىدىغان تەزكىرە يېزىش

ئالامىتى كۆرۈلدى، ئەدەبىيات بىلەن تارىخ، رىۋايەت بىلەن تارىخ ئارىسىدا پەرق بارلىققا كەلدى، ئۇيغۇر يېڭى دەۋر تارىخ ئىلمى شەكىللەندى.

6) ئەنئەنىۋى تېمىلارنى يورۇتۇش، غەزەللەرنى ئاساس قىلغان دىۋان تۈزۈش ئادىتى داۋاملاشتۇرۇلدى.

7) ئەمگەكچى خەلقنىڭ جەڭگىۋار ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان خەلق قوشاقلىرى ۋە داستانلار يازما ئەدەبىياتقا كۈچلۈك تەسىرىنى كۆرسەتتىدىغان، ھەتتا خەلقنىڭ رېئال ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىنى خام ماتېرىيال قىلىپ يېزىلغان ئەسەرلەر ئىجتىمائىي تەسىر ۋە ئۇنۇم جەھەتتە ئەنئەنىۋى تېمىدا يېزىلغان ئەسەرلەرگە قارىغاندا ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇشتەك ۋەزىيەت شەكىللەندى. بەدىئىي ئەسەرلەردە ئۇيغۇر تىلى ئاساسلىق ئىپادىلەش ۋاسىتىسى قىلىندى، پارس ۋە ئەرەب تىلىدا ئەسەر يازىدىغان ئۇيغۇرلارمۇ كۆرۈلۈپ تۇردى.

مېتود جەھەتتە نىزارى دەۋرىگە خاس ھالدا تەرەققىيات بولۇپ، ئەسەرلەرنىڭ تۈر ۋە ژانىرلىرى جەھەتتە ئوخشاش ھالەت ساقلاپ قېلىندى، تەرجىمىچىلىكمۇ ئۆزىگە يارىشا تەرەققىي قىلدى، ئىدىيىۋىلىك ۋە مەزمۇن جەھەتتە كلاسسىك ئەدەبىيات ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئاساس يارىتىلدى.

## 2. موللا بىلال نازىمى دەۋرىدىكى تەزكىرە ئەدەبىياتى قايسىلار؟

جاۋاب: بۇ دەۋردە زور بىرتۈركۈم تەزكىرە خاراكتېرلىك ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. خوتەنلىك شائىر ئاشۇراخۇن غېرىبى «ئەمىر ئەلى» داستانىنى يازدى. مۇھەممەد سادىق يەكەندى «رىسالەئى مەكتۇپ» نى يازدى. مۇغەننى «زۇپەرنامە» نى، ھاجى ئابدۇلۋاقى قەشقەرى «... سىدىقبەگ ھەققىدىكى رىۋايەتلەر» نى يازدى. مەھمۇد ئېلىخان كەشمىر «خەيرىيەتنامە» نى يازدى، ئابدۇللا پانسات «مۇنتەخەبۇتتەۋارىخ»، خوتەنلىك مەھمۇد ئەلەم «خوتەن تەزكىرىسى»، مۇھەممەد ئاتىب «قەشقەر تارىخى»، موللا ياقۇپ ئىبنى ئۆمەر روزى «تەزكىرەئى ھىدايەت»، تۇردى ھاجىم شەيخ

«سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى» ، موللا مۇھەممەد شەمشىدىن قەشقەرى «قىسسەئى جامالىدىن سەئىد ۋەققاس» ، ھاجى يۇسۇپ «جەمىئىل تارىخ» قاتارلىقلارنى، نامەلۇم بىر ئاپتور «ئاپپاق خوجا تەزكىرىسى» نى يازغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە مۇشۇ دەۋرگە مەنسۇپ دەپ قارىلىدىغان ئەسەرلەردىن ئۇمىدىنىڭ «جەڭنامە» ، مۇھەممەد ئەلەمنىڭ «تارىخىي قەشقەر» ، قاسىمبەگنىڭ «غۇلجا ۋاقىئاتلارى بايانى» ، مۇھەممەد سادىق يەكەندىنىڭ «غازات ئەل مۇسلىمىن» ، مەھمۇد شەيخ غېرىبىنىڭ «تارىخنامە يەئقۇبخان» ، قۇربان سوپى سەپەربايىنىڭ «تارىخىي بەدۆلەت» ، مۇھەممەد ئابدۇل ئەلى قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى مەۋلانە پاجىئە ئىمام زەينەل ئابىدىن قاغىراقى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ساناشقا بولىدۇ. بۇلاردىن باشقا ئاپتورى نامەلۇم ئەسەرلەردىن «ياقۇپبەگنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر» ، «مۇسۇلمانلار غازىتى» ، «بۇزرۇكخان تۆرە بىلەن ياقۇپبەگ ھەققىدىكى ۋەقەلەر» قاتارلىقلار بار.

موللا شاكىر، موللا بىلال نازىمى، موللا مۇسا سايرامى قاتارلىق بىرقاتار ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرى تەزكىرىلىك خاراكتېرگە ئىگە.

### 3. ئاشۇراخۇن غېرىبىنىڭ «ئەمىر ئەلى» داستانىدا نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟

جاۋاب: ئاشۇراخۇن غېرىبى خوتەندە ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى. ئۇنىڭ «ئەمىر ئەلى» ناملىق داستانىدا فېئودال مۇستەبىت ياقۇپبەگنىڭ 1870 ـ يىلى «يەتتە شەھەر» لەشكەرلىرىنى باشلاپ، ئۈرۈمچىدىكى خۇيزۇلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى تەسۋىرلەنگەن.

شائىر غېرىبى خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ سەۋەبىنى مىللىي ئېزىلىشنىڭ، ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ دەھشەتلىك، ئالۋان ـ سېلىقنىڭ ئېغىرلىقىدا، دەپ چۈشەندى. شۇڭا ئەدىب كەمبەغەللەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئوبرازلىق ئىپادىلىدى، ئۇلارنى ھۆر، پاراۋان تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈردى.

## 4. خەستە شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

جاۋاب: ئابدۇللا ئاخۇن شېرىپ ئاخۇن ئوغلى خەستە (1854 ـ 1907) يەكەندە شېرىپ ئاخۇن ئىسىملىك بىر مۇدەررىس ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ «كۇللىيات خەستە» ناملىق بىر توپلىمى بار بولۇپ، ئۇنىڭغا غەزەل، مۇسەددەس، مۇخەممەس ۋە مۇرەببەلەر كىرگۈزۈلگەن. شائىر توپلامدىكى شېئىرلىرىدا كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەدەپ ـ ئەخلاق نورمىسى توغرىسىدا بەزىبىر قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شاراب ۋاستىسى ئارقىلىق تاڭغا تەلپۈنگەن مىليونلىغان خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

## 5. نىزامىدىن كىم؟

جاۋاب: نەسىردىن ئوغلى نىزامىدىن (1842 ـ 1902) ئىلىدا ياشاپ ئۆتكەن شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇ ئىلى قوزغىلىڭىدىن كېيىن ئەكسىيەتچى فېئودال كۈچلەرنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن ئۆزىنى يىراقلاشتۇرۇش مەقسىتىدە قازاقىستاننىڭ يەتتە سۇ دېگەن يېرىگە كۆچۈپ كەتكەن. چۈنكى شائىر نىزامىدىننىڭ دادىسى خەلق قوزغىلاڭلىرىغا بىۋاستە قاتناشقان.

شائىرنىڭ ئائىلىسى مەرىپەتلىك ئائىلە بولۇپ، موللا بىلال نازىمى، نىزامىدىن بىلەن ئۇنىڭ ئاكىسى پەخىردىننى «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدا «كامىل ئىدى ئىلىم ئارا» دەپ ماختىغان.

نىزامىدىن شەرق شېئىرىيىتىنى ياخشى ئۆگەنگەن سوپىلار ئەدەبىياتىغا قىزىققان شائىر ئىدى. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىنى غەزەل، مۇرەببە، مۇخەممەس، مۇسەددەس شەكىللىرىدە يازغان.

## 6. موللا شاكىر كىم، «زەپەرنامە» داستانىدا نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟

جاۋاب: موللا شاكىر (1805 ـ 1870) ئاقسۇ ئايكۆل بازىرى ئەتراپىدا تۇغۇلغان بولۇپ، تولۇق ئىسمى موللا شاكىر ئىبنى موللا

تاھىر. ئۇ «زەپەرنامە» ناملىق داستاننى دەسلەپ پارسچە يازغان، كېيىن ئۆزى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. داستاندا 1864 ـ يىلىدىكى كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تارىخىي كۆرۈنۈشى بايان قىلىنغان. شائىر مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تەسۋىرلىگەن. داستاننىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كوللېكتىپنىڭ ئىجابىي ئوبرازىنى نۇقتىلىق تەسۋىرلىگەنلىكىدە، شۇنداقلا مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىنىڭ مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇمغا قارشى ھەققانىي كۈرىشىنى تارىخىي چىنلىق پرىنسىپى بويىچە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. بۇ ھال شائىرنىڭ رېئالىستىك خەلقپەرۋەر شائىر ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. ئۇ، داستاندا باشتىن ـ ئاخىر ئەمگەكچى خەلق مەيداندا تۇرۇپ، خەلق كۈچلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ، ئامبال ۋە سايىد بەگ باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمرانلارنى سۆكۈپ، ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلغاندىن باشقا، شاكىيۇدىن ئىبارەت بىر گۇندىپاينىڭ ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان 20 نەپەر خەلق قوزغىلاڭچىسىنى يوشۇرۇن قاچۇرۇۋەتكەنلىك ۋەقەسىنى قىستۇرۇپ بايان قىلىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە شائىرنىڭ تەرەققىيپەرۋەر روھ بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر

. «زەپەرنامە» دە سايىدبەگنىڭ ئوبرازى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان بىر ئوبرازدۇر. سايىد بەگ ئوبرازى مانجۇ فېئودال ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئوبرازىغا ئۇلىشىپ كېلىدۇ. سايىدبەگ فېئودال ئەزگۈچى ھۆكۈمرانلارغا جاندىل بىلەن خىزمەت قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ بۇيرۇقىنى دەرھال ئورۇندايدىغان، ئۆز خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى ساتقان خائىننىڭ ئوبرازى سۈپىتىدە گەۋدىلەندۇرۇلگەن.

## 7. نازىمنىڭ ھايات پائالىيىتى توغرىسىدا سۆزلەڭ؟

جاۋاب: نازىمى ئاپتورنىڭ تەخەللۇسى. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى موللا بىلال بىنى موللا يۇسۇپ (1824 ـ 1899) بولۇپ، غۇلجىدا تۇغۇلۇپ، ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى شۇ يەردە ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن ئۆتكۈزگەن، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى ئەسلىدە ئاتا ـ

بوۋىلىرىنىڭ ماكانى بولغان، كېيىن چارروسىيە تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن بۆلۈپ ئېلىنغان ياركەنت شەھىرىدە موھتاجلىقتا ئۆتكۈزگەن. 70 يېشىدا ئەما بولۇپ قېلىپ، 1899 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

شائىر موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ ئائىلىسىدە ساۋاتىنى چىقىرىپ، كېيىن غۇلجىدىكى «بەيتۇللا» مەدرىسىگە كىرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە شۇ يەردە ئىجادىيەتكە ئىنتىلگەن. بۇ جەرياندا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرى، شەرق ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشقان. شائىرنىڭ غۇربەتچىلىك ھاياتى خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈشىگە تۈرتكە بولغان، ئۆمرىنى خەلق بىلەن دىلكەشلىكتە ئۆتكۈزگەن شائىر ئېزىلگەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئارزۇلىرى، ئىنقىلابىي پائالىيىتىدىن ئۆز ئىجادىيىتىگە تېما ۋە ماتېرىيال ئىزدىگەن.

شائىرنىڭ پۈتۈن ئىجادىيەت جەريانى بىزگە ئۇنىڭ مانجۇ ئاقسۆڭەك دائىرىلىرىنىڭ ئىلى ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە قارشى ھېسسىياتتا بولغانلىقىنى، ئېزىلىشكە قارشى كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭى تەرىپىدە تۇرغانلىقىنى، چارروسىيىنىڭ ئىلىغا تاجاۋۇز قىلىپ، دېھقانلار قوزغىلىڭىنى دەھشەتلىك باستۇرغانلىقىغا ئىنتايىن نارازى بولۇپ، قارشى تۇرغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

موللا بىلال ئەدەبىي ئىجادىيەتتە مول نەتىجە يارىتىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرەققىياتىغا چوڭ كۈچ قوشقان. شائىرنىڭ «غەزەلىيات»، «غازات دەرمۇلكى چىن»، «چاڭمورا يۈسۈپخان»، «نۇزۇگۇم» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلىرى بار.

## 8. نازىمىنىڭ «غەزەلىيات» ناملىق ئەسىرىدە نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟

جاۋاب: «غەزەلىيات» نازىمىنىڭ مەدرىستە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا يازغان غەزەللىرىنىڭ توپلىمى بولۇپ، دىۋاندىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا شائىر ئۇنى 27 ياش ئەتراپلىرىدا پۈتكۈزگەن.

«غەزەلىيات» تا يار ۋە مۇھەببەت چۈشەنچىسى ئىجابىي مەنىگە ئىگە قىلىنغان. ئاشىقلار تىلىدىن سۆزلىگۈچى شائىر مەشۇقىنى ئەقىللىق، گۈزەل ۋە مېھرىبان قىز ئوبرازىدا تەسەۋۋۇر قىلغان، ئاشىقنىڭ قىزغا بولغان مۇھەببىتى ساپ، چىن مۇھەببەت بولۇپ، سۆيگۈچىنىڭ قەلبىدە ئۆمۈرۋايەت ئورۇن ئالغان.

نازىمى شېئىرلىرىدىكى ئىشقى خاھىشلار زامانىنىڭ ئىجتىمائىي ئېقىمى بىلەن چىڭ باغلانغان ھالدا ھاياتتىكى رېئال ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي خاراكتېرىدىكى ئېلېمېنتلارنى، ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئۆزىدە تولۇق ئەكس ئەتتۈرگەن. شائىر خەلقپەرۋەر ئىنسان سۈپىتىدە ئىجتىمائىي خاھىشتىكى شېئىرلىرىدا يەرلىك روھانىي، فېئودال ھۆكۈمران گۇرۇھلارنى ئادالەت، ئىنساپقا چاقىرغاز، ئۇلارغا ھەقىقەت ۋە ئادالەتنى ئەسلەتمەكچى بولغان.

## 9. نازىمىنىڭ «غازات دەر مۈلكى چىن» ئەسىرىدە نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟

جاۋاب: «كىتابى غازات دەر مۈلكى چىن» (چىن مەملىكىتىدە ئۆزئارا يۈز بەرگەن مۇقەددەس ئۇرۇشلار ھەققىدە كىتاب) مىلادىيە 1876 ـ يىلى يېزىلغان. كىتابتا 1864 ـ يىلى ئىلى رايونىدا يۈز بەرگەن زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ جەريانى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئەسەرنىڭ قەدىرلەشكە تېگىشلىك بولغان تەرەپلىرىدىن بىرى گەرچە دىنىي پەردە ئاستىدا بولسىمۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتەلىگەنلىكىدە. ئاپتور جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولغان خەلق ئاممىسىنىڭ تارىختىكى رولى ۋە كۈچ ـ قۇدرىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغاچقا، ئۇنىڭدا بىرەر تارىخىي شەخس ئەمەس، بەلكى خەلق ئاممىسىنى ئاساسىي قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن. ئەسەرنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى رېئال ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنى بىر قەدەر ئەينەن تەسۋىرلىگەنلىكىدە، شۇنداقلا قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىگىلىۋالغان يۇقىرى تەبىقە ۋە دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئۆزئارا زىددىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ.

**10. نازىمنىڭ «چاڭموزا يۇسۇپخان» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى نېمە؟**

جاۋاب: ئاپتور ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى سوپى، خوجىلارنىڭ ئوبرازىنى ھەجۋىيلەشتۈرۈپ، قاتتىق ساتىرا ئاستىغا ئېلىپ، خەلققە ئىبرەت قىلىش مەقسىتىدە بۇ ئەسەرنى يېزىپ چىققان.

ئەسەردىكى يۇسۇپخان ئەسلىي قوقاندىكى بىر ناكەس كىشى بولۇپ، بىراۋنىڭ 10.000 سەر تەڭگىسىنى ئالداپ ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئىلىغا قېچىپ كېلىپ، قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، يالغان خوجا بولۇۋېلىپ، خەلقنى ئالدايدۇ، ئىلىدىكى يەرلىك فېئودال بەگ، قازى، ئىمام، مەزىن دېگەنلەر يۇسۇپ خوجىنىڭ دەرگاھىغا كېلىپ تاۋاپ قىلىپ، كىيىملىرىنى سۆيۈپ، ئاياغلىرىغا يىقىلىپ، باسقان ئىزىدىن توپا ئېلىپ كۆزلىرىگە سۈرتىدۇ. بىر كۈنلەردە ئىلىدىكى قىزنىچى شېرىپ ئاخۇن يۇسۇپخاننىڭ شاگىرتلىرى بىلەن بولغان بىرقېتىملىق سۆھبەتتە گەپ تاشلاپ: «خوجىنىڭ باردۇر مەن بىلەن ئىشى، بېرىپ مەن خوجاڭنى تۇتارمەن ۋە ئەجدىھا سۈپەتلىك يۇتارمەن» دەيدۇ. پۇل ئىگىسى بىلەن ئىسمى ئوخشاش بولۇپ قالغان قىزنىچىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان يۇسۇپ خوجا سىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قايغۇرۇپ، مۇرىتلىرى ئارقىلىق شېرىپ باينى ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىدۇ، كىشىلەر چوقۇنۇپ يۈرگەن پەرىشتە بىردىنلا قاتىلغا ئايلىنىپ، ئۆز تەرەپدارلىرىدىن 80 كىشى بىلەن بىللە دارغا ئېسىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

بۇ ۋەقە ئەسلىي ئىلىنىڭ كەتمەن كەنتىدە 1842 ـ يىلى يۈز بەرگەن.

شائىر نازىمى خەنزۇچە ئۇزۇن تەلپەك دېگەن سۆزنى تاللاپ، يۇسۇپخاننى تېخىمۇ كىنايىلاشتۇرۇپ، دىنىي تونغا ئورىنىۋالغان ئاچ كۆز، ئالدامچى، ئىغۋاگەر شەخسنىڭ ساختا قىلمىشلىرىنى ئۆتكۈر ھەجۋىي ئارقىلىق ئېچىپ بېرىدۇ ۋە خەلقنى بۇنداق قىلىقلاردىن ھەزەر ئەيلەشكە چاقىرىدۇ.

**11. نازىمنىڭ «نۇزۇگۇم» داستانىدا نېمىلەر**

ئەكس ئەتتۇرۇلگەن؟

جاۋاب: نازىمنىڭ «نۇزۇگۇم» داستانى 1882 - يىلى يېزىلغان.

داستاندىكى «نۇزۇگۇم» (1808 - 1827) رېئال تارىخىي شەخس. ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى چولپانگۇل، 1826 - يىلى قەشقەر خەلقىنىڭ مەنچىڭ خاندانلىقىغا قارشى قوزغىلىڭى قانلىق باستۇرۇلغاندىن كېيىن مەمۇرىي دائىرىلەر قوزغىلاڭغا قاتناشقان ھۇنەرۋەن - كاسىپلارنى ۋە شەھەر كەمبەغەللىرىنى جازالاشقا كىرىشكەن، نۇرغۇنلىغان ئەرلەر بىگۇناھ چېپىپ تاشلانغان، ياش قىز - خوتۇنلار قۇل قىلىپ سېتىلغان، مۇشۇ ئاياللار ئارىسىدا ئوقۇمۇشلۇق ۋە ئەخلاقلىق، گۈزەل، نازۇك بىر ئايال بار بولۇپ، ئۇ قوزغىلاڭ ۋاقتىدا چوڭ قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن پۈتۈن قەشقەر خەلقى ئارىسىدا نام چىقارغان ئىدى. ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار نۇزۇگۇمنىڭ ئېرىنى ۋە ئۈچ ياشلىق ئوغلىنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا چېپىپ تاشلايدۇ، ئۇنى بولسا ئاكىسى ئابدۇللا بىلەن ئىلى ۋىلايىتىگە سۈرگۈن قىلىدۇ. ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىدىن قالماق بايلارغا سېتىلغان نۇزۇگۇم ئۇلارنىڭ قولىدىن بىرقانچە قېتىم قېچىپ، تاغدىكى ئورمانلار ۋە قومۇشلۇقلارغا يوشۇرۇنۇپ، قەشقەرگە قايتىشنىڭ ئىلاجىنى ئىزدەيدۇ. لېكىن، يول بىلمەي چۆل - دەشتلەر، ئورمانلار ئارىسىدا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايدۇ، كەمبەغەل تەقدىرداشلار قانخور چېرىكلەرنىڭ كۆزىدىن ئۇنى كۆپ قېتىم يوشۇرۇپ قالىدۇ. ئاخىر چېرىكلەر نۇزۇگۇمنى يەنە تۇتۇۋېلىپ ئۇنى باشقا بىر ئەسكەرگە بېرىدۇ. بۇ قېتىم زۇلۇمغا چىدىمىغان نۇزۇگۇم ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇزاق ۋاقىت يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن بۇ قەھرىمان ئايال يەنە ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلىدۇ.

شائىر نازىمنىڭ قەلىمى ئاستىدا پۈتۈپ چىققان «نۇزۇگۇم» داستانى مەيلى تېما، مەيلى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا يېڭىلىق ئېلىپ كىرگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ بىرى.

### 12. مەھمۇد قارىي كىم؟

جاۋاب: مەھمۇد قارىي (1862 ـ 1910) خوتەنلىك بولۇپ، يەكەن، ئاقسۇ، قوقەندلەردە ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى موللا مەھمۇد قارىي بىننى موللا مۇھەممەد شەمسىددىن قوقەندى بولۇپ، شېئىرلىرىدا «قارىي» سۆزىنى تەخەللۇس قىلىپ ئىشلەتكەن.

مەھمۇد قارى ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، دەسلەپ سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىن ئىشانلارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن دەسمايىسىنى خالايىققا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ، دەسلەپ خوتەندىن يەكەنگە كېلىپ، خانىقالاردا ئىستىقامەت قىلىپ، ئىشانلارچە ھايات كەچۈرگەن، كېيىن ئاقسۇغا بېرىپ «ئايكۆل مەۋلانەم» قاتارلىق ئاتاقلىق مازارلاردا زىكرى ـ سۇلۇكلەر ئۆيۈشتۈرغان، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى ئۆزبېكىستانغا بېرىپ قوقەندتە ئۆتكۈزگەن.

مەھمۇد قارىي مەدرىستە شەرق خەلقلىرى ئەدەبىياتىنى پىششىق ئىگىلىگەن، ئۇيغۇر، ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ ئۇستىسى بولۇپ يېتىشىپ چىققان، ئىشانلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئىلگىرى تىجارەت بىلەن شەھەرمۇ شەھەر ئايلىنىپ يۈرۈش جەريانىدا كەڭ ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن تونۇشۇپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەھۋالىنى خېلى چوڭقۇر كۆزەتكەن شائىرنىڭ بەدىئىي دىتى شېئىرىيەتكە قارىتىلغان بولۇپ، «دىۋان قارىي» ناملىق بىر توپلىمى بار.

### 13. مەھمۇد قارىينىڭ «دىۋان قارىي» توپلىمىدا نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟

جاۋاب: شائىر كلاسسىكلارنىڭ غەزەللىرىگە تەخمىس يېزىشتا داڭق چىقارغان. ئۇ، لىرىكىلىرىنى غەزەل، مۇخەممەس، مەرسىيە، مۇرەببە، مۇۋەششەھ ژانىرلىرىدا يازغان. شائىر شېئىرلىرىنىڭ ئاساسىي تېمىسىنى لىرىك ئوبراز «مەن» ۋە «يار» قىياپىتىنى تەسۋىرلەشكە قارىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ چىن ساداقەتكە مايىل، ۋاپا

ئەھلىنى ئىزدىگۈچى، يورۇقلۇقنى ئىنتىلگۈچى، بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدىن ئەركىنلىككە قاراپ يول ئالغۇچى بىر ئەركەك ئىكەنلىكىنى تىمسالىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

**14. سىيت مۇھەممەد كىم، ئۇنىڭ «شەرھى شكەستە» ناملىق ئەسىرىدە نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟**

جاۋاب: سىيت مۇھەممەد تەخمىنەن 1822 ـ ، 1820 ـ يىللاردا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ قاش يېزىسىغا قاراشلىق ئالتۇن ئۆستەڭ كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ تارىخقا يېقىندىن ياندا شقان «شەرھى شكەستە» (روھىي سۇنغانلىقنىڭ شەرھىنامىسى) ناملىق بىر ئەسىرى بار بولۇپ، 1882 ـ يىلى يېزىلغان.

«شەرھى شكەستە» داستان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەسىرلەر بويى تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى، مۇڭ ـ زارىنى، قان ـ ياشلىق تارىخىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ ئۆز ئازادلىقى، ئەركىنلىكى ئۈچۈن باتۇرلارچە كۈرەش ئېلىپ بارغانلىقىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەسەردە يەنە ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەتتە سۇغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولۇش جەريانى ھەققىدىمۇ توختالغان.

شائىر نامرات خەلقنىڭ غەم ـ قايغۇسىغا چوڭقۇر چۆككەن ھالدا ئەمگەكچىلەر تۇرمۇشىنىڭ رېئال كارتىنىسىنى روشەن تەسۋىرلەپ بەرگەن. سىيت مۇھەممەد ئۆز ئەسىرىدە باش قەھرىمان سۈپىتىدە خەلقنىڭ ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

**15. زاھىد ئاخۇن ۋە ئۇنىڭ «ئىسكەندەرنامە» ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىز؟**

جاۋاب: زاھىد ئاخۇن پازىلباي XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يەكەندە ياشىغان ئەدىبلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ «ئىسكەندەرنامە» دېگەن بىر ئەسىرى بار. كىتاب 1881 ـ 1882 ـ يىلى (ھىجرىيە 1300 ـ يىلى) 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تاماملانغان.

«ئىسكەندەرنامە» 31 بابقا بۆلۈنگەن، نەسر ۋە نەزم ئارىلاش

يېزىلغان ئەسەر. ئۇنىڭدا نەسرىي بايانلار بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، ئاپتور بۇ ئەسەرنى نەۋائىينىڭ «سەددى ئىسكەندەر» داستانى، موللا سىدىق يەركەندىنىڭ «نەسرىي سەددى ئىسكەندەر» قىسسىسى ئاساسىدا ئىجادىي يول تۇتۇپ يېزىپ چىققان.

قىسسىدە ئىسكەندەرنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى، ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئاتىسىنىڭ شاھلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئەلنى ئىدارە قىلىش جەريانى ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا قىلغان ھەيۋەتلىك يۈرۈشلىرى، شاھلىق سەلتەنىتى، تارىخىي مۇناسىۋەت ۋە توقۇنۇشلار، ھەر خىل تارىخىي ۋەقەلەر، تۈرلۈك پېرسوناژلار، كەسكىن ۋە شىددەتلىك جەڭلەر، مەدەنىيەت، تۇرمۇش پسىخولوگىيىسى، ئۆرپ - ئادەتلەر، ھۈنەر - سەنئەت، جۇغراپىيىلىك مەلۇماتلار، مىللەت - قوۋمناملىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئاپتور ئادالەتلىك، بىلىملىك، پەزىلەتلىك قەھرىمان ئىسكەندەر ئوبرازىنى يارىتىپ، ئەسەر مەزمۇنىنى ئوبرازلىق تىل ياردىمى بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن.

## 16. «دىۋان ئەلى» دە نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟

جاۋاب: «دىۋان ئەلى» شائىر ئەلى (1835 - 1902) نىڭ توپلىمى بولۇپ، شائىر ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شايار ناھىيىسىدە ئىمىناخۇن ئىسىملىك بىر نامرات موللا ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

«دىۋان ئەلى» دە 2000 مىسرادىن ئارتۇق شېئىر بولۇپ، ئۇلار مەسنەۋى، غەزەل، مۇرەببە، مۇخەممەسلەردىن ئىبارەت. دىۋاننىڭ ئاخىرىدا بىرقىسىم تەزكىرىلەرمۇ بار. «دىۋان» ئەنئەنىۋى دىۋان تۈزۈش قائىدىسىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن. لىرىكىلاردىن باشقا ئېپىك شېئىرلارمۇ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

شائىر شېئىرلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى چىن سۆيگۈ - مۇھەببەت، ئەخلاق - پەزىلەت، مېھنەت، ئىلىم - مەرىپەت قاتارلىق چۈشەنچىلەرنى تەرغىب قىلىش، كىشىلەرنى ئۇنى قەدىرلەش، قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۈندەش قاتارلىق ئىجابىي پىكىرلەردىن ئىبارەت. ئەسەردە يەنە پىتنىخورلۇق، تەكەببۇرلۇق، نەپسانىيەتچىلىك، ھاياسىزلىق قاتارلىق ناچار قىلىقلارنى ئەيىبلەش،

تەنقىد قىلىش مەزمۇنىدىكى شېئىرلارمۇ بار.

**17. موللا سەئدۇللا ۋە ئۇنىڭ «دىۋان موللا سەئدۇللا» ئەسىرى توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىز؟**

جاۋاب: موللا سەئدۇللا (1840 ـ 1913) قەشقەر يېڭىسار ناھىيىسىگە قاراشلىق تىۋىز يېزىسىدا كەمبەغەل رەۋەندە ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ناھىيە بازىرىدىكى مەدرىستە ئەنئەنىۋى تەلىم ئۇسۇلى ئاساسىدا تەربىيىلەنگەن.

شائىر يېتىمچىلىك ۋە غۇربەتچىلىك ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرگەن بولۇپ، ئەمەلدارلارنىڭ بوزەك قىلىشى ۋە قاقتى ـ سوقتى قىلىشى ئۇنىڭدا بىر خىل ئۆچمەنلىك ھېسسىياتىنى پەيدا قىلغان. نەتىجىدە يۇقىرى قاتلامنى مەسخىرە قىلىپ، يېغىرىنى تاتىلايدىغان شېئىرلارنى يازغان. شۇ تۈپەيلى ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچراۋاتقانلىقىنى ئالدىن پەملىگەن شائىر سەرسانلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرۈشكە باشلىغان. دەسلەپ شىنجاڭ دائىرىسىدە بەش يىل ئايلىنىپ، يېزا ـ قىشلاق، شەھەرلەرنى كەزگەن، ئاتاقلىق مازارلارنى تاۋاب قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك قاتلاملىرى بىلەن چوڭقۇر تونۇشقان، ئاخىرى مارالبېشى ناھىيىسىدە بىر يىلچە تۇرۇپ، يازغان شېئىرلىرىنى رەتلەپ دىۋان قىلىپ تۈزۈپ، تىۋىز يېزىسىدىكى ئىنىسى سايىت ئاخۇنغا ئەۋەتىپ بەرگەن، ئاندىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى يەرلەرنى ئايلانغاندىن كېيىن، 1892 ـ يىلى كەشمىرگە كېلىپ بۇ جايدا ساياھەتتە بولۇۋاتقان شائىر فۇرقەت بىلەن تونۇشقان. ئۇ يەردە بىر يىلچە تۇرغاندىن كېيىن فۇرقەت بىلەن بىرلىكتە خوتەنگە كەلگەن، كېيىن قاغىلىق، پوسكام ئارقىلىق يەكەنگە كەلگەن. شائىر فۇرقەت بىلەن تونۇشۇش موللا سەئدۇللانىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىدە بەلگىلىك ئىلگىرىلىشىگە مەدەت بولغان. شائىر فۇرقەت ۋاپات بولغاندىن كېيىن پوسكامنىڭ ژىما يېزىسىغا كۆچۈپ بېرىپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان.

شائىرنىڭ «دىۋان موللا سەئدۇللا» ناملىق بىر توپلىمى بار بولۇپ، شائىر شېئىرلىرىدا تەنقىدىي رېئالىزم روھى ئاساسىدا ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكنىڭ ماھىيىتى ۋە ئاقىۋىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن، شېئىرلىرىنى ئۆتكۈر كىنايە، ئاچچىق ئىبارىلەر بىلەن

تويۇندۇرۇپ، زالىم ئەمەلدارلار، قارا قورساق روھانىيلار، تەخسىكەش ۋە خۇشامەتچى مالايلارنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى مەسخىرە قىلىدۇ ۋە قارىلايدۇ.

**18. موللا باقى كىم، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟**

جاۋاب: موللا باقى (1842 - 1917) ئاقسۇ ۋىلايىتى كۇچا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، كۇچا كۆك مەدرىسىدە ئوقۇغان، چاقچاقچى، سۆزمەن، خەتتات، ئىلىمگە ئىشتىياق باغلىغان، مەرىپەت، ئادالەتكە تەلپۈنگەن شائىر بولۇپ، ئۆتكۈر كىنايىلىك شېئىرلىرى بىلەن يۇقىرى قاتلام فېئودال ئەمەلدارلار ۋە روھانىيلارنى مەسخىرە قىلىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى ئىپادە قىلغان. بۇ ھال شائىرغا زور ئابرۇي ئېلىپ كەلگەن، ئەمەلدارلار بولسا بۇ خىل ئەھۋالدىن ئەندىشىگە چۈشۈپ، كۇچا ۋاڭلىق ئوردىسىدا كاتىپ بولۇپ ئىشلەۋاتقان موللا باقىنى سۈرگۈن ھېسابىدا شايارغا ئەۋەتكەن.

مەئىشەتلىك ئوردىدىن ئېچىنىشلىق تۇرمۇش مۇھىتىغا ھەيدەلگەن شائىر ئەمگەكچى خەلقنىڭ پاجىئەلىك ھاياتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئىدىيىسىدە چوڭ بۇرۇلۇش ياسىغان، ئۆزىگە بېرىلگەن يەرلىك ئەمەل - مەرتىۋىدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋاز كېچىپ، شاياردىكى بىر مەدرىستە مۇدەررىس بولۇپ ئىشلەشنى لايىق تاپقان. بۇ جەرياندا ئۇ كۈچلۈك ھەجۋى شېئىرلارنى يېزىپ، ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكلەرنى كۆرسىتىپ بەرگەن. كېيىن شايارنى تاشلاپ، باي، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارنى پىيادە كېزىپ، تىرىكچىلىك يولى ئىزدىگەن. ئاخىر ئۆز يۇرتى كۇچا ناھىيە كان كەنتىگە قايتىپ ۋاپات بولغان.

موللا باقى ئۆز شېئىرلىرىدا كۈچلۈك ھەجۋى ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئەمەلدارلارنىڭ ئاچ كۆزلۈكى، پىخسىق، بېخىللىقىنى كېلىشتۈرۈپ قامچىلىغان. ئۇ، «كەلتۈرمىشىم» ناملىق مۇسەددەس شەكىللىك شېئىرىدا مەدرىستىكى شاگىرتى موللا بايىز قارىغا نەسىھەت قىلىشنى ۋاستە قىلغان ھالدا ئىنسانىي خىسلەت، دوستلۇق، مېھماندوستلۇقنى ئۆزىگە يار قىلىشنى تەۋسىيە قىلىش

بىلەن بىرگە، يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئاچ كۆزلۈك، بېخىللىق، پىخسىقلىقتا ئوخشاش ناچار قىلىقلارنى مەسخىرە قىلغان.

## 19. ئىسمائىل ھاجى كىم؟

جاۋاب: ئىسمائىل ھاجى (1867 ـ 1950) خوتەننىڭ گۇما ناھىيىسىدىن بولۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنى يېڭى دەۋر شېئىرىيىتى بىلەن تۇتاشتۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان داڭلىق شائىرلارنىڭ بىرى. ئىسمائىل ھاجى مەدرىستە ئەنئەنىۋى دىنىي تەربىيىنى قوبۇل قىلغان، ئۇيغۇر، پارس، ئەرەب تىللىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، مۇشۇ تىللاردا يېزىلغان ئەدەبىي، دىنىي، تارىخىي، ئەخلاقىي كىتابلارنى پىششىق ئۆزلەشتۈرگەن.

ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئەنئەنىۋى سۆز ئىشلىتىش ئادىتى، ئىپادىلەش ۋاستىلىرى، تېماتىك ئىدىيە بولسىمۇ، لېكىن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى، كىشىلەر خاراكتېرىنى كۆزەتكەندە ئۆز دەۋرىگە خاس مەۋقەدە تۇرۇپ ئىش ئېلىپ بارغان.

ئىسمائىل ھاجى ئىجادىيىتى چاغاتاي ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجىنى ئۆگىنىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيالدۇر.

## 20. ئارەزى كىم؟

جاۋاب: ئىلىخان موللاخۇن ئوغلى ئارەزى (1869 ـ 1942) ئۆزبېكىستاننىڭ مەرغىلان ۋىلايىتى شەھرىخان ناھىيىسىنىڭ قەشقەر مەھەللىسىدە ئۇيغۇر كوزىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. شائىرنىڭ بوۋىسى مۇھەممەد كېرىم ئاخۇن 1830 ـ 1835 ـ يىللار ئەتراپىدا قەشقەر شەھىرىدىن ئەنجانغا چىقىپ كەتكەن ئۇيغۇر ئىدى.

ئارەزى 1890 ـ يىللاردىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، ھەممە ئەسەرلىرىنى دېگۈدەك ئۆزبېك ئەدەبىي تىلى بىلەن يازغان، شۇ تىلنىڭ ھەممە گۈزەل ۋاستىلىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، يۇكسەك بەدىئىيلىككە، چوڭقۇر سىياسىي، ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە نادىر شېئىرلىرى بىلەن ئۆزبېكىستان خەلقى ئىچىدە ئۇنتۇلماس خاتىرە قالدۇرغان. شائىر

ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ مول ھوسۇللۇق باسقۇچى 1903 ـ 1917 ـ يىللار بولۇپ، بۇ دەۋردە شائىر ئەينى زامان ئۆزبېكىستان ئەدەبىياتىنىڭ ئىلغار قانىتى — دېموكراتىك پىكىر ئېقىمىدا تۇرغان ئىدى. ئۇ، يېڭىلىقنى، مەرىپەتنى، دېموكراتىيىنى، ئاياللار ئازادلىقى ۋە تەرەققىيپەرۋەرلىكنى كۈيلىدى. ئارەزىنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرىكى شېئىرلىرى مەتبۇئات يۈزى كۆرمىگەن بولسىمۇ، خەلق تەرىپىدىن ئۇزلەشتۇرۇلۇپ، ئۆزبېكىستان خەلق ھاپىزلىرى تەرىپىدىن ئاھاڭغا سېلىنىپ، پۈتكۈل ئۆزبېكىستانغا تارقالغان. ئۇنىڭ «تېپىلمايدۇ»، «نىگاھ ئەيلەي»، «ئەي كۆڭۈل»، «كۆردۇم» قاتارلىق شېئىرلىرى ئۆزبېكىستان خەلق ناخشىلىرى سۈپىتىدە ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

## 21. موللا مۇسا سايرامىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب: موللا مۇسا بىننى موللا ئەيسا خوجا سايرامى (1836 ـ 1917) يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخى ئالىمى ۋە شائىرى.

موللا مۇسا 1836 ـ يىلى ئاقسۇنىڭ باي ناھىيىسىگە قاراشلىق سايرام رايونىنىڭ ئانقىز يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن، كېيىن كۇچادىكى «ساقساق» مەدرىسىدە ئوقۇپ، قۇرئان، ھەدىس، تارىخ، ئەدەبىيات، تەقۋىم (كالېندارشۇناسلىق)، ئىلمىي نۇجۇم، ناباتات (ئاگرو بىئولوگىيە)، جۇغراپىيە، ئەرەب ۋە پارس تىلى قاتارلىقلارنى ياخشى ئۆگىنىپ، كىشىلەر ئارىسىدا ناھايىتى تېزلا «بالا موللا»، «موللا مۇسا»، «موللا ئەبجەدخان» (كالېندارشۇناس) دېگەن ناملار بىلەن شۆھرەت قازانغان.

موللا مۇسا سايرامى 1864 ـ يىلى كۇچادا قوزغالغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قىزغىن قوللىغان، ئۆزىنىڭ بارلىق تالىپلىرىنى، جۈملىدىن بىرقانچە نەپەر سايراملىق يىگىتلەرنى باشلاپ سايرامغا كېلىپ، يەرلىك ئەمگەكچىلەر بىلەن بىللە قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنى قارشى ئالغان ھەم ئۇلارنىڭ تەركىبىگە قوشۇلۇپ، قىزىل، سايرام، باي، ياقىرىق، ئارشۇر قاتارلىق جايلاردىكى يەرلىك فېئوداللارنى باستۇرۇش كۈرىشىگە پائال قاتناشقان. 1867 ـ يىلى كۇچا دېھقانلار

قوزغىلىڭى ياقۇپبەگ تەرىپىدىن باستۇرۇلغاندىن كېيىن، موللا مۇسا ياقۇپبەگ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق باش زاكاتچىسى مىرزا بابابەگ ھېسارىنىڭ مەخسۇس مىرزىسى سۈپىتىدە 1877 ـ يىلىغىچە خىزمەت قىلغان. ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن سايرامى يۇرتىغا كېلىپ، 40 يىلغا يېقىن يېزىقچىلىق ۋە تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىرمۇنچە تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازغان.

موللا مۇسا سايرامىنىڭ بىرقەدەر مەشھۇر بولغان ئەسەرلىرىدىن «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» (1885)، «دەربايات ئەسھابۇل كەھب» (1898)، «تارىخىي ئەمىنىيە» (1903)، «دىۋان مەسنەۋى» (1907)، «تارىخىي ھەمىدى» (1908)، «سالامنامە» (1916)، «تەزكىرەئىي خوجا ئافاق»، «پەرھاد ـ شىرىن» قاتارلىقلار بار.

## 22. موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ھەمىدى» دېگەن ئەسىرىدە نېمىلەر ئىپادىلەنگەن؟

جاۋاب: «تارىخىي ھەمىدى» 1908 ـ يىلى يېزىلغان بولۇپ، موللا مۇسا سايرامىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مۇھىم ئەسىرى.

بۇ ئەسەر «مۇقەددىمە»، «ئاۋۋالقى داستان»، «ئىككىنچى داستان» ۋە «خاتىمە» قاتارلىق قىسىملارغا بۆلۈنگەن.

«تارىخىي ھەمىدى» نىڭ «مۇقەددىمە» قىسمى ئاساسەن ئالەم ۋە ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى دىنىي رىۋايەتلەر، قەدىمىي تۈركىي قوۋملەر، موڭغۇللار ۋە XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى چىڭگىزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى، چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ ئەھۋالى، موڭغۇل دوغۇلات قەبىلىسىنىڭ XIII ئەسىردىن XVI ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى پائالىيەتلىرى، تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان مۇغۇلىستان خانلىقىنىڭ مىلادىيە XVI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ھۆكۈمرانلىقى، XVI ئەسىردىن XVII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى پائالىيەتلىرى، XVI ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن كېيىن تەختكە چىققان ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تاكى

XIX ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىغىچە بولغان تارىخىي ۋەقەلىرى بايان قىلىنغان.
«تارىخىي ھەمىدى» نىڭ «ئاۋۋالقى داستان» قىسمى 16 بابقا بۆلۈنگەن. ئۇنىڭدا ئاساسەن 1864 ـ يىلىدىكى كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ غەربتە يەكەن، قەشقەرگىچە، شىمالدا تەڭرىتاغلىرىغىچە، شەرقتە قۇمۇلغىچە، جەنۇبتا لوپنۇر ۋە قاراقۇرۇم تاغلىرىغىچە بولغان جايلارنى قولغا كىرگۈزۈش جەريانى، قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئەھۋالى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ شوئارى، مۇھىم ئۇرۇش ـ جەڭلەرنىڭ ئاقىۋىتى قاتارلىق ئەھۋاللىرى بايان قىلىنغان.
«تارىخىي ھەمىدى» نىڭ «ئىككىنچى داستان» قىسمى جەمئىي 20 بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسلىقى بەدۆلەت ھەم ئاپپاق خوجا ئەۋلادى بۇزرۇكخان خوجىنىڭ قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا، كورلا، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا مۇداخىلە قىلىشى، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، كۇچا، ئۇرۇمچىلەردىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى رەھىمسىز باستۇرۇشى، قوقان خانلىقى، تۈركىيە سۇلتانلىقى ۋە ئەنگلىيە، چارروسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى، ئۇنىڭ بىرقىسىم تەدبىر ۋە سىياسەتلىرى بايان قىلىنغان. ئاپتورنىڭ نەسەبنامىسى، بەدۆلەت دەۋرىدە ياشىغان ئالىم ۋە ئۆلىمالار، شۇنداقلا شەنشى، گەنسۇ خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرىمۇ بايان قىلىنغان.
«تارىخىي ھەمىدى» نىڭ «خاتىمە» قىسمىدا ئاساسەن قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا، كورلا قاتارلىق يەتتە شەھەر ۋە تۇرپان، لوپنۇر رايونىنىڭ تارىخى، ئاھالىسى، جۇغراپىيىسى، تىل ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى قاتارلىق مەسىلىلەر بايان قىلىنغان.

## 23. موللا مۇسا سايرامىنىڭ «قىشنىڭ كۈنى ئوت» دېگەن شېئىرىدا نېمىلەر ئىپادىلەنگەن؟

جاۋاب: موللا مۇسا سايرامى قەلەمى پىشقان شائىرلاردىن ئىدى. ئۇنىڭ «قىشنىڭ كۈنى ئوت» ۋە «پاتقاقتىن شىكايەت» دېگەن ئىككى پارچە شېئىرى ئەكس ئەتتۈرگەن پىكرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن

دىققەتكە سازاۋەر.

«قىشنىڭ كۈنى ئوت» ناملىق ئېپىك غەزىلىدە شائىر ئوتنى سىمۋوللاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ خاسىيىتىنى تەسىرلىك ۋە ئوبرازلىق سۈرەتلەش ئارقىلىق، تەبىئەت دۇنياسىدىكى بۇ شەيئىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ، ئاجايىپ ئوبرازلىق ئوخشىتىش ئارقىلىق ئوتنى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ پۈتكۈل گۈزەللىكىگە تەڭلەشتۈرىدۇ.

شائىر ئوتنىڭ تارىخىي جەريانىنى ئەمەس، پەقەت ئۆز دەۋرىدىكى رولىنى توغرا مۆلچەرلەپ، كىشىلەرگە بىر خىل سىھرىي چۈشەنچە بەخش ئېتىدۇ. ئوت شائىر نەزىرىدە شۇنداق سىھرىي كۈچكە ئىگە ئىدىكى، ئۇنىڭ موردىن چىققان تۈتۈنى غەم ئەھلىنىڭ ئاسمانغا چىققىنى بىلەن، ئوتنىڭ كۆيگەن ئاۋازى سازەندىلەرنىڭ يىغىملىق نەغمىسى بىلەن، ئوتتىن قىزارغان يۈزلەر شاراب تەسىرىدىن ياقۇت رەڭگە كىرگەن چىرايلار بىلەن، قىشنىڭ غېمىنى قىلىپ ئوتۇن يىغقانلار دانىشمەن ئەپلاتۇن بىلەن، ئوتنىڭ ئىسسىقىدىن بەھرىمەن بولغۇچى ئەمىر تۆمۈر گورگانى بىلەن، تىترەپ تۇرغاندا ئوتقا يولۇققان كىشى دوزاختىن چىقىپ، جەننەتكە كىرگەن بىلەن باراۋەر.

شائىر ئوتنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق كىشىلەرنى تەبىئەت ۋە تۇرمۇش مەئىشەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشقا، ھاياتنى سۆيۈشكە، ئۈمىد ۋە ئىشەنچنى ساقلاشقا، يورۇقلۇققا تەلپۈنۈشكە دالالەت قىلىدۇ.

## 24. موللا مۇسا سايرامىنىڭ «پاتقاقتىن شىكايەت» شېئىرىدا نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟

جاۋاب: «پاتقاقتىن شىكايەت» ناملىق بۇ ئېپىك شېئىردا شائىر بىر قېتىملىق يامغۇر ئاپىتىنى تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ، بۇ قېتىمقى تەبىئىي ئاپەتنىڭ زۇلمەتلىك جەمئىيەتتە قىلچە كۆيۈنۈش ۋە ھىمايىگە ئىگە بولمىغان بىچارە دېھقانلار ئۈچۈن زور ئىجتىمائىي ئاپەت كەلتۈرگەنلىكىنى، نەتىجىدە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئاچ - يالىڭاچ ھالەتتە ئۆلۈم گىردابىغا قالغانلىقىنى يېزىپ، ئۆلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىغا قايغۇرىدۇ؛ خەلقنىڭ دەرد - ئەھۋالى بىلەن قىلچە كارى

بولمايدىغان، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ قان ـ تەر بەدىلىگە قورسىقىنى تويغۇزۇۋېلىپ ھوزۇرلىنىشىنىلا بىلىدىغان ئەزگۈچى بايلارغا نىسبەتەن نەپرەت بىلدۈرىدۇ. شۇنداقلا بىر خىل تەبىئىي ھادىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئاقىۋەت كەلتۈرگەنلىكىنى كۆڭۈل قويۇپ تەسۋىرلەيدۇ.

## 25. ناقىس كىم؟

جاۋاب: ناقىس (1840 ـ 1920) شائىرنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ، تولۇق ئىسمى سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر يېڭىسارى. ئۇ، قەشقەر يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچىدىكى جايلاشقان مەدرىس كۆلبېشى مەھەللىسىدە ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، قەشقەر ۋە يېڭىساردىكى مەدرىسلەردە ئوقۇپ، ئۇيغۇر تىلى، ئەرەب تىلى ۋە پارس تىللىرىنى، بۇ تىلدىكى ئەدەبىيات، تارىخ، ئىسلام تەلىماتلىرى بويىچە مول بىلىملەرنى ئىگىلىگەن.

ناقىس قەشقەردىكى ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن يېڭىسارغا قايتىپ بارغان ۋە تايىبەگ مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلغان، ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىلمىي ئىجادىيەتكە بېغىشلاپ، بۇ ساھەدە كۆپ نەتىجىلەرنى ياراتقان. شائىر «ناقىس» سۆزىدىن باشقا يەنە «يېڭىسارى» نامىنىمۇ تەخەللۇس قىلىپ قوللانغان.

شائىرنىڭ «دىۋان ناقىس» ، «قۇتلۇقنامە» ، «بەيىس ھەكىمبەگ» ، «مەۋجۇدۇلقۇلۇب» ، «نوللى دىمەن» ، «نەسىھاتنامە ئۇنسۇربايانى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. ئۇ، ئىرانلىق يازغۇچى شەيخ ئىنايىتۇللانىڭ «باھاردانىش» ناملىق ئەسىرىنى تاجىك ـ پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، «گۈلزاربىنىش» دەپ نام بەرگەن.

## 26. سابىر ئاخۇننىڭ «دىۋان ناقىس» نىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى نېمە؟

جاۋاب: «دىۋان ناقىس» سابىر ئاخۇننىڭ يىرىك ئەسىرى بولۇپ، XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك بەدىئىي يادىكارلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دىۋان ئەنئەنىۋى

دىۋان تۈزۈش قائىدىسى بويىچە تۈزۈلگەن. ئۇنىڭدىكى ئەسەرلەر غەزەل، مۇخەممەس، مەرسىيە، رۇبائىي، قىتئە، مەسنەۋى، قىتئەفىتتەئىرىخ (تارىخ كۆرسىتىپ بېرىدىغان قىتئە)، فىلمۇزەممەتى (كىنايە، تەنە مەزمۇنىدىكى قىتئە) قاتارلىق شەكىللەردە يېزىلغان.

ناقىس شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى كەڭ بولۇپ، شائىرنىڭ ۋاپا، ھۆرلۇك، ئادالەت، مەرىپەت، ئەخلاق قاتارلىق ئىدىيىلەرنى تەشۋىق - تەرغىب قىلىش جەھەتتىكى ئىلغار ئىدىيىسى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.

«دىۋان ناقىس» تا ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلارنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1) ۋاپادارلىق قارشى ئىپادىلەنگەن. ئاپتور بۇ خىل ئىدىيىسىنى چىن مەشۇقنى ھۆرمەتلەش، ئۇنىڭغا ۋاپادارلىق قىلىش، لەۋزىدە تۇرۇش قاتارلىق تېمىلار بىلەن تېخىمۇ كونكرېتلىققا ئىگە قىلغان.

2) ھۆرلۇك ۋە ئادالەت تەلەپ قىلىش ئىدىيىسى بىرقەدەر كۈچلۈك. ئاپتور، بۇ خىل ئىدىيىنى ئەزگۈچى سىنىپ ۋەكىللىرىنىڭ قىلمىشلىرىغا دارىتمىلاش، ئۇلارنىڭ مېھنەتكەشلەرنىڭ بېشىغا ئاپەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئوبرازلىق، جانلىق، تەسىرلىك ئوخشىتىشلار ئارقىلىق سېلىشتۇرما قىلىش ئارقىلىق كۆرسىتىپ بەرگەن.

3) ئاپتور مەرىپەتچىلىك ئىدىيىسىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلغان. بۇ خىل ئىدىيىنى نادانلىق، ئەخمەقلىق قاتارلىقلارنى مەسخىرە قىلىش يولى بىلەن ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا ئىپادىلەشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان.

4) ئاپتور ئۆزىنىڭ ئەخلاق توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئىلغار دۇنيا قاراش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان.

**27. «دىۋان ناقىس» نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى قايسى نۇقتىلاردا كۆرۈلىدۇ؟**

جاۋاب: 1) ئاپتور تەنقىدىي رېئالىزم مېتودىنى جانلىق قوللىنىپ، شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرگەن.

2) ھەجۋى قىلىش يوللىرى ئارقىلىق ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى

ماھىرلىق بىلەن پاش قىلغان.

3) ھەرپ قۇرۇلمىسى ئارقىلىق ئوبراز يارىتىشتا ئۆزىنىڭ چېۋەرلىكىنى نامايان قىلغان.

4) ئوبرازلارنىڭ خىلمۇخىللىقىغا ئەھمىيەت بىلەن قارىغان.

5) كلاسسىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى قائىدىلىرىگە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا نۇرغۇن لىرىك شېئىرلارنى ئىجاد قىلغان.

6) 12 مۇقامنىڭ ھەرقايسى ناملىرىنى تەرتىپلىك سۇرەتلەپ، لىرىك مۇزىكا ئوبرازىنى ياراتقان.

## 28. ئابدۇقادىر داموللام كىم، ئۇنىڭ تارىخىي تۆھپىلىرى قايسى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

جاۋاب: ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇۋارىس (1862 ـ 1924) ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر، دېموكراتىك زات بولۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىللىرىدىن، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساس سالغۇچىلىرىدىن بىرى.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «سەرف نەھۋى»، «ئىلمى تەجۋىد»، «ئىلمى ھېساب»، «ئاقائىت زۆرۈرىيە»، «ئاقائىت جەۋھەرىيە»، «تەلىمى سەبىيات»، «فەسايىھۇل ئەتپال»، «مىپتاھۇل ئەدىب»، «نەسىھەتى ئامما» قاتارلىق كىتابلىرى بار. ئۇنىڭ يەنە «بۇ زاماندىن نەچچە ئەپسانە ھېكايەت ئەيلەيىن»، «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» قاتارلىق داستانلىرى بار.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تۆھپىسى كۆپرەك مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشتا كۆرۈلگەن. ئۇ ئوقۇتۇشنىڭ مەزمۇنى، ئۇسۇلى ۋە دەرسلىك ماتېرىيالى قاتارلىق تەرەپلەردە خەلقنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، مىللىي باراۋەرلىك، مىللىي ئىتتىپاقلىق، بىرلىك، ئىلىم ـ مەرىپەتتىن ئىبارەت دېموكراتىك شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى، بىريۈرۈش ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى. ئۇ بىرتەرەپتىن ھەق ـ ئادالەت، ھۆرلۈك، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلىپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، يەنە بىر تەرەپتىن، قول سېلىپ ئەمەلىي ئىشلىگەن، ئۇلۇغۋار غايە ۋە تەۋرەنمەس ئىرادە تىكلىگەن.

**29. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «بۇ زاماندىن نەچچە ئەپسانە ھېكايەت ئەيلەيىن» ناملىق ئەسىرىدە نېمىلەر ئىپادىلەنگەن؟**

جاۋاب: بۇ چوڭ ھەجىملىك مۇخەممەس ياكى داستان بولۇپ، جەمئىي 118 كۇپلېت، 598 مىسرادىن تۈزۈلگەن. شائىر بۇ مۇخەممەسنى لىرىكىلىق كەچۈرمىشلەر تەرىزىدە ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزاق تارىخىنى ئىپادە قىلىدىغان بىر خىل تارىخىي مۇخەممەس شەكلىدە يېزىپ چىققان. ئۇنىڭدا لىرىكا بىلەن ئېپىكا، تارىخىلىق بىلەن ئەدەبىيلىك، ئوبيېكتىپلىق بىلەن سۇبيېكتىپلىق ئەقىلگە مۇۋاپىق، ئەمەلىي يوسۇندا جىپسىلاشتۇرۇلغان.

شائىر شېئىرىدا تارىختىكى سەلتەنەت ئىگىلىرىنى كۆڭۈل ئەينىكىدىن ئۆتكۈزۈپ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ سېلىشتۇرمىسىنى كۆرسىتىدۇ. خەلق قەلبىدىكى مەڭگۈلۈك ياخشى ئوبرازلارنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى، تۆھپىسى بىلەن مەڭگۈلۈك خۇنۇكلۇك دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن ئوبرازلارنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى سېلىشتۇرۇپ، كىشىلەرنى ياخشىلىققا يېتەكلەيدۇ.

بۇ ئەسەردە تارىخىي ۋەقەلەرگە ياندىشىپ ھالدا زاماندىن زارلىنىش ئىدىيىسىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ئىپادىلەنگەن. ئاپتور خەلقنى ئۆز تەقدىرى توغرۇلۇق ئويلىنىشقا، ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىق قىلىدۇ.

**30. تەجەللىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا سۆزلەڭ؟**

جاۋاب: ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىللىرىنىڭ بىرى، ئېنسىكلوپېدىك ئالىم ھۇسەيىنخان ئەكبەر تەجەللى ھەزرەتلىرى (1856 ـ 1925) قەشقەر ۋىلايىتى قاغىلىق ناھىيىسى زۇڭلاڭ يېزا ئايكەن كەنتىدىكى ئۆلىما، تېۋىپ ۋە شائىر قۇتبىدىن شاھ ھەزرەتلىرىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

ھۇسەيىنخان ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە ئاتا ـ ئانىسى بىلەن مەككىگە بېرىپ، باشلانغۇچ مەلۇماتنى شۇ يەردە ئالغان، كېيىن

دادىسىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ھىندىستانغا بېرىپ مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، دېھلىدىكى «دېھلى دارىلئۇلۇم» مەدرىسىسىدە، ئاندىن ئىراننىڭ «ئىسپىھان دارىلفۇنۇنى» دا، كېيىن ئافغانىستاننىڭ «كابول دارىلفۇنۇنى» دا ئوقۇغان. ئوقۇش جەريانىدا خىمىيە، تېبابەت، ئىلمى نۇجۇم، تارىخ، لوگىكا، تىلشۇناسلىق، جۇغراپىيە قاتارلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىپ، يۇقىرى ماھارەت ۋە ئىقتىدارنى يېتىلدۈرگەن، ئانا تىلىدىن باشقا ئەرەب، پارس، ئوردۇ، ھىندى تىللىرىنىمۇ ئۆگەنگەن، شەرق خەلقلىرىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن پىششىق تونۇشقان، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى ۋە ئىلمىي ئىجادىيەتلىرىنىڭ شەرىپى ئۇچۇن «مەۋلىۋى» (ئۆز دەۋرىدە ھىندىستاندا ئوقۇغانلارغا بېرىلىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان) دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشكەن.

ھۈسەيىنخان مەدىنە، مەككە، دېھلى، كابول، تېھران، ئىستانبۇل، ھەتتا روسىيىدىكى بەزى شەھەرلەرگىچە بېرىپ، ساياھەت ۋە سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن ئۇ يەرلەردە بىرمەزگىل تۇرۇپ قالغان.

ھۈسەيىنخان «كابول دارىلفۇنۇنى» دا ئوقۇشنى تاماملىغاندا ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمىدا ئۆلپەتداشلىرى ئۇنىڭغا «تەجەللى - مۇجەللى» دېگەن تەخەللۇسنى ھەدىيە قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ نامى «تەجەللى» (ئەرەبچە سۆز. چاقناپ تۇرغان نۇر دېگەن مەنىدە) دېگەن ئىسىم بىلەن مەشھۇر بولغان.

تەجەللى ئۆزىنىڭ يۇقىرى بىلىمى، ئېسىل ئەخلاق - پەزىلىتى ئارقىلىق يەكەندىكى بىلىم ئەھلىلىرىنىڭ، ئۆلىمالارنىڭ ۋە ئاۋام خەلقنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە نائىل بولغان. ئۇ تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەرىپەتپەرۋەر زات مۇتىئىللا ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قاغىلىققا كۆچۈپ كەتكەن. مۇتىئىللا ئەلەم ئاخۇنۇم قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرى تەجەللىنى قازىلىق، مۇپتىلىق، مۇدەررىسلىك... كە ئوخشاش خىزمەتلەرنىڭ بىرەرىنى ئىشلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان. بىراق، تەجەللى ئىلمىي ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇشنى نىيەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بۇ تەكلىپلەرنى سىلىق رەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز ئانا يۇرتى زوڭلاڭ يېزا

ئايكەن كەنتىگە ماكانلاشقان، كېيىن بورا كەنتىگە كۆچۈپ، ئۇ يەردە تۆت يىل تۇرغان، ئاندىن گۇما ناھىيىسىنىڭ كۇتامغا كۆچۈپ كەلگەن، ئاخىرىدا يەنە قاغىلىققا قايتىپ كېلىپ، شور ئېرىق كەنتىدە ماكانلاشقان. ئۇ يەردە 20 يىلدىن ئارتۇق تۇرغان. بۇ جەرياندا قاغىلىق مەدرىسلىرىگە كىرىپ مۇدەررىسلىك قىلغان، كىشىلەرگە ئىلىم ئۆگىتىپ، مەدەنىيەت ۋە مەرىپەت ئۇرۇقلىرىنى چاچقان.

تەجەللى جامائەتچىلىككە دىنىي ئالىم، مەشھۇر تېۋىپ سۈپىتىدە تونۇلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ خېلى كۆپ ۋاقتى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بېغىشلانغان. ئۇيغۇر تىلىدا ئەدەبىيات ۋە تېبابەتكە دائىر مول مەزمۇنلۇق گۈزەل ئەسەرلەرنى ياراتقان. شېئىرىيەت ساھەسىدە زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ھىندى، ئەرەب، پارس، ئوردو، ئۇيغۇر تىللىرىدا كۆپلىگەن غەزەل ۋە قەسىدىلەرنى يېزىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تالانتىنى نامايان قىلغان، ھەتتا خەنزۇ تىلىدىمۇ بەزى شېئىرلارنى يازغان.

تەجەللىنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرى كۆپ بولۇپ، ئىلىم ئەھلىلىرىگە مەلۇم بولغانلىرى «بەرقى تەجەللى، سەبەقى مۇجەللى»، «دىۋان ئەرەبى»، »تۆھبەتۇل بەررەيىن»، «مەجمۇئەتۇل قەسائىد»، «سەبدەرنامە»، «تىلسىم ئىشىق» قاتارلىق كىتابلىرى بار. ئۇ، «قۇرئان كەرىم» نى ئەرەبچىدىن، «تېببىي ئەزەم» ناملىق كىتابنى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن «قارا قەسىدىسى» ناملىق شېئىرى داڭلىق.

**31. تەجەللىنىڭ «قارا قەسىدىسى» نىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى نېمە؟**

جاۋاب: بۇ شېئىر ئاكتىۋال مەزمۇندىكى سىياسىي لىرىكا بولۇپ، شائىرنىڭ قارا رەڭنى ھەر خىل پەلسەپىۋى نۇقتىدىن ئىزاھلاپ، ئۇنى يۇقىرى ئاھاڭدا كۈيلەپ، مەدھىيىلىشى تاسادىپىي ئەمەس. ئۇ، ئۆزىنىڭ سىياسىي غايىسىنى چىقىش قىلغان بولۇپ، بۇ شېئىرىدا بىرىنچىدىن، ئەزەلدىن كىشىلەر نەزىرىدە يامان ۋە كۆرۈمسىز دەپ قارىلىپ كەلگەن قارا رەڭگە نىسبەتەن باشقىچە پوزىتسىيە تۇتۇپ، قارا رەڭنىڭ ئۆزىدىكى تەبىئىي ياخشى

خىسلەتلەرنى گەۋدىلەندۈرۈش ئارقىلىق ئۇنى كىشىلەرنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىگە ئېرىشتۈرۈپ، قارا رەڭنى ئۆزىنىڭ سىياسىي غايىسىنىڭ سىمۋولى قىلىشقا يول ئاچىدۇ؛ ئىككىنچى تەرەپتىن جانانلارنىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلغۇچى گۈزەللىكى ئۇنىڭ كۆزى، قېشى، مېڭى، چېچىدىكى تەبىئىي قارىلىق ئىدى، دېيىش ئارقىلىق «قارا» رەڭ «ئاق» تىن گۈزەل دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىپ، نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كېلەچەك زامانىنىڭ سىمۋولى بولغان گۈزەل يارغا ئىشق - مۇھەببىتىنى بەرگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ۋىسالىغا تېزراق يېتىشكە تەشنا بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى يېشىپ چۈشەندۈرىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۆزى ئارزۇ قىلغان كېلەچەك زاماندا قارا رەڭ بېغىشلىغاندىكىدەك نۇرغۇن گۈزەللىكلەر ۋە ئۇلۇغ خاسىيەتلەر بولغانلىقى ئۈچۈن شائىر ئۇنى قىزغىن سۆيىدۇ تەشنا بولۇپ، چىن دىلىدىن ئارزۇ قىلىدۇ.

دېمەك، بۇ قەسىدىدە شائىر «ئاق» بىلەن «قارا» نى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، قارا رەڭنىڭ ھەر خىل تەرەپلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئارقىلىق، دەۋرىنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى چوڭقۇر پاش قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، ھۆرلۈككە، گۈزەل، پارلاق زامانغا بولغان تەلپۈنۈش ئىستىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ جەھەتتىكى ئىشەنچ، ئۈمىدىنى يۈكسەك ئوپتىمىستىك روھتا، لىرىكىلىق تۈستە بايان قىلغان.

# مۇھىم نوقتىلاردىن ئومۇمىي تەكرار

## I باب تىل ۋە يېزىق قىسمى

1. ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى: ئۆز تەرەققىيات تارىخىدا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرى، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى دەۋرى، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر تىلى دەۋرى قاتارلىق باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتكەن.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرى: ئەڭ قەدىمكى دەۋر (مىلادىيە V ئەسىرگىچە)، قەدىمكى دەۋر (مىلادىيە V ئەسىردىن VIII ئەسىرگىچە)؛

ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى دەۋرى: ئاۋۋالقى ئوتتۇرا ئەسىر VIII ئەسىردىن XVI ئەسىرگىچە ۋە كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر باسقۇچى XV ئەسىردىن XVI ئەسىرگىچە؛

يېڭى دەۋر ئۇيغۇر تىلى دەۋرى: كېيىنكى زامان ئۇيغۇر تىلى باسقۇچى XVI ئەسىردىن XVIII ئەسىرگىچە ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرى XX ئەسىرگىچە.

2. ئۇيغۇر تىلى تارىختىن بېرى قەدىمكى تۈرك تىلى، توققۇز ئوغۇز تىلى، 10 ئۇيغۇر — توققۇز ئوغۇز تىلى دەپ ئاتالغان. بۇ تىلنى سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ تۈرك ـ ئۇيغۇر تىلى دەپمۇ ئاتىغان. بۇ تىللاردا «ئورخۇن مەڭگۈ تاش تېكىستلىرى»، «ئالتۇن يارۇق»، «مايترى سىمىت» ۋە «قۇچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرى» يېزىلغان. كېيىنكى دەۋر ئۇيغۇر تىلى مۇشۇ تىلنىڭ راۋاجىدۇر.

3. چاغاتاي تىلى خاقانىيە تۈركچىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، XX ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغىچە كەڭ تۈردە قوللىنىلغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدۇر. چاغاتاي تىلىنىڭ فونېتىكىسى، گىرامماتىكىسى ئۇيغۇر تىلىدىن، لېكسىكىسى ئەرەب، پارس، موڭغۇل ۋە باشقا تۈركىي تىللاردىن كەلگەن. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

4. تارىم ۋادىسىدا قەدىمكى زاماندا خەنزۇ يېزىق سىستېمىسى، ئارامى ـ ئەرەم يېزىق سىستېمىسى، براھمى يېزىق سىستېمىسى قاتارلىق يېزىق سىستېمىلىرى قوللىنىلغان، بۇلار تەرەققىي قىلىپ، شىنجاڭدا يىگىرمە نەچچە خىلغا يەتكەن. ئۇلاردىن قوللىنىش ۋاقتى ئۇزاقراقلىرىدىن قاروشتى يېزىقى، قەدىمكى ئۇدۇن يېزىقى، كۇسەن ـ كېنگىت يېزىقى، قەدىمكى تۈرك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

قەدىمكى تۈرك يېزىقى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي قەبىلىلەر تۈرك خانلىقى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا دەۋرلەرگىچە قوللانغان يېزىقنى كۆرسىتىدۇ. قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەر ئۆز ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئىجاد قىلغان بۇ يېزىق باشقا مىللەتلەرنىڭ يېزىق مەدەنىيىتى تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ بېيىغان. بۇ يېزىقنى دانىيىلىك تومسىن، روسىيىلىك رادلوف قاتارلىق ئالىملار يېشىپ ئوقۇغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى سوغدى يېزىقىدىن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن بولۇپ، ئەڭ بۇرۇن تۇرپان ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەن. قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە تەدرىجىي ھالدا قەدىمكى تۈرك يېزىقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن بۇ يېزىق قاراخانىيلار تەۋەسىدىمۇ ئىشلىتىلگەن. بۇ يېزىق ئاساسىدا قىتان، موڭغۇل، نايمان ۋە مانجۇ يېزىقلىرى بارلىققا كەلگەن. بۇ يېزىق 18 ھەرپتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بەش ھەرپ سەككىز سوزۇق تاۋۇشقا، قالغانلىرى ئۈزۈك تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن قوللانغان يېزىق بولۇپ، خاقانىيە ئۆلكىسىگە قاراشلىق بارلىق زېمىنلاردا كەڭ تۈردە ئىشلىتىلگەن. بۇ يېزىق قاراخانىيلار يېزىقى دەپمۇ ئاتالغان.

## II باب يىراق قەدىمكى دەۋر ئەدەبىياتى

(ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر)

«ئىگىز قاڭقىللارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى ئەپسانە»: بۇ ئەپسانىدە ئىنسانلارنىڭ ھايۋان توتېمى بىلەن بولغان

ئالاقىسى نۇقتىلىق چۈشەندۈرۈلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئادەم بالىسى بۆرە بىلەن جۈپلىشىش نەتىجىسىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ كېلىپ ـ چىقىشىنى مۇشۇ خىل ئەپسانە بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرگەن.

«ئاشىنا ئۇرۇقىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئەپسانە»: بۇ ئەپسانىدە قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئۆز ئەجدادىنى بىۋاسىتە بۆرىگە باغلايدىغان ساددا تەسەۋۋۇرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«بۆرە توتېمى ھەققىدىكى ئەپسانە»: بۇ ئەپسانىدە ئۇيغۇرلارنى قىيىن ئەھۋالدا بۆرىنىڭ نىجادلىققا ئېرىشتۈرۈپ قويغانلىقى، شۇڭا بۆرىنى ئۇلۇغلاشنىڭ ئەھمىيىتى قاتارلىقلار سۆزلەنگەن.

«قۇلباق ئەپسانىسى»: بۇ ئەپسانە ئۇيغۇرلار سۇنئىي دىنلارغا ئېتىقاد قىلىشتىن ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆپ خۇدالىق ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ تەسىرى ساقلانغان.

«ئۇماي ھەققىدە ئەپسانە» دە ئىپتىدائىي ئۇرۇقچىلىق مەزگىلىدىكى ئىنسانلارنىڭ چىشى مەبۇتلارغا چوقۇنىدىغان، ئۇنى ئۇلۇغلايدىغان ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

رىۋايەتلەر تەرتىپى بويىچە ئۇيغۇر نامى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ۋە قەھرىمانلار ـ شەخسلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

قەھرىمانلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەر: «تومارىس رىۋايىتى»، «شىراق رىۋايىتى»، «مودو تەڭرىقۇت ھەققىدىكى رىۋايەت»، «ئافراسىياپ ھەققىدىكى رىۋايەت»، «بۆگۈخان ھەققىدىكى رىۋايەت»، «كۆل بىلگە خاقان ھەققىدىكى رىۋايەت»، «سۇتۇق بۇغراخان ھەققىدىكى رىۋايەت»، «مەھمۇد قەشقەرى ھەققىدىكى رىۋايەت» قاتارلىقلار بار. ئۇلاردىن باشقا يەنە «شۇ قاغان ھەققىدىكى رىۋايەت»، «كۇسەن رىۋايىتى» قاتارلىقلارمۇ بار.

«ئوغۇزنامە داستانى» نىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى: بۇ داستاننىڭ ۋەقەلىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان ۋاقىتلىرىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ داستاننىڭ دەۋرىمىزگە بىرقانچە يازما نۇسخىسى يېتىپ كەلگەن. بۇ نۇسخىلاردا مەزمۇن جەھەتتىن ئۆزگىرىش كۆپ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرقەدەر ساق ۋە قەدىمىرەكى

XIII ئەسىردە تۇرپاندا قەلەمگە ئېلىنغان نۇسخىسىدۇر.

ئوغۇزخان ئوبرازى: ئوغۇزخان ئىلاھىيلاشقان تارىخىي شەخسنىڭ تىپىك ئوبرازى. ئىلاھىيلاشقان دېگىنىمىزدە، ئۇنىڭ تەبىئەت كۈچلىرىگە قارشى ئۆزىدە يېتىلگەن باتۇرلۇقلىرى، قايتماس جاسارىتى، پالۋانلىقى كۆزدە تۇتۇلسا، تارىخىي شەخسلىكى مۇقەددەس ھەربىي يۈرۈشلىرى، قول ئاستىدىكى سەركەردىلەرگە مۇۋاپىق نام بېرىپ، ئەمەلىي ئىش ئېلىپ بارغانلىقى، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا دۆلەتنى ئالتە ئوغلىغا تەڭ بۆلۈپ بېرىپ، ھاكىمىيەتنى ئاساسقا ئىگە قىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ.

تۇڭا ئالىپ ئەر (ئاپراپسياپ) ئوبرازى: تۇڭا ئالىپ ئەر ــ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زاماندىكى خانلىرىنىڭ بىرى، خەلقنىڭ سائادىتى، ۋەتىنىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئۆمرىنى سەرپ قىلغان، تەرەققىيپەرۋەر، كەشپىياتقا ماھىر، مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىگە تولۇق ۋەكىللىك قىلىدىغان شەخس بولغاچقا، خەلق ئۇنى ھىمايە قىلغان ۋە يادنامە سۈپىتىدە ئۇلۇغلىغان. ئۇنىڭ شانلىق تۆھپىسى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا تارقىلىش جەريانىدا بىيىپ داستانغا ئايلانغان ۋە خەلق ئېپوسىدا جانلىق، تىپىك، ھەيۋەتلىك ئوبراز سۈپىتىدە ساقلىنىپ تۇرغان. بۇ ئېپوستىكى پارچىلار مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا خاتىرىلەنگەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان.

# Ⅲ باب غەربىي يۇرت قەلئەلىك مەملىكەتلەر دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت

1. ئۇدۇن يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر — شۇ دەۋردە تارىخىي ئەسەرلەر، بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەر، ئەدەبىي ئەسەرلەر، تىببىي ھۆججەتلەر، لۇغەتلەر، خەت ـ چەك، مەكتۇپ، ئۆرپ ـ ئادەتكە ئائىت ھۆججەتلەر بولۇپ، مۇشۇ تىل ـ يېزىقتىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر، شېئىرىي ئەسەرلەر، ھېكايىلار، چۆچەكلەر، ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، بېيىت ـ قوشاقلار، مەدھىيىلەر ۋە قەسىدىلەردىن

ئىبارەت.

ئۇدۇن تىل ـ يېزىقىدا تەرجىمە ئەسەرلەرمۇ بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرقەدەر مەشھۇرراقلىرى ھىندىستان ئېپوسى «رامايانا» دىكى راماغا دائىر بىرقانچە ھېكايىنىڭ تەرجىمىسى. ئۇلاردىن باشقا يەنە ماھايانا مەزھىپىگە تەئەللۇق نوملارمۇ بار.

2. بۇددىزم مىڭ ئۆي تام رەسىملىرىنىڭ ئەدەبىي قىممىتى شۇكى، بۇ رەسىملەرنىڭ ھەممىسى بۇددىزم كىتابلىرىدىكى رىۋايەتلەر ئاساسىدا سىزىلغان بۇددىزم رەسىملىرىدىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ مەزمۇنى كەڭ، تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ رەسىملەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، جۈملىدىن بۇددىزم ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، رەسىملەشتۇرۇلگەن كىتاب. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى جەمئىيىتى، ئىجتىمائىي ۋە ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ جەريانلىرىنى ئۆگىنىشتە ناھايىتى قىممەتلىك مۇھىم ھۆججەت.

3. كۇسەن ـ كېنگىت يېزىقىدىكى ئەدەبىي مىراسلار — بۇددا دىنىدىكى ھۆججەت، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا دائىر باشقا مەزمۇندىكى ھۆججەتلەر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردىن تەركىب تاپقان.

ئەدەبىي ئەسەرلەردىن مەشھۇرلىرى: «مايتىرى سىمىت»، «ناندا ھەققىدىكى دراما» قاتارلىق درامىلار، «ياغاچچى بىلەن رەسسام»، «رەسسام ھېكايىسى»، «بېلىقچى ھېكايىسى» قاتارلىق ھېكايىلار. شېئىرىيەتتىن «مۇھەببەت لىرىكىلىرى»، «شېئىرىي ھېكمەتلەر توپلىمى» قاتارلىقلار، يەنە لۇغەتلەر، ئومۇم ھۆججىتى، رەسىم، لەۋھە قاتارلىقلار بار.

4. غەربىي يۇرتلۇق مەدەنىيەت ئەربابلىرىدىن: خېتۇ. بۇ كىشى VI ئەسىردە ياشىغان، خوتەنلىك ئەدىب ۋە مۇزىكانت بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ خەنزۇ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى: «قۇرۇلغا كىرىش»، «چاڭئەن كوچىسى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بۇددا سىڭا (232 ~ 348) كۇسەنلىك بولۇپ، 79 يېشىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە بۇددا دىنى تەرغىباتچىلىقى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن: «تەيۋۇچىئەن قەسىرىدىكى كۆي»، «مادۇي راھىبىغا جاۋاب» قاتارلىقلار بار.

كوماراجىۋا (344 ~ 413) كۇسەنلىك بولۇپ، كاتتا بۇددا ئۆلىماسى. ئۇ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ، دىن تارقىتىش، دىن شەرھلەش ۋە تەرجىمانلىق خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن: «ھېكمەتلىك باخشىمغا نەزىرە»، «ئون تەمسىل» قاتارلىقلار بار.

ۋېيسا كۈيچى (598 ~ 682) خوتەنلىك بۇددا ئۆلىماسى، رەسسام ۋە تەرجىمان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن: «نوقۇل تونۇش نەزەرىيىسى ھەققىدە بايانلار»، «مۇرەككەپ توپلام نەزەرىيىسى ھەققىدە»، «سەۋەب ــ نەتىجە بىلەن ھەقىقەتنى تېپىش ھەققىدە»، «سىرلىق نىلۇپەر سۇترىسىغا مەدھىيە» قاتارلىقلار بار. ئۇ يەنە شۇەنزاڭ بىلەن بىرلىشىپ تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەر: «بەس ــ مۇنازىرىنىڭ چېكى ھەققىدە»، «بەس ــ مۇنازىرىنىڭ چېكى نەزەرىيىسىگە مەدھىيە» قاتارلىقلار بار.

سىكساناندا (652 ~ 710) خوتەنلىك بۇددا ئۆلىماسى. ئۇ، زامانىسىدىكى كاتتا تەرجىمان ۋە رەسسام، شۇنداقلا ئەدىب. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى: «نىلۇپەر سۇترىسى»، «لانكاراتانىڭ ماھايانىغا كىرىش سۇترىسى» قاتارلىقلار.

خۇيلىن (737 ~ 820) قەشقەرلىق. ئۇ، چاڭئەنگە بېرىپ، خەنزۇ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان، 100 جىلدلىق «بۇددا نوملىرىنىڭ تەلەپپۇزى ۋە مەنىلىرى» قامۇسىنى يازغان.

## Ⅳ باب ئورخۇن دەۋرى ئەدەبىياتى

1. ئورخۇن دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكى: بۇ دەۋردە ئەدەبىيات گۈللەپ ياشنىغان، ئىجادىي ئەسەرلەر بىلەن بىرگە تەرجىمە ئەسەرلەرمۇ بارلىققا كەلگەن، ئەدەبىي تىل ئورخۇن تىلى بولغان، خەت ــ ئالاقە ئىشلىرىدا خەنزۇ ۋە سوغدى تىللىرىمۇ قوشۇمچە ئىشلىتىلگەن، دىنىي، تارىخىي، ئۆرپ ــ ئادەتلەرگە ئائىت ئەسەرلەرمۇ مەيدانغا چىققان. ئۇلارنىڭ مەشھۇرلىرىدىن مانى دىنىغا ئائىت توۋا دۇئاسى ــ «خۇئاستۇئانىفت»، تەزكىرە خاراكتېرىدىكى

ھۆججەت — «تەڭرىقاغانىنىڭ دىنىغا كىرىشى»، ئۆرپ - ئادەتكە ئائىت ئەسەر — «ئىرق بىتىك» قاتارلىقلار بار.

2. «تېلى قوشىقى» نىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى: قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى بەگقۇلى باشچىلىقىدىكى تېلىلارنىڭ ئازلىقتىن كۆپىيىپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە باشقا جەھەتلەردە قۇدرەت تاپقان بىر مەزگىلىدە يېزىلغان. بۇ ۋاقىت V ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ.

ئەسەرنىڭ مەزمۇنى: قەدىمكى تېلىلارنىڭ تارىخىي مۇھىتى، سۆيۈملۈك ماكانى، تۇرمۇش شارائىتى، ئىگىلىكى، تۇرمۇش سەۋىيىسى قاتارلىقلار ئىخچام بايان قىلىنغان، ئانا ماكانىنىڭ كۆركەم مەنزىرىسى ئوبرازلىق، جانلىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن، يۇرتقا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ئىپادىلەنگەن.

3. بۇتۇرمۇش‌تارقان: بۇ كىشى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن مۇئەللىپ. ئۇنىڭ ئەسىرى «خۇئاستۇئانىفت» قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە مانى يېزىقىدا يېزىلغان 221 مىسرالىق داستان. بۇ ئەسەر مىلادىيە V، VII ئەسىرلەر ئارىلىقىدا قازاقىستان ئەتراپىدا قەلەمگە ئېلىنغان. زامانىمىزغا ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسى يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ مەزمۇنى مانى دىنىغا ئالاقىدار بولۇپ، يورۇقلۇق تەڭرىسى بىلەن قاراڭغۇلۇق تەڭرىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ كۈرەش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، قەھرىمان سەركەردە بەگقۇلىنىڭ پىداكارانە ئىش - ھەرىكەتلىرى مەدھىيىلىنىپ، بۇ قەھرىمان نامىغا قوشاقلار توقۇلغان.

مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: بۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكىدە كۆك تۈرك خانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، گۈللىنىشى، يىمىرىلىشى توغرىسىدىكى تارىخىي ۋەقەلەر جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، تونيۇقۇق، بىلگە قاغان، كۆلتېگىن ۋە ئۇيغۇر قۇتلۇق كۆل بىلگە قاغان قاتارلىقلارنىڭ مۇقەددەس ھەربىي يۈرۈشلىرى، قاغانلىقنى تىنچلاندۇرۇش، مۇستەھكەملەش، كۈچەيتىش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ۋە تۆھپىلىرى نەپىس ئەدەبىي تىل بىلەن ئېچىپ بېرىلگەن.

تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى: ئاپتورى بىلگە تونيۇقۇق

( 668 ~ 788 ) بولۇپ، ئۇ 679 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئىلتەرىش قاغان، قاپاغان قاغان، بىلگى قاغان قاتارلىقلارغا باش ۋەزىر بولغان، كېيىنمۇ ئوردىدا مۇھىم خىزمەتلەرنى بېجىرگەن. «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» مىلادىيە 716 ـ يىلى ئورخۇن يېزىقى بىلەن ئىككى پارچە مەرمەر تاشقا ئويۇلۇپ، تونيۇقۇقنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن قەبرىسى ئالدىغا ئورنىتىلغان.

«كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» : نىڭ تېكىستى كۆلتېگىننىڭ ئاكىسى بىلگى قاغان تەرىپىدىن يېزىلىپ 732 ـ يىلى كۆلتېگىننىڭ قەبرىسى ئالدىغا ئورنىتىلغان. كۆلتېگىن ھەربىي ئىلىم، دۆلەت باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن، ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەتكە ھەۋەس قىلغان.

يوللۇغ تېگىن (672 ~ 744) تارىخشۇناس ۋە ئەدىب بولۇپ، ئوردىدا مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. ئۇ، «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» ۋە «بىلگى قاغان مەڭگۈ تېشى» نى بىلگى قاغاننىڭ ئېيتىپ بېرىشى بىلەن رەتلەپ تاشقا چەككەن.

مۇيۇنچۇر قارا قاغان دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ، 747 ـ 759 ـ يىللىرىغىچە ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان، ئەلەمدار ۋە قەلەمدار، ئەل باشقۇرۇشقا تولىمۇ تەدبىرلىك بولۇپ، ھايات ۋاقتىدا خانلىق نەسەبنامىسىنى نەپىس تىل بىلەن تاشقا ئويغان.

ئېل ئۇگۇس، ئىنانچۇر مۇقان تارقان VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى IX ئەسىرنىڭ ئالدىدا ياشىغان تارىخچى ۋە ئەدىبلەر. ئۇلار ئورخۇن خانلىقىدا مۇھىم ئەمەللەرنى تۇتقان، ئۇيغۇر، خەنزۇ ۋە سوغدى يېزىقلىرىنى ئۆگەنگەن. ئۇلار «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى» نى يېزىپ خاتىرە قالدۇرغان.

مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىدىكى پېرسوناژلار مىللەتنىڭ تەقدىرى، دۆلەتنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە باش قاتۇرۇپ، ئەجدادلار ئىزىدىن مېڭىپ ۋە ئۇلارنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى قىبلىنامە قىلىپ، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ھەرىكەتلەندۇرۇپ، ئۆزىمۇ مەردانىلىق بىلەن جەڭگە چۈشۈپ، غەلىبە قىلىشنىڭ ئاساسىنى يارىتىدۇ.

بۆگۈخان رىۋايىتىنىڭ بىرقەدەر تولۇق بولغان تۆت خىل نۇسخىسى بار بولۇپ، خەلق ئىچىگە تارقىلىش ۋاقتى ئۇزاق.

ئاساسي مەزمۇنى: ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخىي جەريانىنى بەدىئىي يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن، ۋەقەلىك بۆگۈخان ئوبرازىنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇلغان.

بەدىئىيلىكى: مەركىزىي ئىدىيىسى تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىدا ئىپادىلەنگەن؛ رېئالىزم بىلەن رومانتىزم ئارىلاش قوللىنىلغان. بۆگۈخان ئوبرازى خاسلىقتا، تىپىك خاراكتېرگە ئىگە قىلىنغان؛ كومپوزىتسىيىسى مۇقىملىقتا ئىگە بولۇپ، ۋەقە تەرتىپ بويىچە راۋاجلانغان.

ئىرق بىتىك IX ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن، ئۇنى ئىسىك سانغۇن ۋە ئىناچۇك دېگەن ئاپتورلار قەلەمگە ئالغان.

مەزمۇنى: 1) ئادەم ۋە ھايۋاناتلار تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان مەزمۇنلار.

2) ئەپسانىۋى سىيۇژىتلار ۋە تەڭرىلەر ھەققىدىكى مەزمۇنلار.

3) تەبىئەت تەسۋىرىگە دائىر مەزمۇنلار.

4) پەند ـ نەسىھەت ھەققىدىكى مەزمۇنلار.

ئەدەبىي قىممىتى: ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، دۇنيا قارىشى، قەدىمكى ئەدەبىياتى، جۈملىدىن، شېئىرىيىتىنى ئۆگىنىشتە ۋە تەتقىق قىلىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە، ئۇنىڭدا مول تۇرمۇش بىلىملىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

## V باب قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت

1. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەدەنىيىتى: بۇ دەۋردە ئەدەبىيات ۋە سەنئەت تەرەققىي قىلدى. ئەدەبىيات دىنىي ئەدەبىيات ۋە دۇنياۋى ئەدەبىياتتىن ئىبارەت ئىككى لىنىيە بويىچە تەرەققىي قىلدى. دۇنياۋى ئەدەبىياتنى دىداكتىك مەزمۇنلار، ئىنسانىي ئىشق ـ مۇھەببەت تېمىسى، بىلىم، ئاياللار ھۆرلۈكى، ئادىل شاھ قارشى قاتارلىقلار تەشكىل قىلىدۇ. دىنىي ئەدەبىياتنى بۇددا ۋە مانى دىنى مەزمۇنىدىكى شېئىرلار تەشكىل قىلىدۇ. بۇ دەۋردە قېلىپلاشقان ئەدەبىي تىل

بارلىققا كېلىپ، لېكسىكا بېيىدى، تۈرلۈك مەزمۇندىكى ئەسەرلەر دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بولدى.

2. قوجو دەۋرىدىكى شائىرلار:

ئاپرىنچۇرتېكىن مانى دىنى مۇھىتىدا يېتىلگەن. ئۇ، باش ــ ئاياغ قاپىيىدە شېئىرلارنى يازغان، ئىككى پارچە ئەسىرى زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن.

پراتيا ياشىرى قاپىيىلىك شېئىرلارنى يازغان. ئۇنىڭ «ھېكمەت پەزىلىتى» ناملىق شېئىرى زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن.

كى كى I : بۇددىزم مۇھىتىدا ئۆسكەن شائىر، ئۇنىڭ توققۇز پارچە شېئىرى زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن.

چىسۇياتۇتۇڭ بۇددىزم مۇھىتىدا ئۆسكەن شائىر، «ياخشاماقلىق بۇدۇغى» ناملىق 60 مىسرالىق شېئىرى زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن.

قالىم قايىشى ئۇنىڭ «قۇتقۇلماق» دېگەن شېئىرى بار.

شىياۋگوەنيىن (1039 ~ 1057) نىڭ تەخەللۇسى يــى دې بولۇپ، قىتان دۆلىتى تەۋەسىدە ياشىغان ئۇيغۇر ئايال شائىرىدۇر. ئۇ، خەنزۇ تىلىدا شېئىر يازغان. شېئىرلىرىدىن: «يوۋخىلىندا پەرمان بىلەن يېزىلغانلار»، «كـۆكـۆل ھـويـلـىسـىـغـا قـايـتـىـش»، «ئۆتمۈشنى ئەسلەش»، «نامدىن جۇدا بولماق» قاتارلىقلار بار.

شىياۋسېبىسى قىتانلىق ئۇيغۇر ئايال شائىر، خەنزۇ تىلىدا شېئىر يازغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن «ھەجۋىيات»، «تارىخنى كۈيلەش» قاتارلىقلار بار.

قوجو ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنىدا دىنىي ئەقىدىلەر، بىلىم قارىشى، ئەخلاق چۈشەنچىلىرى، نەسىھەت، ھېكمەتلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ دەۋردىكى شېئىرلار مەزمۇنىغا قاراپ رېئال تۇرمۇش تەسۋىرلەنگەن شېئىرلار ۋە دىنىي مۇھــــىتتا يېزىلغان شېئىرلارغا بۆلۈنىدۇ.

3. «قوجو ئىدىقۇت خانلىقى تۆھپە مەڭگۈ تېشى»: بۇ بىر تارىخىي داستان بولۇپ، ئاپتورى كى كى قورسا ئىچقۇ XVI ئەسىردە جانبالىغدا ياشىغان. «مەڭگۈ تاش» تا ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىرىدىن بارچۇق ئارت تېكىن خاندىن تارتىپ تايىپىنو خانغىچە بولغان بىرقانچە ئەۋلاد خانلارنىڭ شەجەرىسى خاتىرىلەنگەن.

4. «قوجو ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدىكى نەسرىي ئەسەرلەر» : بۇلار ئاساسەن تەرجىمىدىن ئىبارەت.

«ئالتۇن يارۇق» : بۇ ئەسەرنى سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ ئەسەردە بۇددا دىن ئەقىدىسىنى تەشۋىق قىلىدىغان ھېكايىلار، قىسسىلەر بار. مۇھىم رىۋايەتنىڭ بىرسىدە ماخاستىۋى تېكىننىڭ جاڭگالدا ئاچ قالغان چىشى يولۋاسقا ئۆز تېنىنى ئۇزۇقلۇق قىلىپ بەرگەنلىكىدەك ۋەقەلىك سۆزلەنگەن. شۇ ئارقىلىق بۇددا دىنىنىڭ «ئۆزىنى قۇربان قىلىپ جانلىقلارنى قۇتقۇزۇش» ئەقىدىسى خىلمۇ خىل بەدىئىي ۋاستىلەر، چۇچۇك ھەم راۋان تىل، روشەن خاراكتېرگە ئىگە ئوبرازلار ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن.

5. «ئىككى تېكىن ھېكايىسى» : بۇ ئەسەردە ئاق نىيەت تېكىن بىلەن قارانىيەت تېكىن ئوتتۇرىسىدىكى ۋەقەلەر ئارقىلىق باشقىلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىدىيىسى ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

6. «چېستانى ئىلىكبەگ» : بۇ ئەسەرنىڭ ئەسلىي ۋەقەلىكى ھىندى خەلق ھېكايىلىرىدىن ئېلىنغان. ئۇنىڭدا ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادىللىق، ئالىيجانابلىق، ئەقىل - پاراسەت بىلەن ئىش كۆرۈش، ئۈمىدۋار بولۇش روھى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋە ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇلغان. بۇ ھېكايە ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ ئۈلگىسى.

7. ئارىيا چانترى قەدىمكى ئاگىنى بەگلىكىدە ئۆتكەن ئۆلىما، تەرجىمان ۋە دراماتورگ. ئۇ، «مايترى سىمىت» درامىسىنى ئەنەتكەك تىلىدىن توخرىي تىلىغا ئىجادىي ھالدا تەرجىمە قىلىپ چىققان.

8. پېرتان راكشىت قوجو دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تەرجىمان، «مايترى سىمىت» نى توخرىي تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

9. سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ قوجو دەۋرىدىكى مەشھۇر تەرجىمان. ئۇنىڭ «ئالتۇن يارۇق» ، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» ، «سەككىز يۈگمەك» قاتارلىق تەرجىمە ئەسەرلىرى بار.

10. مايترى سىمىت — قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى 27 پەردىلىك سەھنە ئەسىرى. ئۇنىڭ بىرقانچە خىل نۇسخىسى بار.

بىر قەدەر قەدىمىيرەك ۋە مۇكەممەلرەكى قۇمۇل نۇسخىسىدۇر. ئۇنىڭدا مۇكەممەل بەدىئىي شەكىل، كونكرېت ئوبراز، كۆركەم تىل ئارقىلىق مايتىرىنىڭ پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان.

## VI باب قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت

1. فارابى (870 ~ 950) فاراب شەھىرىدە تۇغۇلغان، دەمەشقتە ۋاپات بولغان، 150 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان.

مەزمۇنى: شائىرنىڭ نەسرىي ئەسەرلىرىدە ناتۇرال فانتىزملىق، گۇمانىزملىق ئىدىيىلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىجادىي ھاياتى، ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتى ۋە روھىي ھالىتى، شېئىرلىرىدا كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ، خەلقپەرۋەرلىك روھ، ئىلىمگە بولغان مۇھەببەت ئىپادىلەنگەن.

2. يۈسۈپ خاس ھاجىپ (1020 ~ 1085) قەشقەردە تۇغۇلۇپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، مەشھۇر ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» 1069 ـ 1070 ـ يىللىرى يېزىلىپ، 1074 ـ يىلى ھەسەن بۇغراخانغا تەقدىم قىلىنغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى: قاراخانىيلار دەۋرىدىكى دۆلەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىگىچە توختىلىپ، ئادەمنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى بىلىم، ئەقىل، ئادالەت، دۆلەت، قانائەت دېگەن تۆت ئاساسىي ئامىلغا باغلاپ، ئۇلارنىڭ تىپىك مىسالى سۈپىتىدە بىلىم ـ ئەقىلنى ئۆگىدۇلمىش ئىسىملىك بىر كىشىگە، ئادالەتنى كۈنتۇغدىغا، دۆلەتنى ئايتولدىغا، قانائەتنى ئودغۇرمىشقا تەقلىد قىلىپ، دېمەكچى بولغان پىكىرلىرىنى ئەدەبىي يول بىلەن جانلىق تەسۋىرلىگەن.

3. «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئۈچ چوڭ مۇناسىۋەت: (1) ئىلىمنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى. (2) قانۇننى ئادىللىق بىلەن ئىجرا قىلىش، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش. (3) پادىشاھ ـ بەگلەردە

ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقىنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق ئۆلچەملىرى، دۆلەت قانۇنىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ياكى بۇزۇلۇشىغا بولغان مۇناسىۋىتى.

ئەسەردىكى پېرسوناژلار: ئەسەردە توققۇز نەپەر پېرسوناژ پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. ئاساسلىقى شۇكى، كۈنتۇغدى — ئاپتور ئەدەبىي يول بىلەن تەسۋىرلىگەن غايىۋى دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانى، دانا، ئاقىل، ئادىل، مېھرىبان، قابىل خاقانىنىڭ سىمۋولى، پۈتكۈل ئۆمرىنى ئەل ـ يۇرتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن بېغىشلىغان غايىۋى ئوبراز. ئايتولدى — بەخت ـ سائادەت سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن، غايىۋى دۆلەتنىڭ ۋەزىرى. ئەسەردە ئىككى خىل خۇسۇسىيەتتە تەسۋىرلەنگەن: بىرى، غايىۋى دۆلەتتىكى ئادىل ھۆكۈمرانىنىڭ سادىق ياردەمچىسى؛ يەنە بىرى، بەخت ـ سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇنى تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ چارىسىنى بىلگۈچى دانىشمەن. ئۆگدۈلمىش — ئەقىل ـ پاراسەت سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن، غايىۋى ـ ئادالەتلىك دۆلەت ۋەزىرىنىڭ ئوغلى، ئىز باسارى، ئەل ـ يۇرتنىڭ بەختى ئۈچۈن پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى سەرپ قىلىدىغان، بىلىم بىلەن ئىش كۆرىدىغان، ئالىيجاناپ، غايىۋى پېرسوناژ. ئودغۇرمىش — ئاقىۋەت ۋە قانائەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن، ئادالەتلىك غايىۋى دۆلەتتىكى غاردا ئىستىقامەتكە بېرىلگەن زاھىد، مۇرەككەپ يارىتىلغان بەدىئىي ئوبراز، ئەل ـ يۇرتنىڭ يېتەكچىلىرىگە ئەلنى باشقۇرۇشقا دائىر ياخشى مەسلىھەتلەرنى بېرىشنى ۋىجدانىي بۇرچ دەپ بىلىدىغان ئوبراز.

4. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ دۇنياۋى ئەھمىيىتى: بۇ ئەسەر دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە. ئۇ ئەينى دەۋر شەرق ۋە غەرب يازما يادىكارلىقلىرى ئىچىدە بىر پۈتۈن دەۋرنىڭ نادىر دەستۇرى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ مەھەللى تارىخى قىممىتىدىن ھالقىپ، شەرق مەدەنىيەت تارىخىدا نوپۇزلۇق قامۇس بولغان.

5. مەھمۇد قەشقەرى (1020 ~ 1117) قەشقەرلىق. ئۇنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «تۈركىي تىللار سىنتاكسىسىنىڭ جەۋھەرلىرى» ناملىق ئەسەرلىرى بار.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» — ئەرەب تىلى بىلەن تۈركىي تىلىنىڭ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق لۇغىتى بولۇپ، 1072 ـ 1074 ـ يىللىرى

يېزىلىپ، ئوبۇلقاسىم مۇقتەدى بى ئەمرۇللا ھەزرەتلىرىگە تەقدىم قىلىنغان.

«دىۋان» غا 7500 پارچە سۆزلۈك، 242 پارچە شېئىر ـ قوشاق، 200 پارچىغا يېقىن ماقال ـ تەمسىل كىرگۈزۈلگەن، يەنە بىرقىسىم ئەپسانە، رىۋايەت، قىسسىلەرمۇ بار. ئەسەرنىڭ يېزىلىش مەقسىتى «پۈتمەس ـ تۈگىمەس بايلىق بولۇپ قېلىش»، شۇنداقلا «ئەرەب تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئات بېشى باراۋەرلىكىنى ئۇقتۇرۇش»، «ئۇيغۇر تىلىغا ئېھتىياج بولغانلارنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىن ئېتىش» تىن ئىبارەت.

6. ئەھمەد يۈكنەكى (1110 ~ 1180) نىڭ ئەسىرى «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» دىداكتىك داستان بولۇپ، ئەسەردە ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئىلىمنىڭ خاسىيىتى، ئادىل شاھ قارشى قاتارلىق ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي مەزمۇنلار سۆزلەنگەن.

7. ئەھمەد يەسسىۋى (1005 ~ 1116) ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىدىكى مۇھىم شەخس بولۇپ، يەتتەسۇ ۋىلايىتىدىكى يەسسى دېگەن جايدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ «دىۋان ھېكمەت» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بار.

«دىۋان ھېكمەت» تە ئاپتور رېئال دۇنيانى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن تەنقىدلىگەن، زالىملار، پارىخور ئەمەلدارلار، قارا كۆڭۈل دىن ئەھلى، ئاچ كۆز، پىخسىقلارنى سۆككەن، مېھنەتكەش، خارلانغان ئەمگەكچى خەلققە ھېسداشلىق قىلغان. ئۇنىڭدىكى شېئىري رىتىم، شېئىري تىل ۋە باشقىلار ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدۇ، ئەدەبىي پارچىلاردا ئىستىلىستىك ۋاستىلەر دەل ۋە مۇۋاپىق قوللىنىلىپ، مەقسەتنى ئىپادىلەشنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىسى قىلىنغان.

## VII باب چاغاتاي دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت

(1224 ـ 1348 ـ يىللار)

1. چاغاتاي دەۋرىدىكى تىل ۋە ئەدەبىيات خاقانىيە تىلى ۋە خاقانىيە ئەدەبىياتىنىڭ داۋامى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردە ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىي تىل ۋە ئاساسىي يېزىق بولغان.

جانىبەگ ئوغلى ئۆگدۈلمىش (1180 ~ 1270) نىڭ «جانىبەگ ئوغلى ئۆگدۈلمىشنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى» ناملىق كىتابى ھەم تارىخىي ھەم بەدىئىي خاراكتېردىكى بىئوگرافىك ئەسەر.

يۈسۈپ سەككاكىنىڭ ئەسىرى «مەتلىئۇل ئۇلۇم» ئەرەب تىلىدا يېزىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى تىل - ئەدەبىيات قاتارلىق 13 تۈرلۈك ئىلىمگە ئالاقىدار.

رابغۇزى رابات ئوغۇز دېگەن جايدا ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ «قىسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق ئەسىرى بار. ئەسەرنىڭ مەزمۇنى: كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئىلاھىي مۇقەددەسلىك ئىدىيىسىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، رېئال ئادەم ۋە ئۇلارنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۇرگەن؛ ياخشى ئىدىيە، ياخشى ئەخلاق ۋە ياخشى خىسلەتلەرنى ئىنسان ئەخلاقىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى دەپ قاراپ، ئېسىل پەزىلەتلەرنى زوق - شوخ بىلەن مەدھىيىلىگەن. بۇلار ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ پائالىيەت ۋاستىسى بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلگەچكە، كېيىنكى دەۋردىكى ئىنسانىي پەزىلەتلەرنىڭ ياخشى ئۆرنىكى ۋە تەشۋىق قورالى بولغان.

مۇھەممەد خارەزمى لىرىك شائىر، ئۇنىڭ ئەسىرى «مۇھەببەتنامە» 1353 - يىلى يېزىلغان. XVI ئەسىر ئۇيغۇر قارلۇق شېئىرىيىتىنىڭ نادىر ئۈلگىسى. ئەسەر 11 قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئاشىقنىڭ تىلىدىن يېزىلغان 11 پارچە شېئىرى سالامنامە شەكلى بىلەن پۈتۈلگەن، مەزمۇنى چوڭقۇر، ھېسسىيات قويۇق.

جامال قارشى «سۇرراخ لۇغىتى» نى، كېيىن ئەرەب تىلىدا «سۇرراخ لۇغىتىگە ئىلاۋە» دېگەن ئەسەرنى يازغان. بۇ ئەسەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن بەزى خانلىقلارنىڭ تارىخىدىن پارچە، مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تەزكىرىلىرى، بەزى شەھەر يوللىرى، قۇرۇلۇشى، مەنزىرىسى ۋە مەھسۇلاتى بايان قىلىنغان.

بۇ دەۋردىكى تەرجىمە ئەسەرلەر: «قۇرئان كەرىم» (ئاپتورى نامەلۇم)، «گۈلىستان بىتتۈركى» تەرجىمە قىلغۇچى سەيفى سارايى قاتارلىقلار.

# VIII باب يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

1. بۇ دەۋردىكى تارىخشۇناسلار

لىيەن شىشەن قىيا — لىياۋ، سۇڭ سۇلالىسى تارىخلىرىنى تۈزۈشكە، ئۇنىڭدىن باشقا «يىڭزىڭ خاتىرىلىرى»، «شيەنزۇڭ خاتىرىلىرى» نى تۈزۈش، تەھرىرلەشكە قاتناشقان.

سارابان — يۈەن پادىشاھى توقۇن تۆمۈرگە ئۇستاز بولغان، «جىن تارىخى» نى تۈزۈشكە قاتناشقان.

يۇجۇ، چولپان سالى — ئۇلار «سۇڭ تارىخى» نى تۈزۈشكە ۋە تەھرىرلەشكە قاتناشقان.

قۇتلۇقدۇرمىش، ئارۇن تۆمۈر — «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» نى تۈزۈشكە قاتناشقان.

بۇيان — ئۇيغۇر قارلۇق قەبىلىسىدىن. ئۇ «جىن تارىخى» نى تۈزۈشكە قاتناشقان.

2. بۇ دەۋردىكى تەرجىمانلار

ئەنزاڭ — بەشبالىقلىق ئۇيغۇر. ئۇ، خەنزۇ، ئۇيغۇر، موڭغۇل تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن، «شاڭنامە. ۋۇيى تەزكىرىسى»، «جىنگۈەن يىللىرىدىكى مۇھىم سىياسىي ئىشلار بايانى»، «ئۆرنەك»، «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى»، «قىيىن كېسەللىكلەر»، «دورىلار دەستۇرى» قاتارلىق كىتابلارنى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدىكى موڭغۇل يېزىقىغا تەرجىمە قىلغان.

بىلاناشىل بەشبالىقلىق ئۇيغۇر. ئۇ، سانسكرت، ئۇيغۇر، تىبەت، موڭغۇل تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن، «سورۇڭنامە»، «ساماتخىنومى»، «ماھاياناسۇترالانكاراتىكا»، «پراجناپارامىتانومى»، «چوڭنىرۋاننومى»، «ماھايانامەزھىپىنىڭ ئەخلاق - پەزىلەتلىرىگە مەدھىيە» قاتارلىق ئالتە خىل بۇددا نومىنى خەنزۇ، سانسكرت، تىبەت تىللىرىدىن موڭغۇلچىغا تەرجىمە قىلغان.

3. ئەدىبلەر

گۈەن يۈنشى (1286 ~ 1324) — ئۇيغۇر. ئۇنىڭ

شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى زاماندىن زارلىنىش، تەركىدۇنياچىلىق خاھىشىنى ئىپادىلەش، ۋەتەننىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى كۈيلەش، تىنچ مۇھىتنى تەسۋىرلەش، سەمىمىي ئىشق ـ مۇھەببەتنى كۈيلەش، ۋاپاسىزلىقنى نەپرەت بىلدۈرۈش.

سەيدۇللا (1305 ~ 1355) — شىنجاڭلىق ئۇيغۇر. ئۇنىڭ «يەنمىن توپلىمى» ناملىق نەسرلەر توپلىمى بار. ئەسەرلىرىدە كەمبەغەل پۇقرالارنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىغا ھېسداشلىق قىلغان، ئۇرۇش پاجىئەسى ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ۋەھشىيلىكىنى سۆككەن. ماۋزېدۇڭ تۆتىنچى تومىدىكى «پارە ـ پارە بولۇۋاتقان ئەكسىيەتچىلەر نېمە ئۈچۈن يەنە تىنچلىق دەپ جار سالىدۇ» دېگەن ماقالىسىدە ئۇنىڭ «شىتۇچىڭغا چىققاندا» ناملىق شېئىرىدىن نەقىل ئالغان.

مارۇچاڭ (1278 ~ 1339) — شىنجاڭلىق ئۇيغۇر. ئۇنىڭ «شى تيەن توپلىمى» دېگەن ئەسىرى بار. ئەسەردە خەلقنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىگە ئىچ ئاغرىتىدۇ، سىنىپىي زىددىيەتلەرنى پاش قىلىدۇ، زۇلمەت دۇنياسىغا نارازىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، ئېكسپىلاتاتورلارنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭلىرىنى پاش قىلىدۇ.

نەي شيەن (1310 ~ 1368) — شىنجاڭلىق ئۇيغۇر. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى «چى تەي توپلىمى»، «يېڭى قاش غەزىلى»، «يۇفىي قەبرىسىگە زىيارەت» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

شۇاڭفۇ (1270 ~ 1350) — شائىر ۋە نەسرىي غەزەلچى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ «غەربىي كۆلدىكى مەدھىيىلەر»، «باھار»، «قەسىر ئالدىدىكى خۇشاللىق» قاتارلىق نەمۇنىلىك ئەسەرلىرى بار. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ، تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنى قويۇق ھېسسىيات ئارقىلىق ئىپادىلەشكە تىرىشىدۇ.

گاۋكىڭگۇڭ (1248 ~ 1310) — شىنجاڭلىق ئۇيغۇر. شائىر ۋە رەسسام. ئۇنىڭ «فاڭ شيەن توپلىمى» ناملىق بىر ئەسىرى بار، «يۈەن نەزمىلىرىدىن تاللانما» غا 20 كۇپلېت شېئىرى كىرگۈزۈلگەن.

شيەيۇلى شىنجاڭلىق ئۇيغۇر. ئۇنىڭ «شيەيۇلى توپلىمى» ناملىق بىر ئەسىرى بار.

شىن ۋىن فاڭ — شىنجاڭلىق ئۇيغۇر. ئۇنىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى

ئۆلىمالارنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسىرى، ئۇنىڭدىن باشقا بىر بۆلۈك شېئىرلىرى بار.

## IX باب تۆمۈرىيلەر دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى
(1370 ~ 1507 ـ يىللار)

1. تۆمۈرىيلەر دەۋرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنى كەڭ، تەسىرى كۈچلۈك. بۇ دەۋر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تۈركىي مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئەرەب ۋە پارس مەدەنىيىتى كاتېگورىيىسى بىلەن پاراللېل ھالدا ئۆز نوپۇزىنى ۋە تەسىرىنى نامايان قىلغان، ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسلىق يېزىق بولۇپ نۇرغۇنلىغان نادىر ئەسەرلەر ۋە مەشھۇر توپلاملار مۇشۇ يېزىق بىلەن تۈزۈلگەن. ھىراتنى مەركەز قىلغان تۈركىي مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ، ئۆز تەسىرىنى سىرتلارغىمۇ كۆرسەتكەن.

2. لۇتفىي (1366 ~ 1465) ھىراتتا ياشاپ شۇ يەردە ۋاپات بولغان، ئۇيغۇر ۋە پارس تىللىرىدا 20 دىن ئارتۇق ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى: «دىۋان لۇتفىي»، «گۈل ۋە نەۋرۇز»، «مەشھەنۇل ھەققايىق» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇ يەنە شەرىپىدىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە» داستانىنى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان، نەۋائىي بۇ ئۇلۇغ زاتنى ئۇستاز سۈپىتىدە تىلغا ئېلىپ ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» دېگەن ئەسىرىدە «ئۇيغۇر ئىبارەتىنىڭ فۇسۇھاسى، تۈرك ئەلفازىنىڭ بۇلاغاسى، پەسىھ ۋە بەلىغ ئەدىب» دېگەن.

«گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانى: 1411 ـ يىلى يېزىلغان. شائىر نەۋرۇز بىلەن گۈل ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ۋەقەسى ئارقىلىق، ئەينى دەۋردىكى فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى ئېچىشنى مەقسەت قىلغان، ناھەقچىلىكنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىپ بىرلىككە كەلگەن قۇدرەتلىك، باياشات دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن، ئاياللار ئازادلىقى مەسىلىسىنى جىددىي مەسىلە سۈپىتىدە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن تىلغا ئالغان.

3. ئاتايى XV ئەسىردە خۇراساندا ياشىغان، ئۇنىڭ «دىۋان ئاتايى»

ناملىق بىر توپلىمى بار. شائىر يار - جانان ۋاستىسى ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى پاش قىلغان.

4. مەۋلانى سەككاكىنىڭ «دىۋان سەككاكى» ناملىق توپلىمى بار. ئۇ، قەسىدە ژانىرىنى باشلىغان ۋە ۋايىغا يەتكۈزگەن. بۇ ھال پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا شېئىرىيەتتە مۇھەببەت تېمىسىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئىجتىمائىي تېما دائىرىسىگە ئۆتكەنلىكىنى نامايان قىلغان. نەۋائىي سەككاكىغا يۇكسەك باھا بېرىپ ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە «دەۋرىمىزنىڭ مالىكۇل كالامى، ئۇيغۇر ئىبارەتىنىڭ فۇسۇھاسى، تۈرك ئەلفازىنىڭ بۇلاغاسى» دەپ ئاتىغان. شائىر تۈرك تىلىنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا ئۇنۇملۇك خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

5. يۇسۈپ ئەمرى XV ئەسىردە ماۋرائۇننەھىردە ياشىغان، ئۇيغۇر پارس تىللىرىدا نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ «دىۋان ئەمرى»، «دەھنامە»، «بەڭ ۋە چاغىر مۇنازىرىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

6. يەقىنىي XV ئەسىردە ماۋرائۇننەھىردە ياشىغان، ئۇيغۇر، تۈرك، پارس تىللىرىدا ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ «ئوق ۋە ياي» ناملىق مۇنازىرە خاراكتېرىدىكى ئەسىرى بار.

7. ئەھمىدىي XV ئەسىردە ياشىغان، ئۇنىڭ «مېۋىلەر مۇنازىرىسى»، «سازلار مۇنازىرىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

8. مەجلىسى XVI ئەسىرلەردە ياشىغان. ئۇنىڭ «سەيفۇل مۇلىك ۋە بەدىئۇل جامال» ناملىق داستانى بار. شائىر ئۇنىڭدا ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتلىرى ئارقىلىق ۋاپا، ساداقەت، مەردلىكنى كۈيلەيدۇ.

9. ئەلىشىر نەۋائىي (1441 ~ 1501) ھىراتتا تۇغۇلۇپ شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ «چاھار دىۋان»، «خەمسە»، «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتيىن»، «مەجالىسۇن نەفائىس»، «مەھبۇبۇل قۇلۇب»، «دىۋان فانىي»، «لىسانۇتتەير»، «مىزانۇل ئەۋزان» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلىرى بار.

«چاھار دىۋان» (خەزائىنۇل مەئانى) لىرىك شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، ئۇنىڭ تۈزۈلۈش تەرتىپى كىشىلەرنىڭ ئۆمرىگە تەققاسلانغان تۆت توپلامدىن ئىبارەت.

«چاھار دىۋان» غا 16 خىل 3132 پارچە لىرىك ژانىردىكى شېئىرلار كىرگۈزۈلگەن. 45000 مىسرادىن تەركىب تاپىدۇ. ئەسەردە ۋەتەن ۋە خەلققە مۇھەببەت، چىن ئىنسانىي ئىشق - مۇھەببەت، ئەدەپ - ئەخلاق كۈيلەنگەن، ناچار ئىللەت، يامان خاھىش، مەنمەنچىلىك، ھاكاۋۇرلۇق قامچىلانغان، رىياكار سوپى - ئىشانلار قاتتىق تەنقىدلەنگەن.

«خەمسە نەۋائىي»، «ھەيرەتۇل ئەبرار»، «پەرھاد - شىرىن»، «لەيلى - مەجنۇن»، «سەبئەئى سەييار»، «سەددىي ئىسكەندەر» دىن ئىبارەت بەش داستاندىن تەركىب تاپقان. «خەمسە» نىڭ بىرىنچى داستانىدا پەلسەپىۋى مەزمۇن ئىپادىلەنگەن. بەشىنچى داستانى غايىۋى دۆلەت ۋە غايىۋى ئادىل شاھ مەزمۇنى بىلەن يېزىلغان. قالغان ئۈچ داستانى ئىشق - مۇھەببەت ۋە مېھنەتكە بېغىشلانغان بولۇپ، بۇ مەزمۇنلار ئوخشاشمىغان يوللار بىلەن ئىپادىلەنگەن.

ئىلمىي ئەسەرلىرىدىن «مەھبۇبۇل قۇلۇب» — ئۈچ قىسىملىق ئەسەر. ئۇنىڭدا شائىرنىڭ پۈتكۈل ھاياتىدىكى تەجرىبە ۋە بىلىم يەكۈنلەنگەن.

«مۇھاكىمەتۇل لۇغەتىيىن» — ئەينى دەۋردىكى پارس تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى ئىلمىي رەۋىشتە ئەمەلىي مىساللار بىلەن سېستىمىلىق ھالدا شەرھلەپ چۈشەندۈرگەن ئەسەر.

«مەجالىسۇن نەفائىس» — نەۋائىيدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ۋە زاماندىش شائىرلارنىڭ ھاياتىدىن، ئىلمىي پائالىيەتلىرىدىن ئۇچۇر بېرىدىغان تەركىزىي خاراكتېرىدىكى ئەسەر.

## X باب يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت

(1514 ~ 1678 - يىللار)

1. سەئىدى (1486 ~ 1533) — يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى، مەشھۇر ئەدىب. ئۇ، ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىنسانىي

مۇھەببەت ئىدىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۇنياۋىي ئەدەبىيات تېمىسىنى بېيىتتى.

2. رەشىدىي (1510 ~ 1560) — سەئىد خاننىڭ ئوغلى، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تۇنجى ۋارىسى، مەشھۇر ئەدىب، سىياسىئون، ھەربىي ئالىم. ئۇنىڭ «دىۋان رەشىدىي»، «كىتابىي تەربىيە - ئەنتەربىيە»، «سالاتىنىنامە»، «مەشۇقنامە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. ئۇ، ئەسەرلىرىدە، ھەق - ئادالەتنى كۈيلەيدۇ، ئىنسانىي مۇھەببەت باغلايدۇ، ئىلىم - مەرىپەتنى كۈيلەيدۇ.

3. ئامانىنىساخان (1523 ~ 1557) — «دىۋان نەفىسى»، «ئەخلاقۇل جەمىلە»، «شۇر ۇھۇل قۇلۇب» قاتارلىق ئەسەرلىرى بارلىقى مەلۇم، «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنى ئىجاد قىلغان. ئۇ، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرى مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشى، ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ رەتلىنىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

4. قىدىرى — يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە تونۇلغان مەشھۇر مۇزىكانت، ئالىم ۋە ئەدىب. ئۇنىڭ «دىۋان قىدىرى»، «دىۋان قىدىرىنىڭ مۇقەددىمىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بارلىقى مەلۇم، 12 مۇقامنى رەتلەشكە قاتناشقان.

5. مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر (1500 ~ 1551) — يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان مەشھۇر ئەدىب. ئۇنىڭ «تارىخىي رەشىدىي»، «جاھاننامە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

«جاھاننامە» دە قولغا كەلگەن بەخت - سائادەتنى قەدىرلەش، ئۇنى ئۇزاق مۇددەت ئىگىلەپ تۇرۇشنىڭ ئۆزى كىشىنىڭ قەدىر - قىممىتى — ئابرۇيىنىڭ كاپالىتى، دېگەن ئىدىيە ئىلگىرى سۈرۈلگەن، گۇمانىزم ۋە غايىۋى شاھ، غايىۋى دۆلەت چۈشەنچىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆمۈرنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە دالالەت قىلىنغان.

6. مىرزا زىرەك چالىش — قاراشەھەرلىك مۇزىكانت ۋە شائىر. سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تارىخىي تۆھپىلەرنى قوشقان.

7. ئايازبېك قۇشچى XVI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شائىر. ئۇنىڭ ئوغلىغا ئاتاپ يازغان «مەھمۇد نامە» ناملىق داستانى ۋە بىر قىسىم شېئىرلىرى بار.

قەسىدىلىرىدە ئابدۇرەشىتخاننىڭ تەختكە چىققانلىقىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، سىياسىي، ئىجتىمائىي قاراشلىرىنى، دەۋرگە قارىتا باھا ۋە چۈشەنچىسىنى ئىپادىلىگەن.

8. مەھمۇد جاراس (1620 ~ 1698) — نىڭ «تارىخىي شاھ مەھمۇد جاراس»، «ئەنىسىت تالىبىن»، «تارىخىي رەشىدىي زەئلى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

## XI خوجىلار دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

(1678 ~ 1759 ـ يىللار)

1. بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى: (1) لىرىك شېئىرىيەت راۋاجلاندى. (2) داستانچىلىق ئەۋج ئالدى. (3) دىداكتىك ئەدەبىيات تەرەققىي قىلدى. (4) تەزكىرە ئەدەبىياتى روناق تاپتى. (5) تەقلىدىي ئەدەبىيات كۆپەيدى. (6) تەرجىمە ئەدەبىياتى گۈللەپ ياشنىدى.

مەزمۇن جەھەتتە ئادالەتپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، گۇمانىزم، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىندى.

بەدىئىي مېتود، ئەدەبىي ئېقىم جەھەتتە رېئالىزم، سىمۋولىزم ۋە رومانتىزملىق ئىجادىيەت مېتودى راۋاجلاندى، ئەنئەنىچىلىك، كلاسسىزم، تەقلىدچىلىك ئېقىملىرى ماھىيەتنى ئېچىپ تاشلاشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

ئاپتورلار قوشۇنى جەھەتتە يازغۇچىلار قوشۇنى زورايدى، ئەدىبلەرنىڭ ئىدىيىسىدە خاھىشچانلىق كەسكىن تۈس ئالدى. ئاپتورلارنىڭ ئورۇنلىشىش دائىرىسىدە ئۆزگىرىش بولدى.

2. خىرقىتى (1634 ~ 1724) — قەشقەرلىق. ئۇنىڭ «مۇھەببەتنامە ـ مېھنەتكامە» ناملىق داستانى بار. ئەسەر دوستلۇق، ئىشق ـ مۇھەببەتكە بېغىشلانغان، سابا، قىزىلگۈل، بۇلبۇل ئوبرازلىرىنىڭ پائالىيىتى ئارقىلىق مەركىزىي ئىدىيە يورۇتۇپ بېرىلگەن. داستاننىڭ تىلى XVII، XVIII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر تىلىدۇر.

3. ئابدۇللا خاراباتى (1638 ~ 1730) ئاقسۇدىن. ئۇنىڭ

«كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» ناملىق ئەسىرى بار. ئۇ، دىداكتىك ئەسەر بولۇپ، تۇرلۇك ۋاستىلەر ئارقىلىق ئەخلاق چۇشەنچىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە شەرھلەنگەن.

4. مەھزۇن خوتەنى — خوتەندە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شائىر. ئۇنىڭ «دىۋان مەھزۇن» ناملىق توپلىمى، «قوغۇنلار مۇنازىرىسى» ناملىق داستانى داڭلىق بولۇپ، مۇنازىرە شەكلىدە يېزىلغان، سىمۋولىستىك ئوبرازلار ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي مەسلىلەر ئېچىپ بېرىلگەن.

5. زەلىلى (1676 ~ 1755) يەكەندە ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ، ئۆز ئۆمرىدە سەپەرنى ئىختىيار قىلىپ، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، قۇمۇللارغىچە بارغان. ئۇ يەرلەردە مەشھۇر مازايى - ماشايىقلاردا يېتىپ - قوپۇپ، ئىستىقامەت بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىرگە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ «دىۋان زەلىلى»، «تەزكىرەئى چىھىلتەن»، «تەزكىرەئى خوجى مۇھەممەد شېرىپ»، «سەپەرنامە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. ئاپتور پارس تىلىدىمۇ ئەسەر يازغانلىقى مەلۇم.

«دىۋان زەلىلى» دە ئادالەتپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق، مەرىپەتچىلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك··· قاتارلىق ئىدىيىلەر ئىلگىرى سۈرۈلگەن، ئالدامچى، رىياكار سوپىلار قاتتىق قامچىلانغان، پارىخور ئەمەلدارلار، ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىقىپ كەتكەن بىرقىسىم خۇمسىلار قاتتىق تەنقىد قىلىنغان.

«سەپەرنامە» دە ئاپتور ئۆزىنىڭ كۆرگەن - بىلگەنلىرى ۋە ئەسلىمىلىرى توغرىسىدا بايان بېرىدۇ، خەلقپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەرىپەت ئىدىيىسى، زاماندىن زارلىنىش خاھىشى ئىپادىلەنگەن.

6. نۆبىتى (1691 ~ 1760) — خوتەندە ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شائىر. ئۇنىڭ «دىۋان نۆبىتى» دېگەن توپلىمى بار.

«دىۋان نۆبىتى» دە ئاپتور خەلقچىللىق، گۇمانىزم، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرىنى ئالغا سۈرۈپ، جاھىللىق، تەركىدۇنياچىلىق، ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىقلارغا قارشى ئوت ئاچىدۇ. نۆبىتىنىڭ «رەۋزىگە مانەند

خىيال ئەت خوتەننى» دېگەن شېئىرى داڭلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى كۈچەپ تەرغىب قىلىنغان، ئۆز يۇرتىغا بولغان سەمىمىي مۇھەببەت تۇرلۇك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

7. سالاھى XVIII ئەسىردە قەشقەردە ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شائىر. ئۇنىڭ «گۇل ۋە بۇلبۇل» ناملىق داستانى بار. داستاندا سىمۋولىستىك ئوبراز — گۇل، بۇلبۇل، ساباھ ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئىدىيە ئېچىپ بېرىلگەن، ئىنسانىي ئىشق ـ مۇھەببەت، ئىنسانىي ئەركىنلىك، ۋاپادارلىق ۋە ساداقەتمەنلىك تەرغىب قىلىنغان.

8. مەشھۇرى XVIII ئەسىردە يەكەندە ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شائىر. ئۇنىڭ «دىۋان مەشھۇرى» ناملىق ئەسىرى بار. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا رېئال ھاياتقا بولغان مۇھەببەت كۆيلىنىپ، نادانلىق، خۇراپاتلىق قامچىلانغان، بىلىمنىڭ خاسىيىتى ئۇلۇغلىنىپ كىشىلەرنى ئىلىم ئىگىلەشكە دەۋەت قىلىنغان.

9. ئەرشى (1685 ~ 1756) نىڭ «دىۋان ئەرشى» ناملىق توپلىمى بار. توپلامدا خەلقچىللىق، تەرەققىيپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىلىمپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرى كۈچەپ تەرغىب قىلىنغان، ئادىمىيلىك ئۇلۇغلانغان.

10. گۇمنام XVIII ئەسىردە قەشقەردە ياشىغان. ئۇنىڭ «دىۋان گۇمنام» ناملىق توپلامى بار. ئۇنىڭ «كاشغەر» ناملىق رادىپلىق غەزىلى داڭلىق بولۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەڭ يۇقىرى چەكتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ نەۋائىينىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇب» دېگەن ئەسىرىنى كۆچۈرۈپ چىققانلىقى مەلۇم.

## XII باب ئابدۇرېھىم نىزارى دەۋرى ئەدەبىياتى

(1659 ~ 1864 ـ يىللار)

1. ئابدۇرېھىم نىزارى دەۋرى: بۇ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىنى دەۋرلەرگە بۆلۈش ئۈچۈن مەخسۇس قوبۇل قىلىنغان

ئاتالغۇ. ئۇ، مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرى خوجىلارنى ۋاستە قىلىپ، شىنجاڭنى تىنجىتقان 1759 ـ يىلىدىن 1864 ـ يىلى كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغانغا قەدەر بولغان تارىخىي جەرياننى كۆرسىتىدۇ. بۇ دەۋردە ئۇيغۇر ئاپتورلار ئۇيغۇر، پارس ۋە ئەرەب تىللىرىدا ئىجاد قىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر نىزارى دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دەپ ئاتىلىدۇ.

2. بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئاپتورلار قوشۇنى زورايدى، ئەسەرلەرنىڭ ھەجمى كۆپەيدى، ژانىر، شەكىل ھەر خىل بولدى، ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكىدە ئۆزگىرىش بولدى، ئىجادىيەت مېتودىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى، كلاسسىزملىق ئەدەبىي ئېقىم ئاساسىي ئېقىم بولدى. ئىلمىي ئىجادىيەتتە يېقىنقى دەۋر قامۇسچىلىق ئېقىمى شەكىللەندى، كوللېكتىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جانلاندى، تەزكىرە ئەدەبىياتى گۈللەندى. تەرجىمىچىلىك جانلاندى، ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي كۈچلەر بىلەن ئالاقىسىدا يېقىنلىق بارلىققا كەلدى، خەلق ئاغزاكى ئىجادىيەتلىرىنى توپلاش، رەتلەش ئىشى جانلاندى.

3. سادىقى (1725 ~ 1849) قەشقەردە ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، مەشھۇر جامائەت ئەربابى، ئاتاقلىق ئەدىب. ئۇنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «زۇبدەتۇل مەسائىل ۋەلئاقائىد»، «تەزكىرەئى ئەسھابۇل كەھىب»، «ئادابۇسسالىھىن»، «رىسالەھى كەسپتار» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخىي رەشىدى» ناملىق ئەسىرىنى پارسچىدىن، تەبەرىنىڭ «تارىخ تەبەرى» ناملىق ئەسىرىنى ئەرەبچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان، «مەسنەۋى شېرىپ» كە «ھەدىيەنامە» يېزىپ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسىگە تەقدىم قىلغان.

«تەزكىرەئى ئەزىزان» دا ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى، ھۆرلۈك ئۈچۈن بولغان كۈرەشلىرى تەسۋىرلەنگەن، خەلقنىڭ ئېزىلىشكە قارشى ھۆرلۈكنى تەلەپ قىلىش ئارزۇلىرى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن، XVIII ئەسىرلەردە جەنۇبىي شىنجاڭدا مەۋجۇت بولغان ئەدەبىي ھايات توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىلگەن؛ لىرىكىلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادالەتپەرۋەرلىك قاراشلىرى ئىپادىلەنگەن.

4. موللا نىياز — خوتەننىڭ چىرىيە ناھىيىسىدىن. ئۇنىڭ «تۆت ئىمام تەزكىرىسى»، «شېئىرلار» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. ئۇ، ھەجۋى شېئىر يېزىش ماھىرى بولۇپ، ھەجۋىلىرىدە جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك يامان خاھىش ۋە ناچار ئىللەتلەرنى كۈچلۈك ھەجۋى قامچىسى ئاستىغا ئالىدۇ.

5. قەلەندەر خوتەندە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شائىر. ئۇنىڭ «دىۋان قەلەندەر» ناملىق توپلىمى، «خوتەن قەسىدىسى» ناملىق داستانى مەشھۇر. لىرىكىلىرىدا يار ـ جانان ۋاستىسى ئارقىلىق، ئىنسانىي ئىشق ـ مۇھەببەتنى، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى، خەلقپەرۋەرلىكنى كۈيلىگەن.

6. ئابدۇرېھىم نىزارى (1776 ~ 1851) قەشقەردە ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، زوھۇردۇن ھېكىمبەگنىڭ ھۇزۇرىدا كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن، بۇ مەزگىللەردە ئۆز ئەتراپىغا شائىر ۋە بىلىملىك كىشىلەرنى توپلاپ، بۇ دەۋر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقارغان ۋە دىۋانلارنى تۈزگەن. ئۇنىڭ «مۇقەددىمە»، «پەرھاد ـ شىرىن»، «مەھزۇن گۈلنىسا»، «زادۇل نەجاد»، «رابىئە ـ سەئىدىن»، «ھېكايەتى غېرىپ»، «مۇخەممەسلەر»، «دىيارى ئىمام» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. ئۇ، زىبائىي بىلەن بىرلىكتە «چاھار دەرۋىش» داستانىنى يازغان. نىزارىنىڭ يەنە زامانىسىنىڭ رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىگە بېغىشلانغان «رابىئە ـ سەئىدىن» داستانى بار.

«رابىئە ـ سەئىدىن» دە فېئودالىزم دەۋرىدە ئەركىن ئىشق ـ مۇھەببەتتىن مەھرۇم قالغان ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۆز دەۋرىنىڭ قاراڭغۇ تەرىپىنى ئېچىپ كۆرسەتكەن، بۇ ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى ئەركىسىز ياشلارنىڭ سەمىمىي مۇھەببىتىگە ھېسداشلىق قىلىپ، پېقىرلارغا ئىچ ئاغرىتقان، پەرزەنت مۇھەببىتىنى چۈشەنمەيدىغان، پۇلخۇمار كىشىلەرنى قاتتىق تەنقىدلىگەن.

7. زىبائىي قەشقەردە ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ «مەسئۇد ـ دىلئارام»، «ۋامۇق ـ ئۇزرا»، «مەھزۇنۇل ۋائىزىن»، «مۇشۇك بىلەن چاشقان» قاتارلىق

ئەسەرلىرى بار. ئابدۇرېھىم نىزارى بىلەن بىرلىكتە «چاھار دەرۋىش» داستانىنى يازغان؛ ئۇ يەنە تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى بىلەن بىرلىكتە «غېرىبىلەر ھېكايىتى» ناملىق كۇللىياتنى تۈزۈشكە قاتناشقان.

8. تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى (1802 ~ 1860) قەشقەردە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ، ئابدۇرېھىم نىزارى بىلەن بىرلىكتە زوھۇردۇن ھېكىمبەگ كاتىباتخانىسىدا كاتىپلىق قىلغان. غېرىبى ئاپتورلار بىلەن بىرلىشىپ بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قىلغان. ئۇنىڭ «كىتابى غېرىب»، «غەزەللەر»، «بەھرام گۆر» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

«كىتابى غېرىب» تا ئاپتور مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، ھۈنەرۋەن - كاسىپلار ۋە ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسى توغرىسىدا توختىلىپ، مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىنىڭ جەمئىيەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى رولىنى ئىلمىي رەۋىشتە ئانالىز قىلىپ چىققان.

9. سەبۇرى قەشقەردە ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ «نەۋائىينىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى توغرىسىدا»، «دىۋان سەبۇرى»، «ماقالات»، «بەھرۇل ئەنساپ» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

«ماقالات» ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە بېغىشلانغان ئەسەر بولۇپ، ئاپتور تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە بولغان چۈشەنچ ۋە تونۇشلىرىنى، باھاسىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

10. خىسلىتى قەشقەردە ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ «ھەدىيەئى خىسلەت»، «مۇشۇك بىلەن چاشقان» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

«مۇشۇك بىلەن چاشقان» دا ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، زالىملىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىدىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

11. موللا ھاجى تارىخچى بولۇپ، ئۇنىڭ «بۇغراخانلار تەزكىرىسى» ناملىق تەزكىرە ئەسىرى بار.

12. موللا مىرسالى قەشقەرنىڭ تارىخقا بېغىشلانغان

«چىڭگىزنامە» ناملىق ئەسىرى بار.

13. مۇھەممەد ئىۋەز قاراقاشىنىڭ «مەھدۇمى ئەزەم»، «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

14. مۆجىزى — خوتەندە ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ «تارىخىي مۇسقىيۇن» ناملىق رىسالىسى بار. ئۇنىڭدا مۇزىكا تارىخى ۋە مۇزىكانتلارنىڭ ھاياتى، ئىجاد قىلغان ئەسەرلىرى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن.

15. ئەھمەدشاھ قاراقاشى (1750 ~ 1828) قاراقاشتا ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، قەشقەر مەدرىسىدە ئالىي بىلىم ئالغان. ئۇنىڭ «نەزەر مۇپتىغا خەت» (يامان ئات توغرىسىدا مۇخەممەس) ناملىق ئەسىرى بار. ئۇنىڭدا يامان ئاتنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى ۋاپاسىزلىق، نامەردلىك، يالغانچىلىق ئىللەتلەر قامچىلانغان.

16. دىلبەر دورغىنىڭ «مەزلۇملار ئاھى» ناملىق ئەسىرى مەشھۇر. بۇنىڭدا دەۋرنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرى ئېچىپ تاشلانغان، تۈرلۈك ئازاب تۈپەيلى يۈرىكى ئېزىلگەن دەردمەنلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتى جانلىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن، ئۇلارغا بولغان ھېسداشلىق ئىپادىلەنگەن.

17. شائىر موللا نىياز مۇھەممەدنىڭ «مەنسۇر» ناملىق بىر داستانى بار.

## XIII باب موللا بىلال نازىمى دەۋرى ئەدەبىياتى

(1864 ~ 1912 - يىللار)

1. بۇ دەۋر ئەدەبىياتى كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن باشلاپ، تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇيغۇر ئاپتورلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت دەۋرىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، دېھقانلار قوزغىلىڭى خاس تېما سۈپىتىدە ئەدەبىياتتا ئەكس ئەتتى، كوللېكتىپ ئوبرازلار يەككە يارىتىلدى، قەھرىمان، كۈرەشچان خوتۇن ـ قىزلارنىڭ جەڭگىۋار ئوبرازى يارىتىلدى، تەزكىرىچىلىك جانلاندى، ئەدەبىيات بىلەن تارىخ، رىۋايەت بىلەن تارىخ ئارىسىدا پەرق بارلىققا كەلدى، ئۇيغۇر يېڭى دەۋر تارىخ ئىلمى شەكىللەندى، غەزەللەر ئاساسىدىكى دىۋان تۈزۈش داۋاملاشتى ۋە گۈللەندى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى كەڭ تارقالدى ۋە گۈللەندى، ئۇيغۇر تىلى بەدىئىي تىل سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇلدى.

2. موللا شاكىر (1870 ~ 1905) ئاقسۇدىن. ئۇنىڭ «زەپەرنامە» ناملىق داستانى بار. ئۇنىڭدا كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغان. بۇ داستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كوللېكتىپنىڭ ئىجادىي ئوبرازىنى نۇقتىلىق تەسۋىرلىگەن دەسلەپكى يىرىك ئەسەر. ئۇنىڭدا ئېزىلگۈچى مېھنەتكەش خەلقنىڭ مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇمغا قارشى ھەققانىي كۈرىشى تارىخىي چىنلىق ئاساسىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن.

3. موللا بىلال بىن موللا يۈسۈپ نازىمى (1824 ~ 1899) نىڭ «غەزەلىيات»، «غازات دەرمۈلكى چىن»، «چاڭمۇزا يۈسۈپخان»، «نۇزۇگۇم» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

«چاڭمۇزا يۈسۈپخان» دا دىنىي تونغا ئورۇنۇۋالغان ئالدامچى، ئاچ كۆز، ئىغۋاگەر يۈسۈپخاننىڭ ساختا قىلمىشلىرى ھەجۋى قىلىنىدۇ.

4. موللا مۇسا سايرامى (1836 ~ 1917) — ئاقسۇدىكى بايدا ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا»، «دەربايات ئەسھابۇل كەھب»، «تەزكىرەئىي خوجا ئاباق»، «تارىخىي ئەمىنىيە»، «تارىخىي ھەمىدى»، «سالامنامە»، «دىۋان مەسنەۋى»، «پەرھاد ـ شېرىن» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

5. ئابدۇقادىر داموللام (1862 ~ 1924) قەشقەردە ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ «سەرپ نەھۋى»، «ئىلمىي تەجۋىد»، «ئاقائىد زۆرۈرىيە»، «ئاقائىد جەۋھەرىيە»، «تەلىمى سەبىيات»، «پاسايھۇل ئەتفال»، «مىفتائۇل ئەدەپ»، «نەسىھاتى

ئامما» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

ئاپتور ئەينى دەۋردە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ خۇراپاتلىقتىن قۇتۇلۇپ، يېڭىلىققا يۈزلىنىشى ئىشلىرىغا هاياتىنى تەقدىم قىلغان مەشهۇر زات.

6. تەجەللى (1856 ~ 1925) قەشقەرنىڭ قاغىلىقتىن. ئۇ، ئەرەبىستان، ئافغانىستان، هىندىستان قاتارلىق جايلاردا ئوقۇغان، ئەرەب، پارس، ئوردۇ، هىندى، ئۇيغۇر تىللىرىنى پىششىق بىلىدۇ. ئاپتورنىڭ «بەرقى تەجەللى»، «سەپەقى مۇجەللى»، «دىۋان ئەرەبى»، «تۆهبەتۇل بەهرەيىن»، «مەجمەتۇل قەسائىد»، «سەبدەرنامە»، «تىلسىم ئىشق» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. ئۇنىڭ «قارا قەسىدىسى»ناملىق قەسىدىسى مەشهۇر.

## ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئۈچۈن

# تەقلىدىي ئىمتىھان سوئاللىرى

### I كۆپ خىل تاللاش سوئاللىرى

تۆۋەندىكى سوئاللارنىڭ ھەر بىرىگە تۆتتىن جاۋاب بېرىلگەن، بۇلارنىڭ پەقەت بىرىلا توغرا. توغرا دەپ قارىغىنىڭىزغا «✓» بەلگىسىنى قويۇڭ.

1. قەدىمكى تۈرك يېزىقىنى:

A. موڭغۇللار ئىجاد قىلغان. (  )

B. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تۈرك خانلىقى ۋە ئورخۇن خانلىقى دەۋرى ھەم ئۇنىڭدىن سەل كېيىنكى دەۋرلەرگىچە قوللانغان. (  )

C. ئۇيغۇرلار چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قوللانغان. (  )

D. تارىملىقلارنىڭ يېزىقى. (  )

2. «تال سۇندۇرۇش قوشىقى» نى:

A. شىمالىي خانلىقلار «يۇفۇ مەھكىمىسى شېئىرلار توپلىمى» غا كىرگۈزگەن. (  )

B. بەگقۇلى رەتلىگەن. (  )

C. قۇغۇرسۇ ئالتۇن ئىجاد قىلغان. (  )

D. پىرتانراكشىت توخرى تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. (  )

3. سەككاكى:

A. زەلىلى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر. (  )

B. قوجو دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر. (   )
C. سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن مۇزىكانت ۋە شائىر. (   )
D. نەۋائىي دەۋرىدە ئۆتكەن يىرىك شائىر. (   )
4. قېدىرخان يەكەندى:
A. «ئىشرەت ئەنگىز مۇقامى» نى ئىجاد قىلغان. (   )
B. سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، شائىرى ۋە ئاتاغلىق مۇقامچى. (   )
C. قوجو دەۋرىدە ئۆتكەن يەكەنلىك شائىر. (   )
D. شائىر نەۋائىينىڭ ساداقەتمەن شاگىرتى. (   )
5. موللا بىلال نازىمى:
A. «سىدىقنامە» دېگەن ئەسەرنى يازغان. (   )
B. «غەزەلىيات رەشىدى» ناملىق لىرىك شېئىرلار توپلىمىنى ئىجاد قىلغان. (   )
C. 14 بابلىق «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» (ھۆكۈملەر يىغىندىسى) ناملىق ئەسەرنى يازغان. (   )
D. «غەزەلىيات» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى يېزىپ چىققان. (   )
6. قەدىمكى تۈرك يېزىقى:
A. ماسساگېتلار يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. (   )
B. كۆك تۈرك يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. (   )
C. تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە قوللىنىلغان يېزىق. (   )
D. ئافراسىياپ ئىجاد قىلغان يېزىق. (   )
7. «تۈرا قوشىقى»:
A. كوماراجىۋانىڭ ئىجادىيىتى. (   )
B. قوجو خانلىقىنىڭ ئوردىسىدا تارالغان. (   )
C. مىلادىيە VI ئەسىردە ئۇيغۇرلارنىڭ قوغۇرسۇ قەبىلىسى ئارىسىغا تارالغان. (   )

D. قېدىرخان يەكەندى تەرىپىدىن «12 مۇقام» تېكىستلىرىگە كىرگۈزۈلگەن. (   )
8. نەۋائىينىڭ «خەزائىنۇل مەئانى» دېگەن ئەسىرى:
A. پارس تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى سېلىشتۇرۇلغان ئەسەر. (   )
B. ئەدەبىيات نەزەرىيىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەسەر. (   )
C. خەلق ئارىسىدا «چاھار دەرۋىش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. (   )
D. خەلق ئارىسىدا «چاھار دىۋان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. (   )
9. مەھمۇد جوراسىنىڭ «تارىخىي رەشىدى» (زەيلى) ئەسىرى:
A. مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخىي رەشىدى» دېگەن ئەسىرىنىڭ داۋامىدۇر. (   )
B. موڭغۇل تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەردۇر. (   )
C. ئاپپاق خوجىغا بېغىشلانغان ئەسەردۇر. (   )
D. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن ئەسەردۇر. (   )
10. دىلبەر دورغا «مەزلۇملار ئاھى»ناملىق مۇخەممىسىدە:
A. ئۇزۇڭۇم ئوبرازىنى ياراتقان. (   )
B. زوھۇردىن ھېكىمبەگ دەۋرىدىكى ۋەقەلەر ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. (   )
C. XIX ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى خەلقلەرنىڭ ئاھۇ - زارى مەلۇم تەرەپتىن ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. (   )
D. جۇڭغارلار دەۋرىدىكى خەلقنىڭ ئاھۇ - زارى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. (   )
تۆۋەندىكى سوئاللارنىڭ ھەر بىرىگە ئۇچتىن جاۋاب بېرىلگەن

شۇلارنىڭ ئىچىدە بىرسى توغرا. توغرا بولغىنىغا «✓» بەلگىسىنى قويۇڭ.

11. «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»:

A. 24 باب. ( )

B. 14 باب. ( )

C. 41 باب. ( )

12. «يەنمىن توپلىمى» نىڭ ئاپتورى:

A. سەيدۇللا. ( )

B. مازۇچاڭ. ( )

C. سەۋىنچ قايا. ( )

13. «قىسسەئى رابغۇزى» غا كىرگۈزۈلگەن ئەسەر:

A. «خەمسە نەۋائىي». ( )

B. «جاھاننەما». ( )

C. «يۇسۇپ - زۇلەيخا» قىسسىسى. ( )

14. ئالىپ ئەرتۇڭا ھەققىدە مەلۇمات خاتىرىلەنگەن ئەسەر:

A. «تۈركىي تىللار دىۋانى». ( )

B. «تارىخىي رەشىدى». ( )

C. «تارىخىي جاھان كۇشاي». ( )

15. سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ تەرجىمە قىلغان ئەسەر:

A. «مايتىرى سىمىت». ( )

B. «چاشتانى ئىلىك بەگ». ( )

C. «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى». ( )

16. زەلىلىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن ئەسىرى:

A. «چىھىلتەن تەزكىرىسى». ( )

B. «زەپەرنامە». ( )

C. «سەپەرنامە». ( )

17. «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى»:

A. 1300 نەچچە مىسرا. ( )

B. 31 مىلادىيە مىسرا. (     )
C. 14 مىلادىيە مىسرا. (     )
18. موللا خامۇشاخۇن يەكەندى تەرجىمە قىلغان ئەسەر:
A. «كەلىلە ـ دەمنە». (     )
B. «مىڭ بىر كېچە». (     )
C. «شاھنامە». (     )
تۆۋەندىكى سوئاللارغا تۆتتىن جاۋاب بېرىلگەن. جاۋابنىڭ ئىككىسى توغرا. توغرىسىغا «✓» بەلگىسىنى قويۇڭلار:
19. شىنجاڭنىڭ مىڭ ئۆي مەدەنىيىتى تۆۋەندىكى دىنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك:
A. شامان دىنى. (     )
B. بۇددا دىنى. (     )
C. مانى دىنى. (     )
D. ئىسلام دىنى. (     )
20. رابغۇزى «قىسسەئى رابغۇزى» نىڭ ۋەقەلىكىنى تۆۋەندىكى كىتابلاردىن ئالغان:
A. «قۇرئانى كەرىم». (     )
B. «تەۋرات». (     )
C. «ئۇدىسسا». (     )
D. «جاڭغىر داستانى». (     )
21. «پەرھاد ـ شىرىن» داستانىدىكى ئوبرازلار:
A. شىرىن. (     )
B. لەيلى. (     )
C. رابىئە. (     )
D. مېھىنبانۇ. (     )
تۆۋەندىكى سوئاللارنىڭ ھەر بىرىگە ئۈچتىن جاۋاب بېرىلگەن. توغرا دەپ قارىغىنىڭىزغا «✓» بەلگىسىنى قويۇڭ:
22. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى:
A. 28 ھەرپتىن تۈزۈلگەن. (     )

B. 18 هەرپتىن تۈزۈلگەن. (     )
C. 38 هەرپتىن تۈزۈلگەن. (     )
23. «مايتىرى سىمىت» دراممىسى:
A. 27 پەردىلىك. (     )
B. 25 پەردىلىك. (     )
C. 17 پەردىلىك. (     )
24. ماۋزېدۇڭ ئۆز ئەسىرىدە تۆۋەندىكى ئۇيغۇر شائىرىنىڭ شېئىرىنى نەقىل كەلتۈرگەن:
A. سەۋىنچقايا. (     )
B. مازۇچاڭ. (     )
C. سەيدۇللا. (     )
25. ئاياز شكەستى يازغان ئەسەر:
A. «مەھمۇد نامە». (     )
B. «جاھاننەما». (     )
C. «سەپەرنامە». (     )
26. سەئىدىيە دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر ۋە مۇقامچى:
A. قىدىرخان يەكەندى. (     )
B. مەھمۇد جۇراس. (     )
C. مىرزا ھەيدەر. (     )
27. موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە» داستانىدا:
A. قەشقەر قوزغىلىڭى بايان قىلىنغان. (     )
B. ئىلى قوزغىلىڭى بايان قىلىنغان. (     )
C. كۇچا قوزغىلىڭى بايان قىلىنغان. (     )
28. ئامانىساخان ھەققىدە خاتىرە قالدۇرۇلغان كىتاب:
A. «جامىئۇتتەۋارىخ». (     )
B. «تارىخىي جاھان كۇشاي». (     )
C. «تارىخىي مۇسقىيۇن». (     )
29. ساباھ ئوبرازى:
A. «جاھاننەما» دىكى ئوبراز. (     )

B . «مۇھەببەتنامە ـ مېھنەتكامە» دىكى ئوبراز . (    )
C . «ئاشىقنامە» دىكى ئوبراز . (    )

تۆۋەندىكى سوئاللارنىڭ ھەر بىرىگە تۆتتىن جاۋاب بېرىلگەن. جاۋابنىڭ ئىككىسى توغرا. توغرا دەپ قارىغىنىڭىزغا «✓» بەلگىسىنى قويۇڭ:

30 . ئۇيغۇرلار ياشىغان يەرلەر تارىختا تۆۋەندىكى ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان:

A . قەشقەر ۋادىسى ـ قۇجۇ . (    )
B . تۇرپان ۋادىسى ـ سۇلى . (    )
C . خوتەن ۋادىسى ـ ئۇدۇن . (    )
D . كۇچا، ئاقسۇ ۋادىسى ـ كۇسەن . (    )

31 . «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن ئەدەبىي تۈرلەر:

A . مەسەل . (    )
B . ماقال ـ تەمسىل . (    )
C . قوشاق . (    )
D . باللادا . (    )

32 . سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەر:

A . «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» . (    )
B . «مايتىرى سىمىت» . (    )
C . «ئالتۇن يارۇق» . (    )
D . «سەككىز يۇگمەك» . (    )

تۆۋەندىكى سوئاللارغا ئۈچتىن جاۋاب بېرىلگەن. توغرا دەپ قارىغىنىڭىزغا «✓» بەلگىسىنى قويۇڭ:

33 . قەدىمكى تۈرك يېزىقى:

A . جۇڭغار يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ . (    )
B . توخار يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ . (    )
C . ئورخۇن ـ يېنسەي يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ . (    )

34 . «بەگقۇلى ھەققىدە قوشاق» :

A . Ⅳ ، Ⅴ ئەسىرلەردە شەرقىي ئۇيغۇرلار ئارىسىغا

تارقالغان. (    )
B. ليەن شىشەن تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان. (    )
C. ئامانىنساخان تەرىپىدىن مۇقام تېكىستلىرىگە كىرگۈزۈلگەن. (    )
35. نەۋائىي «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتىين» دە:
A. ئاروز ۋەزنىنىڭ قائىدىسى ھەققىدە توختالغان. (    )
B. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش قۇۋۋىتىنىڭ پارس تىلىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى ئىلمىي ھالدا ئىسپاتلىغان. (    )
C. 355 نەپەر شائىرنىڭ تەرجىمىھالىنى تونۇشتۇرغان. (    )
36. مىرزا ھەيدەر «تارىخىي رەشىدى» ناملىق ئەسىرىدە:
A. تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن ئابدۇرەشىتخان دەۋرىگىچە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ 200 يىللىق تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. (    )
B. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مۇھىم ۋەقەلەرنى بايان قىلغان. (    )
C. خوجىلار دەۋرىدىكى مۇھىم ۋەقەلەرنى بايان قىلغان. (    )
37. ئەھمەدشاھ قاراقاشى «ئات ھەققىدە مۇخەممەس» شېئىرى ئارقىلىق:
A. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ساتىرا ژانىرىنى باشلاپ بەرگەن. (    )
B. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى مۇخەممەسچىلىككە ئاساس سالغان. (    )
C. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى مەسەلچىلىككە ئاساس سالغان. (    )
38. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىي تۈرلەر:
A. تەزكىرە. (    )

B. نەققاشچىلىق. (   )

C. بىناكارلىق. (   )

39. چاغاتاي تىلىنىڭ گراماتىكىسى، فونېتىكىسى، لېكسىكىسى:

A. ئۇيغۇر تىلىدىن كەلگەن. (   )

B. مانجۇ تىلىدىن كەلگەن. (   )

C. تىبەت تىلىدىن كەلگەن. (   )

40. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تۆۋەندىكى تىللارغا تەسىر قىلغان:

A. شىبە تىلى. (   )

B. ئالتۇن ئوردا تىلى. (   )

C. داغۇر تىلى. (   )

41. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا:

A. موڭغۇل يېزىقى بارلىققا كەلگەن. (   )

B. تاجىك يېزىقى بارلىققا كەلگەن. (   )

C. زاڭزۇ يېزىقى بارلىققا كەلگەن. (   )

42. ئۇيغۇرلارنىڭ دەرەختىن ئىنسان بالىسى تۇغۇلىدۇ دېگەن ئەپسانىسى خاتىرىلەنگەن قەدىمكى كىتاب:

A. «خاتىرەئى غېرىبى». (   )

B. «كۇللىيات خەستە». (   )

C. «داۋيۈەن يادنامىلىرى». (   )

43. «بۆگۈخان رىۋايىتى» نىڭ ۋارىيانت سانى:

A. ئۈچ خىل. (   )

B. تۆت خىل. (   )

C. بەش خىل. (   )

44. قەدىمكى ئۇيغۇر ئېپوسلىرى تۆۋەندىكىچە:

A. «يۈسۈپ ئەھمەد». (   )

B. «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا». (   )

C. «سالامنامە». (   )

45. «ئوغۇزخان ئېپوسى» نىڭ نۇسخىلىرى:

A . يەتتە خىل. (    )
B . ئۈچ خىل. (    )
C . بەش خىل. (    )
46 . «مەڭگۈ تاشلار» :
A . تۈرك خانلىقى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەھسۇلى. (    )
B . خاقانىيە دەۋرىنىڭ مەھسۇلى. (    )
C . ئىدىقۇت دەۋرىنىڭ مەھسۇلى. (    )
47 . ئۇيغۇرلار تارىختا ئېتىقاد قىلغان دىنلار:
A . داۋجىياۋ دىنى. (    )
B . لاما دىنى. (    )
C . شامان دىنى. (    )
48 . ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا:
A . قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىشەنگەن. (    )
B . ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئىشەنگەن. (    )
C . ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئىشەنگەن. (    )
49 . «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» نى:
A . كۆلتېگىن يازغان. (    )
B . يوللۇغ تېگىن يازغان. (    )
C . تونيۇقۇق يازغان. (    )

تۆۋەندىكى تۆت خىل جاۋابنىڭ ئىككىسى توغرا. توغرا دەپ قارىغىنىڭىزغا «√» بەلگىسىنى قويۇڭ:

50 . ئەرشى شېئىرلىرىدا قوللانغان تىل:
A . ئەرەب تىلى. (    )
B . ئۇيغۇر تىلى. (    )
C . پارس تىلى. (    )
D . ھىندى تىلى. (    )
51 . خاراباتى شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلار:
A . پەلسەپىۋى مەزمۇن. (    )

B. زامان ناچارلىقى تەنقىدلەنگەن مەزمۇن. (   )
C. شامان دىنى ئەقىدىلىرى ھەقىقىدىكى مەزمۇن. (   )
D. مانى دىنى ئەقىدىلىرى ھەققىدىكى مەزمۇن. (   )
52. «خوتەن» سۆزىنى تەخەللۇس قىلغان شائىرلار:
A. نۆبىتى. (   )
B. ئەھمەدشاھ. (   )
C. مەھزۇنى. (   )
D. موللا نىياز. (   )
53. مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ ئەسەرلىرى:
A. «ئەدەبۇسسالىھىن». (   )
B. «زادۇل نەجات». (   )
C. «تەزكىرەئى ئەزىزان». (   )
D. «شەرھى شكەستە». (   )
54. موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئەسەرلىرى:
A. «چاڭموزا يۇسۇپخان». (   )
B. «غەزەلىيات». (   )
C. «تارىخىي ھەمىدى». (   )
D. «تارىخىي ئەمىنىيە». (   )
55. نەۋائىي دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلىدا شېئىر يازغان شائىرلار:
A. سەككاكى. (   )
B. ئاخۇن موللا كالانى. (   )
C. ئاتايى. (   )
D. زەلىلى. (   )
56. تەجەللىنىڭ ئەسەرلىرى:
A. «قارا قەسىدىسى». (   )
B. «دىۋان قىدىرى». (   )
C. «بەرقى تەجەللى ـ سەبىقى مۇجەللى». (   )
D. «كۇللىيات خاراباتى». (   )

57. «قۇتادغۇ بىلىك»:
A. 6645 بېيتلىق داستان. ( )
B. 52 مىڭ مىسرالىق داستان. ( )
C. 13 مىڭ مىسرالىق داستان. ( )
D. 13 مىڭ 290 مىسرالىق داستان. ( )

58. 870 ـ يىلى:
A. فارابى تۇغۇلغان. ( )
B. نەۋائىي ۋاپات بولغان. ( )
C. سەئىدخان ھاكىمىيەت ئىگىلىگەن. ( )
D. قوجو ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغان. ( )

59. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا:
A. ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاساسىي تېما قىلىنغان. ( )
B. خەلقپەرۋەرلىك ئاساسىي تېما قىلىنغان. ( )
C. سوپىزم مەدھىيىلەنگەن. ( )
D. تەركىدۇنياچىلىق تەشەببۇس قىلىنغان. ( )

## كۆپ خىل تاللاش سوئاللىرىنىڭ ئۆلچەملىك جاۋابلىرى:

1. (B) 2. (A) 3. (D) 4. (B) 5. (D) 6. (B) 7.
(C) 8. (D) 9. (A) 10. (C) 11. (B) 12. (A) 13. (C)
14. (A) 15. (C) 16. (C) 17. (A) 18. (C) 19. (BC)
20. (AB) 21. (AD) 22. (C) 23. (A) 24. (C) 25. (B)
26. (A) 27. (C) 28. (C) 29. (B) 30. (CD) 31. (BC)
32. (AC) 33. (C) 34. (A) 35. (B) 36. (A) 37. (A)
38. (A) 39. (A) 40. (B) 41. (A) 42. (C) 43. (A)
44. (A) 45. (A) 46. (A) 47. (C) 48. (A) 49. (B)
50. (BC) 51. (A) 52. (CD) 53. (AC) 54. (CD) 55.
(AC) 56. (AC) 57. (AD) 58. (AD) 59. (AB)

## II توغرا ـ خاتاسغا هۆكۈم قىلىش سوئاللىرى

1. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى قەدىمكى دەۋرلەردە گاۋچى ـ ئىگىز هارۋىلىقلار دەپمۇ ئاتالغان. ( )

2. ئۇيغۇر تىلى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي تىللار دەۋرى X ئەسىردىن XV ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ( )

3. ئۇيغۇرلار مەدەنىيەت تارىخىدا سانسكرت، سوغدى، خەنزۇ يېزىقلىرىنىمۇ ئىشلەتكەن. ( )

4. «گور ئوغلى» ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى پادىشاھلىرىنىڭ بىرىدۇر. ( )

5. باتۇر تەڭرىقۇت ھەققىدىكى ھېكايىلار دوسساننىڭ «موڭغۇل تارىخى» دېگەن كىتابىدا خاتىرىلەنگەن. ( )

6. «ئوغۇزنامە» دە بۇددا، مانى، زاراتۇستىر، نەستۇرىيان، شامان دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئائىت ھېچ نەرسە يوق. ( )

7. پراتيا ياشرى ئورخۇن دەۋرىدىكى شائىردۇر. ( )

8. «مۇيۇنچۇر مەڭگۇ تېشى» نى يوللۇغ تېكىن ئۆز قولى بىلەن ئويۇپ چىققان. ( )

9. يۈسۈپ خاس ھاجىپ 1069 ـ 1070 ـ يىللىرى «قۇتادغۇ بىلىك» نى قەشقەردە يېزىپ تاماملىغان. ( )

10. فارابى ھاياتىدا تەخمىنەن 160 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يازغان. ( )

11. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا 242 كۇپلېتتىن ئارتۇق شېئىر ـ قوشاق خاتىرىلەنگەن. ( )

12. نەۋائىي «دىۋان فانى» ناملىق توپلامدىكى شېئىرلارنى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ چىققان. ( )

13. ئامانىسساخان «دىۋان قېدىرى» ناملىق بىر ئەسەر يازغان. ( )

14. «نۇزۇگۇم داستانى» نى دەسلەپ موللا شاكىر يېزىپ

چىققان. (    )

15. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى قەدىمكى دەۋرلەردە «توققۇز ئوغۇز ئون ئۇيغۇر» دەپمۇ ئاتالغان. (    )

16. ئۇيغۇر تىلى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى ئالتاي تىلى دەۋرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى دەۋرلەرنى كۆرسىتىدۇ. (    )

17. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى 18 ھەرپتىن ئىبارەت. (    )

18. «ئوغۇزنامە» ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى يىرىك درامىسىدۇر. (    )

19. «ياغاچچى بىلەن رەسسام» ھېكايىسى «تارىخىي ھەمىدى» گە كىرگۈزۈلگەن. (    )

20. كۆك تەڭرى چۈشۈرگەن كۆك نۇردىن تۆرەلگەن ئاجايىپ گۈزەل قىز ئوغۇزخاننىڭ چوڭ خوتۇنى. (    )

21. ئاسىغ تۇتۇڭ موللا بىلال بىلەن زاماندىش. (    )

22. «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» نى قالىم قايشى يازغان. (    )

23. فارابى ئۆزىنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر» ناملىق ئەسىرىدە غايىۋى دۆلەت، ئادىل شاھ قارشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. (    )

24. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار سىنتاكسىسىنىڭ جەۋھەرلىرى» ناملىق بىر ئەسەر يازغان. (    )

25. «قۇتادغۇ بىلىك» 85 بابتىن تەركىب تاپقان. (    )

26. نەۋائىي 1441 ـ يىلى ماۋەرائۇننەھىردە تۇغۇلغان. (    )

27. ئامانىساخان «جاھاننامە» داستانىنى يازغان. (    )

28. «سەپەرنامە» داستانىنى زىيائىي يازغان. (    )

29. ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «خۇيخې، خۇيخۇ» دەپ ئاتالغان ئىدى. (    )

30. ئۇيغۇر تىلى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى قەدىمكى تۈركىي تىللار دەۋرى مىلادىيە IX ئەسىردىن X ئەسىرگىچە بولغان

دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (   )

31. «ئالپامىش» — قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كومېدىيىسى. (   )

32. قەدىمكى تۈرك يېزىقى ئوڭدىن سولغا، توغرىسىغا يېزىلىدۇ. ( × )

33. چاستانى ئىلىك بەگ ھەققىدىكى ھېكايىلار «ئالتۇن يارۇق» قا كىرگۈزۈلگەن. ( × )

34. «ئوغۇزنامە» نىڭ مەزمۇنىنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ. ( ✓ )

35. جىۋا تۇتۇڭ ئورخۇن دەۋرىدىكى يىرىك شائىردۇر. (   )

36. «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» نى يوللۇغ تېكىن يازغان. ( ✓ )

37. يۈسۈپ خاس ھاجىپ 1080 - يىللىرى ۋاپات بولغان. (   )

38. فارابى 870 - يىللىرى بالاساغۇنغا قاراشلىق فاراب (ئوترار) شەھىرىدە تۇغۇلغان. ( ✓ )

39. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا سۆز - ئىبارە، شېئىر - قوشاق، ماقال - تەمسىللەر ئالدى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا بېرىلىپ ئەرەبچە ئىزاھلانغان. ( ✓ )

40. نەۋائىي 1501 - يىلى سەمەرقەندتە ۋاپات بولغان. (   )

41. رەشىدخان «شۇرۇھۇل قۇلۇب» (قەلبلەر شەرھى) ناملىق رىسالىنى يازغان ئىدى. (   )

42. ئەھمەدشاھ قاراقاشى «سەپەرنامە» داستانىنى يېزىپ چىققان ئىدى. (   )

43. قارلۇق تارىخچىسى بۇيان «جىن تارىخى» نى تۈزۈشكە قاتناشقان. (   )

44. سەيدۇللانىڭ ئانا يۇرتى شىنجاڭ ئىدى. (   )

45. سەئىددىن قەشقەرى ھەققىدە «خەمسەتۇل مۇتەييەبىن» دە مەلۇمات يوق. (  )
46. «مەجالىسۇن نەفائىس» — شائىرلار تەزكىرىسىدۇر. (  )
47. نەۋائىي لۇتفىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتكۈر ۋە گۈزەل تىللىق ئەدىبى دېگەن ئىدى. (  )
48. «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتىيىن» دە ئۇيغۇر شائىرلىرى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. (  )
49. «پەرھاد ـ شىرىن» — «خەزائىنۇل مەئانى» دىكى مەشھۇر داستان. (  )
50. لۇتپۇللا مۇتەللىپ «تەسىراتىم» دېگەن شېئىرىدا نەۋائىينى ھۆرمەت بىلەن كۈيلىگەن. (  )
51. سەئىدخان «12 مۇقام» نى رەتلەشكە قاتناشقان. (  )
52. مىرزا ھەيدەر «تارىخىي رەشىدى» (زەئىلى) نىڭ ئاپتورى. (  )
53. 1501 ـ يىلى نەۋائىي ھراتتا ۋاپات بولغان. (  )
54. مىلادىيە 840 ـ يىلى ئۇيغۇرلار ئورخۇن دەريا بويلىرىدىن غەربكە قاراپ كۆچكەن ئىدى. (  )
55. كوماراجىۋا مەشھۇر ئىسلام ئۆلىماسىدۇر. (  )
56. «تۈركىي تىللار دىۋانى» — دۇنيا بويىچە تۇنجى سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق كىتابىدۇر. (  )
57. ئودغۇرمىش ئوبرازى بەخت ـ سائادەتكە سىمۋول قىلىنغان. (  )
58. قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش لازىم دېگەن قاراشنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. (  )
59. نەۋائىي «خەمسە» نى يېزىشتا ئىجادىي يول تۇتمىدى. (  )

60. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. ( ✗ )

**توغرا ـ خاتاسىغا ھۆكۈم قىلىش سوئاللىرىنىڭ ئۆلچەملىك جاۋابلىرى**

1. (✓) 2. (✓) 3. (✓) 4. (×) 5. (×) 6. (×)
7. (×) 8. (×) 9. (✓) 10. (✓) 11. (✓) 12. (×)
13. (×) 14. (×) 15. (✓) 16. (✓) 17. (✓) 18. (×)
19. (×) 20. (✓) 21. (×) 22. (×) 23. (✓) 24. (✓)
25. (✓) 26. (×) 27. (×) 28. (×) 29. (✓) 30.
(✓) 31. (×) 32. (×) 33. 34. (✓) 35. (×) 36. (×)
37. (✓) 38. (✓) 39. (✓) 40. (×) 41. (×) 42. (×)
43. (✓) 44. (✓) 45. (×) 46. (✓) 47. (✓) 48.
(×) 49. (×) 50. (✓) 51. (×) 52. (×) 53. (✓)
54. (✓) 55. (×) 56. (✓) 57. (×) 58. (✓) 59. (×)
60. (×)

**Ⅲ خاتاسىنى سىزىۋېتىپ توغرىلاش سوئاللىرى**

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ خاتا جايىنى سىزىۋېتىپ توغرىلاڭ:

1. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى Ⅸ ئەسىردىن باشلاپ داۋجياۋ دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. (ئىسلام)

2. شىنجاڭدىكى مىڭئۆيلەرنىڭ تام رەسىملىرى ئاساسەن ئىسلام دىنى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. (بۇددا)

3. ئەھمەد يەسىۋى يىرىك رېئالىستىك شائىردۇر. (سوپىستىك)

4. سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇلۇغ ئىسلام دىنى ئۆلىماسى. (قوچو)، (بۇددا)

5. «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» پارس تىلىدا يېزىلغان بۈيۈك

ئەسەردۇر. (خاقانىيە تىلى)

6. »تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئەدەبىي پارچىلارنى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن توققۇز چوڭ تۈركۈمگە بۆلۈشكە بولىدۇ. (تۆت)

7. گۈل بىلەن نەۋرۇز «شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىكى ئوبرازلاردۇر. («گۈل ۋە نەۋرۇز»)

8. راشىدىن خوجا ـ «جاھاننامە» دىكى باش قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. («زەپەرنامە»)

9. «دىۋان مەشھۇرى» نىڭ ئاپتورى موللا بىلالدۇر. (ئىبراھىم مەشھۇرى)

10. بۇددا دىنى IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەرگە كەلگەن. (ئىسلام)

11. بۇددا دىنى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. (تەرەققىي قىلدى)

12. پېرتانراكشىت ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى گېنىبرالدۇر. (قۇجۇ)، (تەرجىمان)

13. «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» — ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى بىرىنچى روماندۇر. (دىداكتىك داستان)

14. «قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى نادىر نەمۇنە بولالمايدۇ. (بولالايدۇ)

15. «گۈل» ۋە «بۇلبۇل» «شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىكى ئوبرازلاردۇر. («گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانى)

16. راشىدىن خوجا «سالاتىننامە» دىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ باش قەھرىمانى. («زەپەرنامە»)

17. «چاڭموزا يۇسۇپخان» نى نەۋائىي يازغان. (موللا بىلال)

18. نەۋائىي مەشھەدتە ۋاپات بولغان. (ھرات)

19. سەبۇرى «دىۋان مەشھۇرى» ناملىق بىر ئەسەر يازغان. (دىۋان سەبۇرى)

20. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئەسلىي توخرى يېزىقىدىن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن. (سوغدى)

21. ھونلارنىڭ ھون دەۋرىگە ئائىت ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىدىن بىزگە مەلۇملىرى «تۇرا قوشىقى» دۇر. (ھون قوشىقى)

22. «ئىككى تېكىن ھېكايىسى» بىر پارچە شېئىرىي ئەسەردۇر. (نەسرىي)

23. «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» داستانى مەزمۇن ۋە خاراكتېرى تەرىپىدىن ئېيتقاندا مۇھەببەت مەزمۇنىدىكى ئەسەردۇر. (دىداكتىك)

24. ئابدۇرېھىم نىزارى «پەرھاد ـ شېرىن» داستانى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەنقىدىي رېئالىزمغا يېڭى بىر يول ئاچتى. («رابىئە ـ سەئىدىن»)

25. مىلادىيەنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىغان. (بۇددا)

26. كى كى قۇرسا ئىچقۇ يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر مۇزىكانت. (قۇجۇ)، (شائىر)

27. تاتاتۇڭا (تاشاتۇن) چىڭگىزخان دەۋرىدە ئۆتكەن گېنېرال. (ئۇلۇغ پېداگوگ، يېزىقشۇناس)

28. راشىدىن خوجا «مەشۇقنامە» دىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ باش قەھرىمانى. (زەپەرنامە)

29. «تۈركىي تىللار دىۋانى» مەشھۇر داستاندۇر. (سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق كىتابى)

30. قۇجۇ دەۋرى شېئىرىيىتىنى ئاساسەن تەرجىمە ئەسەرلەر تەشكىل قىلىدۇ. (نەسرىي ئەسەرلىرىنى)

31. XIX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا سىمۋولىزم ئاساسىي ئېقىم بولۇپ شەكىللەندى. (تەنقىدىي رېئالىزم)

32. «ئوغۇزنامە» ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەت توغرىسىدىكى ئېپوسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. (قەھرىمانلىق)

33. ئايخان ئوغۇزخاننىڭ دادىسى ئىدى. (ئانىسى)

34. ئۇيغۇرلار ئورخۇن ـ سېلېنگا دەريا ۋادىلىرىدا ياشىغان ۋاقىتتا قوللانغان يېزىق خاقانىيە يېزىقى دەپ ئاتالدى. (ئورخۇن ـ يېنسەي)
35. «خۇئاستۇ ئانىفىت» نى بۇتۇرمۇش تارقان يازغان. (بۇتۇرمۇش تارقان «خۇئاستۇ ئانىفىت» نى يازغان)
36. «ئىرق بىتىك» ئۇيغۇرلارنىڭ تەقۋىمچىلىك ھەققىدىكى كىتابىدۇر. (پالچىلىق)
37. چىسۇيا تۇتۇڭ ئىسلام مۇھىتىدا ئۆسكەن. (بۇددا)
38. «مايتىرى سىمىت» ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىيات تارىخىدىكى يىرىك داستان. (دراما ئەسىرى)
39. «قۇتادغۇ بىلىك» 13290 مىسرادىن تەركىب تاپقان يىرىك شېئىرلار توپلىمى. (داستان)
40. مەھمۇد قەشقەرى «قەشقەر تارىخى» نىڭ ئاپتورىدۇر. («تۈركىي تىللار دىۋانى»)
41. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا 242 پارچە مەسەل بار. (كۇپلېت شېئىر ـ قوشاق بار)
42. «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» نى ئەھمەد يۈكنەكى سانسكرت تىلى بىلەن يازغان. (ئۇيغۇر تىلى)
43. «قىسەسۇل ئەنبىيا» نىڭ ۋەقەلىكتى «ئاۋسا» دىن ئېلىنغان. (تەۋرات، قۇرئان ۋە ئىنجىل)
44. ئەلىشىر نەۋائىي 1501 ـ يىلى قەشقەردە ۋاپات بولغان. (ھىراتتا)
45. «لىسانۇتتەير» نى نەۋائىي ئۇستازىدىن كۆچۈرگەن. (ئىجادىي يول تۇتۇپ يازغان ئەسەر)
46. ئابدۇرەشىتخان سوپى ۋە زاھىد كىشى ئىدى. (شائىر ۋە دۆلەت ئەربابى)
47. ئامانىسساخان سەئىدىيە خانلىقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن ھېچقانچە كۈچ قوشمىغان. (زور كۈچ قوشقان)

48. «دىۋان قېدىرى مۇقەددىمىسى» رەشىدخاننىڭ ئەسىرى. (يۈسۈپ قېدىرخاننىڭ)

49. «كۈللىيات مەسنەۋى خاراباتى» يىرىك داستانلار توپلىمى. (ئابدۇللا خاراباتىنىڭ شېئىرلار توپلىمى)

50. ئابدۇرېھىم نىزارى دەۋرى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىنى يىللارغا بۆلۈش ئۇچۇن قوللانغان ئاتالغۇ. (دەۋرلەرگە)

51. ئابدۇرېھىم نىزارى دەۋرىدە ھەمكارلىشىپ ئەسەر يازىدىغان ئادەت شەكىللەنمىگەن. (شەكىللەنگەن)

52. XIX ئەسىردە موللا توختى نىياز بىننى موللا مۇھەممەد تۆمەر قەشقەردە «تەرجىمەئى قابۇسنامە» نى تەرجىمە قىلغان. («ھېكايەتى ھۆرۈلقا»)

53. سادىقى شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر سىياسىئون. (ئالىم، ئەدىب، تارىخشۇناس، دىنىي ئەرباب)

54. قەلەندەر دېگەن شائىر قوقاندا تۇغۇلغان. (قۇندۇزدا)

55. موللا يۇنۇس يەكەندى «مۇھەببەتنامە» ناملىق چوڭ داستاننى «پەرھاد ـ شېرىن» داستانى ۋەقەلىكى ئاساسىدا ياراتقان. («يۈسۈپ ـ زۇلەيخا»)

56. ئابدۇرېھىم نىزارى ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىدا سىمۋولىزمنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈپ، شۆھرەت قازانغان شائىر. (تەنقىدىي رېئالىزم)

57. ئابدۇرېھىم نىزارى «رابىئە ـ سەئىدىن» نى فانتازىيىلىك ئۇسۇل بىلەن يېزىپ چىققان. (رېئالىستىك ئۇسۇل)

58. غېرىبى «دىۋان غېرىبى» نى تۈزمىگەن. (تۈزگەن)

59. ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئىپادىلەنگەن داستانى «پەرھاد ـ شېرىن» دۇر. («زادۇل نەجاد»)

60. زىيائىي ئەھمەد — زىيائىيىنىڭ تەخەللۇسى. (نورۇز ئاخۇننىڭ)

## Ⅳ بوش ئورۇننى تولدۇرۇش سوئاللىرى

1. بۇددا دىنى مىلادىيەنىڭ (        ) شىنجاڭغا كىرگەن. (ئالدى - كەينىدە)

2. كوماراجىۋا (        ) دە تۇغۇلغان. (كۇسەن)

3. قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى (        ) دۇر. (ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى)

4. قۇجۇ ئىدىقۇت دەۋرى شېئىرلىرى (        ) قاپىيىدە يېزىلغان. (باش، ئاياغ، ئوتتۇرا)

5. «ئالتۇن يارۇق» نى (        ) تەرجىمە قىلغان. (سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ)

6. (        ) «كالىيامقارا ۋە پاپامقارا» نىڭ تەرجىمىسىدۇر. («ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى»)

7. «مايتىرى سىمىت» نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغۇچى (        ) دۇر. (پىرتان‍راكشىت)

8. (        ) نىڭ ئاپتورى مەجدىدىن بىننى مۇھەممەد ئەدنانى دېگەن كىشىدۇر. («تۈركىستان ۋە چىن تارىخى»)

9. «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئۇچ چوڭ مۇناسىۋەتكە ۋەكىللىك قىلغۇچى (        ) نىڭ دىئالوگى ئارقىلىق ئاساسىي مەزمۇن بايان قىلىنىدۇ. (ئايتولدى، كۈنتۇغدى، ئۆگدۈلمىش ۋە ئودغۇرمىش)

10. «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا 7500 دىن ئارتۇق (        ) كىرگۈزۈلگەن. (سۆزلۈك)

11. «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ (        ) گە ئۇچرىغان. (تەسىرى)

12. «دىۋان ھېكمەت» جانلىق، ئاھاڭدار ئۇيغۇر (        ) بىلەن يېزىلغان. (تىلى)

13. «قىسسەئى رابغۇزى» ئۇيغۇر پىروزا ژانىرىنىڭ

( ) باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسەتتى. (يۇقىرى)

14. «مۇھەببەتنامە» 11 قەسىدىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ( ) يېزىلغان. (ئاشىقنىڭ تىلىدا)

15. ئۇيغۇر كلاسسىك يازما ئەدەبىياتى ( ) ئاساسىدا شەكىللەنگەن. (خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى)

16. «مايتىرى سىمىت» نى پراتيا ياشىرى ( ) دىن توخرى تىلىغا تەرجىمە قىلغان. (سانسكرت تىلى)

17. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا ( )، ( )، ( ) رول ئوينىغان. (ئالاھىدە، كۆۋرۈكلۈك، مۇھىم)

18. ئۇيغۇرلار خەنزۇچە ھۆججەتلەردە مىلادىيىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇن ( ) دەپ ئاتالغان. (دىڭلىڭ، تېلى)

19. «شىراق رىۋايىتى» ئۇيغۇر ( ) نىڭ قەدىمكى رىۋايىتىدۇر. (ساك قەبىلىلىرى)

20. «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى» ( ) نىڭ قەدىمكى يازما يادىكارلىقىدۇر. (ئۇيغۇرلار)

21. «دەدەقورقۇت» ( ) نىڭ پوۋېستىدۇر. (ئۇيغۇرلار)

22. فارابى شەرقنىڭ ( ) دەپ ئاتالغان. (ئارستوتىلى)

23. مازۇچاڭ ( ) دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەدىبىدۇر. (يۈەن)

24. «دىۋان ھېكمەت» ( ) نىڭ ئەسىرىدۇر. (ئەھمەد يەسسۋى)

25. «لەيلى ـ مەجنۇن» نەۋائىينىڭ ( ) سى ئىچىدىكى داستاندۇر. («خەمسە»)

26. ( ) مىرزا ھەيدەرنىڭ ئەسىرىدۇر. («تارىخىي رەشىدى»)

27. «دىۋان مەھزۇن» (                ) نىڭ ئەسىرى. (مەھزۇن خوتەنى)

28. «شەرھى شكەستە» (                ) نىڭ ئەسىرىدۇر. (سىيىت مۇھەممەد)

29. نازىمى (                ) نىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسىدۇر. (موللا بىلال)

30. نۆبىتى (                ) دە تۇغۇلغان. (خوتەن)

31. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى (                )، (                )، (                ) قاتارلىق ئەدەبىي تۈرلەردە ئىپادىلەنگەن. (پروزا، پوئېزىيە، دراما)

32. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ (                ) خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەردۇر. (ئەدەبىيات)

33. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى مىلادىيە V، VI، VII ئەسىرلەردە (                ) دېيىلگەن. (تېلى)

34. قەدىمكى تۈرك يېزىقى تاۋۇش ئېلېمېنتى بىلەن (                ) دىن ئىبارەت بىر خىل يېزىق. (بوغۇم ئارىلاشمىسى)

35. ئالىپ ئەرتۇڭا ھەققىدە ئەڭ قەدىمكى مەلۇمات (                ) X ئەسىرلەردىن باشلاپ كىتاب بولۇشقا باشلىغان. (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى)

36. «ھون قوشىقى» سىماچيەننىڭ (                ) دېگەن كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن. («تارىخىي خاتىرىلەر»)

37. قوجو دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار دىنىي ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماستىن، بەلكى (                ) قىممۇ يۈزلەنگەن. (دۇنياۋى ئەدەبىيات)

38. قوجو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى شېئىرلار ئاساسەن (                ) قاپىيىدە يېزىلغان. (باش، ئاياغ)

39. فارابى نەسەب جەھەتتىن ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان (                )

قارلۇق ئىتتىنىڭ گورۇھىغا تەئەللۇق ئىدى. (توققۇز ئوغۇز)
40. (          ) «قۇتادغۇ بىلىك» تە بەخت ـ سائادەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. (ئايتولدى)
41. خارازمىنىڭ «مۇھەببەتنامە» سى 11 قىسىمدىن تەشكىل تاپقان لىرىك (          ) دۇر. (داستان)
42. سەيدۇللا (          ) دە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەدىبىدۇر. (يۈەن سۇلالىسى دەۋرى)
43. لۇتفىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى مۇھىم تۆھپىسى شۇكى، ئۇ ئوتتۇرا ئەسىردە (          ) بىلەن ئەسەر يېزىشنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولغان. (ئۇيغۇر تىلى)
44. بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا ئابدۇرەشىتخاننىڭ (          )، (          ) قاتارلىق ئىككى دىۋانى بارلىقى مەلۇم. («دىۋان رەشىدى»، «غەزەلىيات رەشىدى»)
45. (          ) «گۇل ۋە بۇلبۇل» داستانى 1678 ـ يىلى قەشقەردە يېزىلغان. (سالاھىنىڭ)
46. مەشھۇرى «دىۋان مەشھۇرى» نىڭ ئاپتورى (          ) نىڭ تەخەللۇسى. (ئىبراھىم)
47. موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە» داستانىدىكى (          ) ئوبرازى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازدۇر. (ساھىدبەگ)
48. قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى بەزى يېزىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى قوللانغان (          ) دىن كەلگەن. (تامغا)
49. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا (          ) توغرۇلۇق مىلادىيە Ⅳ ئەسىرلەرنىڭ ئاخىرىدا بىر قوشاق توقۇلغان. (بەگ قۇلى)
50. «مايتىرى سىمىت» نىڭ ھازىر (          ) خىل نۇسخىسى بارلىقى مەلۇم. (ئالتە خىل)
51. (          ) «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئاقىۋەت ۋە قانائەتكە سىمۋول قىلىنغان. (ئودغۇرمىش)

52. (          ) «دىۋان ھېكمەت» نىڭ ئاپتورى. (ئەھمەد يەسسۋى)

53. رابىغۇزى «قىسسەئى رابىغۇزى» ناملىق يىرىك (          ) بىلەن تونۇلغان. (رومانى)

54. «ئىدىقۇت قۇجۇ خانلىقى تۆھپە مەڭگۇ تېشى» نى (          ) يېزىپ چىققان. (كى كى قۇرسا ئىچقۇ)

55. نەۋائىينىڭ (          ) ناملىق ئەسىرى 1499 - يىلى يېزىلغان. («مۇھاكىمەتۇل لۇغەتيىن»)

56. قېدىرخان يەكەندى (          ) نى تۈزگەندىن باشقا يەنە «ۋىسال» ناملىق بىر مۇقام ئىجاد قىلغان. («دىۋان قېدىرى»)

57. (          ) خوجا ياقۇپنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسىدۇر. (ئەرشى)

58. زىيائىينىڭ (          ) ناملىق ئەسىرى شائىر ئىجادىيىتىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. («مەھزۇنۇل ۋائىزىن»)

59. تۇردۇش ئاخۇن غېرىبىنىڭ بارلىق ئەسەرلىرى (          ) دېگەن قوليازمىغا كىرگۈزۈلگەن. («دىۋان غېرىبى»)

60. ئەھمەدشاھ قاراقاشىنىڭ (          ) ناملىق ئەسىرى بارلىقى مەلۇم. («ئات ھەققىدە مۇخەممەس»)

61. موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە» داستانىدا (          ) قوزغىلىڭىنىڭ كەڭ مەنزىرىسى نامايان قىلىنغان. (كۇچا)

62. (          ) موللا مۇسا سايرامىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەر (          ) دۇر. («تارىخىي ئەمنىيە»)

63. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇنغا ئىگە (          )، (          ) ئىدىيىسىدۇر. (ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك)

64. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا

(                ) ياكى (                ) دەپمۇ ئاتالغان.
(خۇيگۇ، خۇيخې)
65. تارىم ۋادىسى ئۇيغۇرلارنىڭ (                ) ماكانىدۇر. (ئانا)
66. قەدىمكى تۈرك يېزىقى (                ) يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. (تۈرك - رونىك)
67. «كۆچ رىۋايىتى» (                ) لارنىڭ قەدىمكى رىۋايىتىدۇر. (ئۇيغۇرلار)
68. ئالىپ ئەرتۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ (                )، (                ) دۇر. (ئېپوسىدىكى، باش قەھرىمان)
69. «تىرخىن مەڭگۇ تېشى» (                ) نىڭ قەدىمكى يازما يادىكارلىقىدۇر. (ئۇيغۇرلار)
70. «ئالتۇن يارۇق» نى (                ) دىگەن ئادەم خەنزۇ تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. (سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ)
71. نەيشىيەن (                ) دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەدىبىدۇر. (يۈەن سۇلالىسى)
72. «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» (                ) نىڭ ئەسىرىدۇر. (ئەھمەد يۈكنەكى)
73. «سەددى ئىسكەندەر» نەۋائىينىڭ (                ) سى ئىچىدىكى داستاندۇر. («خەمسە»)
74. سۇلتان سەئىدخان (                ) دەۋرىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە شائىرىدۇر. (سەئىدىيە)
75. «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» (                ) نىڭ ئەسىرىدۇر. (موللا نىياز)
76. (                ) مۇھەممەد ئابدۇللانىڭ ئەسىرىدۇر. («كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى»)
77. تۇردۇش ئاخۇن غېرىبىنىڭ (                ) ناملىق ئەسىرى بار. («دىۋان غېرىبى»)

78. ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ (                ) ناملىق داستانى XIX ئەسىردىكى رېئال ۋەقەلەرنى ئاساس قىلغان. («رابىئە - سەئىدىن»)

79. نەفىسى (                ) نىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسىدۇر. (ئامانىساخان)

80. ئۇيغۇر كلاسسىك يازما ئەدەبىياتى (          )، (          )، (          ) قاتارلىق ئۈچ تۈردە ئىپادىلىنىدۇ. (پروزا، پوئېزىيە، دراما)

81. ئۇيغۇرلار IV ئەسىردىن VIII ئەسىرگىچە بىر گۇرۇپپىسى توققۇز قەبىلىدىن، يەنە بىر گۇرۇپپىسى 10 قەبىلىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇلار (          )، (          ) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. (توققۇز ئۇيغۇر، 10 ئۇيغۇر)

82. تۈرك خانلىقى دەۋرىدىكى مەڭگۈ تاشلار (                ) يېزىقىدا پۈتۈلگەن. (قەدىمكى تۈرك)

83. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا سانسكرت ۋە (          ) يېزىقلىرىنى قوللانغان. (سوغدى)

84. «تۇمارىس رىۋايىتى» (                ) نىڭ قەدىمكى رىۋايىتىدۇر. (ئۇيغۇر ساك قەبىلىسى)

85. «ئالپامىش» (                ) لارنىڭ داستانىدۇر. (ئۇيغۇرلار)

86. «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» (                ) لارنىڭ قەدىمكى يازما يادىكارلىقىدۇر. (ئۇيغۇرلار)

87. (                ) «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئاپتورىدۇر. (مەھمۇد قەشقەرى)

88. سەۋىنچ قايا (                ) دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەدىبىدۇر. (يۈەن سۇلالىسى)

89. «تارىخىي كاشغەر» (                ) نىڭ ئەسىرىدۇر. (ئابدۇلغاپپار ئىبنى ھۈسەيىن)

90. «ھەيرەتۇل ئەبرار» (                ) ئىچىدىكى

داستاندۇر. («خەمسە»)

91. «مۇھەببەتنامە - مېھنەتكامە» (                    ) نىڭ ئەسىرىدۇر. (خىرقىتى)

92. موللا شاكىر (                    ) نىڭ ئاپتورىدۇر. («زەپەرنامە»)

93. «غازات دەرمۇلكى چىن» (                    ) نىڭ ئەسىرىدۇر. (موللا بىلال)

94. زوھۇرى (                    ) نىڭ تەخەللۇسىدۇر. (زوھۇردىن ھېكىمبەگ)

95. ئەدەبىيات تارىخىمىزدا مەيدانغا كەلگەن ئەڭ دەسلەپكى شېئىر - قوشاقلار (                    ) دا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇلارنى مەزمۇن جەھەتتىن (                    )، (                    )، (                    ) دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. («تۈركىي تىللار دىۋانى»، «ئەمگەك قوشاقلىرى»، «مۇھەببەت قوشاقلىرى»، «پەسىل - مۇراسىم قوشاقلىرى»)

96. (                    ) بىلەن (                    ) خەنزۇ تارىخ مەنبەلىرىدە ساقلىنىپ قالغان مەشھۇر ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدۇر. («هون قوشىقى»، «تېلى قوشىقى»)

97. (                    )، (                    ) سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭنىڭ ئىككى پارچە داڭلىق تەرجىمە ئەسىرىدۇر. («ئالتۇن يارۇق»، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»)

98. شائىر نەۋائىي ئۆز ۋاقتىدا (                    ) بىلەن (                    ) نى ئۇيغۇر تىلىنىڭ چېۋەر ئۇستىلىرى دەپ ماختىغان ئىدى. (سەككاكى، لۇتفى)

99. (                    )، (                    )، (                    )، (                    )، (                    ) لار چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىبلەردۇر. (جانىبېك ئوغلى ئۆگدۇلمىش، سەككاكى، رابغۇزى، خارەزمى، جامال قارشى)

100. خىرقىتىنىڭ «مۇھەببەتنامە - مېھنەتكامە» داستانىدىكى

ئاساسلىق پېرسوناژلار (              )، (              )، (              ) لاردىن ئىبارەت. (گۇل، بۇلبۇل، ساباھ)
101. (              ) شائىر نەۋائىينىڭ مەشھۇر لىرىك شېئىرلار توپلىمىدۇر. («چاھار دىۋان»)
102. (              ) نەۋائىينىڭ پارس تىلى بىلەن يازغان ئەسىرىدۇر. («دىۋان فانى»)
103. (              ) «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتىين» دە پارس تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىلمىي رەۋىشتە سېلىشتۇرۇپ باھالاپ چىقتى. (نەۋائىي)
104. نەۋائىي (              ) يىلى ھىراتتا ۋاپات بولدى. (1501 ـ يىلى)
105. فارابى (              ) يىلى فاراب شەھىرىدە تۇغۇلدى. (870 ـ يىلى)
106. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى (              ) تا يازدى. (باغدات)

## V قىسقىچە جاۋاب بېرىش سوئاللىرى

1. «تال سۇندۇرش قوشىقى» نىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى نېمە؟

جاۋاب: بۇ قوشاقتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۆزلىرىنى ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ ئۇچىدىغان قۇرغۇيغا ئوخشىتىپ، رەقىبلىرىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقى، گويا دۈشمەننى بىر توپ ئاق قۇشقاچتەك كۆرۈپ، قۇرغۇي ئاسماندا ئۇچقاندا ئاق قۇشقاچلارنىڭ ئالاقزادە بولۇشۇپ تەرەپ ـ تەرەپكە تارقىلىپ قېچىپ كېتىدىغانلىقىدەك ئەھۋالنى سىمۋول قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ قەھرىمانلىق، جاسارەتلىك روھىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

2. يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىم؟

جاۋاب: يۈسۈپ خاس ھاجىپ XI ئەسىر قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى، شائىرى، دۆلەت ئەربابى، شۇنداقلا ئېنسىكلوپېدىك داستان — «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئاپتورى.

3. قاراخانىيلار ئۇيغۇر خانلىقى قايسى دەۋردىن قايسى دەۋرگىچە داۋام قىلغان؟

جاۋاب: قاراخانىيلار ئۇيغۇر خانلىقى IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شەكىللىنىشكە باشلاپ XII ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىغىچە داۋام قىلغان.

4. «مايتىرى سىمىت» درامىسىنىڭ قىممىتى نەدە؟

جاۋاب: «مايتىرى سىمىت» 27 پەردىلىك سەھنە ئەسىرى بولۇپ، بۇنىڭدىن خېلى يىللار ئىلگىرى شىنجاڭ سەھنىلىرىدە ئوينىلىشقا باشلىغان. ھازىرقى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا ئۇ ئېلىمىزنىڭ درامىچىلىق تارىخىنى خېلى ئىلگىرىكى دەۋرگە سۈرگەنلىكى مەلۇم.

5. موللا بىلالنىڭ «چاڭموزا يۈسۈپخان» داستانىنىڭ تۈپكى ئىدىيىسى نېمە؟

جاۋاب: «چاڭموزا يۈسۈپخان» موللا بىلال نازىمىنىڭ ساتىرىك ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا چەتتىن كىرگەن ئالدامچى، كاززاپ بىر سوپىنى پاش قىلىپ ئەيىبلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق ئەينى دەۋردە شىنجاڭ رايونىدا ھەر مىللەت خەلقىنى ئالداپ، نادانلىقنى تەشۋىق قىلغۇچى رىياكار سوپىلارغا ئۆچمەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ، شۇنىڭدەك نادانلىق ئاسارىتىگە چۈشۈپ قالماسلىققا ۋە نادانلىقنىڭ قۇلى بولماسلىققا، چاڭموزا يۈسۈپخانغا ئوخشاش ئىككى يۈزلىمە مۇناپىقلاردىن ئالاھىدە ھوشيار بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

6. «بەگقۇلى ھەققىدە قوشاق» نىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى نېمە؟

جاۋاب: خەنزۇچە يىلنامە «شىمالىي خانلىقلار تارىخى ئېگىز ھارۋىلىقلار تەزكىرىسى» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا بەگقۇلى توغرۇلۇق مىلادىيە IV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بىر قوشاق توقۇلغان. بۇ قوشاقتا ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقى بەگقۇلىنىڭ جۇجان تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بەگقۇلىنىڭ ئۆز قەبىلىلىرىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە مۇقەددەس زېمىنىنى قوغداش يولىدىكى تەڭداشسىز

باتۇرلۇقى زوق ـ شوخ بىلەن مەدھىيىلەنگەن. كىشىلەرنى بەگقۇلىدەك قەھرىمان، ۋەتەنپەرۋەر، قەيسەر كىشىلەردىن بولۇشقا دەۋەت قىلىنغان.

7. مىرزا ھەيدەر كىم؟

جاۋاب: مىرزا ھەيدەر (1500 ~ 1551) سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق تارىخچى ۋە ئەدىب، دۆلەت ئەربابى، ھەربىي قوماندان. «تارىخىي رەشىدى» ناملىق يىرىك ئەسەرنىڭ ئاپتورىدۇر.

8. قايسى دەۋردىن باشلاپ قايسى دەۋرگىچە بولغان ئارىلىقنى خوجىلار دەۋرى دەپ ئاتايمىز؟

جاۋاب: خوجىلار دەۋرى 1678 ـ يىلى، يەنى ئاپپاق خوجا قورچاق ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەندىن تارتىپ 1759 ـ يىلى مانجۇ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى تىنچلاندۇرغانغىچە بولغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ.

9. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ قانداق نۇسخىلىرى بار؟

جاۋاب: «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ قاھىرە، پەرغانە ۋە ۋىينا نۇسخىلىرى بار.

10. «جاھاننەما» داستانىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى نىمە؟

جاۋاب: «جاھاننەما» داستانىدا پەلسەپىۋى نۇقتىدىن قارىغاندا كائىناتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقى ھېكايە شەكلىدە ئوبرازلىق بايان قىلىنىپ، تۇغۇلۇش بولىدىكەن، ئۆلۈش بولىدىغانلىقى، خۇشال چاغلارنىڭ ئارقىسىغا قايغۇ ـ ھەسرەت ئامىللىرىنىڭ يوشۇرۇنۇپ تۇرىدىغانلىقى، گۈللىنىش مەنزىرىسىنىڭ كەينىدە ھالاك بولۇش ۋەھىمىسى ساقلىنىدىغانلىقى، دۇنيا ئۆز ماھىيىتى بويىچە بۇ قانۇنىيەتكە زادى خىلاپلىق قىلمايدىغانلىقى، ئالەمنى، ھاياتلىقنى، خۇشاللىق ۋە گۈللىنىشنى مەڭگۇ ئۆزگەرمەس تۇرغۇن ھالەتتە دەپ چۈشىنىش تولىمۇ بىخۇدلۇق ئىكەنلىكى، ئۆتۈۋاتقىنى ۋاقىت ئەمەس، بەلكى ئۆمۈر ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن.

ئەدەبىيات ئىدىيىسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا بۇ ئەسەردە «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئادىلشاھ يېتەكچىلىك قىلغان غايىۋى دۆلەت ئىدىيىسى

داۋاملاشتۇرۇلغان.
11. چاغاتاي تىلى دېگەن نېمە؟
جاۋاب: چاغاتاي تىلى خاقانىيە ئەدەبىي تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن، XX ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغىچە كەڭ تۇردە قوللىنىلغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدۇر. ئۇ ھەرگىزمۇ چاغاتايخان ئىجاد قىلغان تىل ئەمەس.
12. «ئىدىقۇت خانلىقى تۆھپە مەڭگۇ تېشى» غا نېمىلەر خاتىرىلەنگەن؟
جاۋاب: ئەسەر تارىخىي تەزكىرە بولۇپ، ئۇنىڭدا قوچو ئىدىقۇت خانلىرىدىن بائارچۇق ئارت تېكىنىدىن تارتىپ تاكى تايىپىنو خانغىچە بولغان بىر ئەۋلاد خاقانلارنىڭ شەجەرىسى خاتىرىلەنگەن.
13. سەۋىنىچ قايا كىم؟
جاۋاب: سەۋىنىچ قايا (گوەن يۈنشى) يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن داڭلىق ئۇيغۇر نەسرىي غەزەل يازغۇچىسى، ئاتاقلىق خەتتات، ئۇستا مۇزىكانت، رەسسام، غەزەلچى، دراماتورگ، جۇملىدىن جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدىكى مەشھۇر داڭلىق شەخس.
14. «قالدىم ھەسرەت ئىچىدە» ناملىق قوشاقنىڭ مەزمۇنى نېمە؟
جاۋاب: قوشاقتا كۈچلۈك ئىنسانىي مۇھەببەت ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن؛ سۆيگەن يىگىتى ئۇرۇشقا ماڭغان چاغدا ئۆيگە تەنھا قالغاندىن كۆرە يىگىتىنىڭ ئات قامچىسى بولۇشنى ئەۋزەل كۆرگەنلىكى، شۇنداقلا مۇداپىئە قورغانلىرىنىڭ ئۈستىدە يىگىتى بىلەن ياندىشىپ تۇرۇپ دۈشمەنگە قارشى جەڭگە قاتنىشىدىغانلىقى، ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ مەردانە، ۋەتەنپەرۋەر، جەڭگىۋار خىسلەتكە ئىگە ئىكەنلىكى سۈرەتلەنگەن.
15. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى قانداق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان؟
جاۋاب: ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىپتىدائىي دىنلار (توتېم، ئەجدادلار روھى، كۆك تەڭرىسىگە چوقۇنۇش) غا ئىشەنگەن. سىنىپىي جەمئىيەتتە شامان دىنى، بۇددا

دىنى، مانى دىنى، خرىستىئان دىنى، نەستورىيان دىنى، ئاتەشپەرەسلىك دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان.

16. «هون قوشىقى» نىڭ قىسقىچە مەزمۇنى نېمە؟

جاۋاب: تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان هونلارنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى خېلى بۇرۇنلا تەرەققىي قىلغان، لېكىن بۇلاردىن هون دەۋرىگە ئائىتلىرىدىن بىزگە مەلۇم بولغانلىرى پەقەت بىر كۇپلېت قوشاقتىن ئىبارەت. بۇ قوشاقنى سىماچيەن «تارىخىي خاتىرىلەر» دېگەن كىتابىغا كىرگۈزگەن. بۇ قوشاقتا هونلار تۇرمۇشىدىكى چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىكى ئالاھىدىلىك بىلەن رېئال ئىجتىمائىي هاياتنىڭ مۇناسىۋىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، يات خەلقلەر تەرىپىدىن هونلارنىڭ گۈزەل بىر يايلىقىنىڭ تارتىۋېلىنغانلىقى ئۈكۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن سۈرەتلىنىپ، هونلار تۇرمۇشىدىكى بىر قېتىملىق پېشكەللىكنىڭ سەۋەبى مۇشۇ ئىشقا باغلاپ چۈشەندۈرۈلگەن.

17. فارابى كىم؟

جاۋاب: فارابى IX ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى، پەيلاسوپ، شائىرى ۋە شەرقنىڭ ئارستوتىلى دەپ نام ئالغان بۈيۈك ئالىمىدۇر.

18. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قايسى دەۋرلەردە قەيەردە مەيدانغا كېلىپ، قاچان هالاك بولدى؟

جاۋاب: ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى 744 ـ يىلى موڭغۇلىيىدىكى ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلۇپ، تۇرلۇك تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن 840 ـ يىلى هالاك بولدى.

19. «مۇھەببەتنامە ـ مېھنەتكامە» داستانىنىڭ تۈپكى ئىدىيىسى نېمە؟

جاۋاب: داستاننىڭ تۈپكى ئىدىيىسى شۇكى، شائىر داستاندا جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ تىرىشقاندىلا كۆزلىگەن

مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ، دېگەن ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرگەن. داستاندا ئاپتور ساباھ، گۈل، بۇلبۇل قاتارلىق سىمۋولىستىك ئوبرازلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يورۇقلۇق، ئادالەت، ئەمگەكچىلەر مۇھەببىتى، جاھالەت، زۇلۇم، زالىملارغا نەپرەت، شۇنداقلا رېئال ھاياتنىڭ بىر ـ بىرىگە زىت بولغان بۇ ئىككى تەرىپىگە قارىتا ئۆز قەلبىدىكى ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن.

20. چاشتانى ئىلىك بەگ ئوبرازىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب: باش قەھرىمان چاشتانى ئىلىك بەگ خەلق ئاممىسىنىڭ بېشىغا چۈشكەن دەھشەتلىك بالايىئاپەت ۋە كېسەللىك ئاپەتلىرىنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاپ، كېسەللىك ئۈستىدىن ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبە قىلىش ئىستىكىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ، ئۆز پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادىللىق، ئالىيجانابلىق، ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن ئىش كۆرۈش، باتۇر، ئۈمىدۋار بولۇش روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

21. «قىسسەئى رابغۇزى» نىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى نېمە؟

جاۋاب: «قىسسەئى رابغۇزى» كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئىلاھىي مۇقەددەسلىك ئىدىيىسىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، رېئال ئادەم ۋە ئۆلۈلارنىڭ ئېسىل پەزىلىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن، ياخشى ئىدىيە، ياخشى ئەخلاق ئادەم ئەخلاقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى دەپ قارىلىپ، ياخشى ۋە ئېسىل ئادىمىي پەزىلەت مەدھىيىلەنگەن، مېھنەت، ساپ ئىنسانىي مېھرى ـ مۇھەببەت ئۇلۇغلانغان. بۇ خىل ئىدىيە پەيغەمبەرلەرنىڭ پائالىيەت ۋاستىسى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن كېيىنكى دەۋرلەردە ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ ياخشى ئۆرنىكى ۋە تەشۋىق قورالى بولغان.

22. «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانىدىكى قىزىلگۈل ئوبرازىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب: قىزىلگۈل ئوبرازى — مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل بىر شەخسنىڭ سىمۋولى. ئۇنىڭدا ساداقەت، پاكلىق ئامىللىرى تولۇق بولۇپ، مۇشۇ خىسلەتلەرگە يارىشا ئەقىل بىلەن ئىش قىلىدۇ،

تۇرمۇشتا دۇچ كەلگەن تۇرلۇك قىيىنچىلىقلاردىن قورقماي، جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ھەر خىل توسالغۇلارنى يېڭىش ئۇچۇن دادىللىق بىلەن ئىزدىنىپ كۇرەش قىلىدۇ، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداشلىق بېرىپ، مېھنەتنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇنى چىن دىلىدىن سۆيىدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەت ئۇنى گۇزەل بىر ئىنسان دەرىجىسىگە كۆتۇرگەن. قىزىلگۇل ئوبرازى مېھرى ـ مۇھەببەتنى مېھنەتكە، ساداقەتكە بىرلەشتۇرۇپ قاراپ، ساداقەت ۋە ۋاپا، مۇھەببەتكە زىچ ياندىشقاندا ئاندىن ئۇ مەڭگۇلۇككە ئىگە بولىدۇ، دېگەن ئىدىيىنى ئۆزىنىڭ مۇناسىۋەت مىزانى دەپ تونۇيدۇ.

ئاپتور داستاندىكى قىزىلگۇل ئوبرازى ئارقىلىق ئاياللار ئادەم قاتارىدا ھېسابلانمايدىغان فېئودالىزم جەمئىيىتىدىكى ئاياللارنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىنى قوغداش، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۇرۇش، ۋاپا ۋە ساداقەت، نومۇس ۋە ھايا، كۆيۇمچانلىق ۋە مېھرىبانلىق… تىن ئىبارەت ئادىمىي خىسلەتلەرنىڭ ئاياللار ۋۇجۇدىدىكى رولىنى نامايان قىلماقچى بولغان.

23. «مەڭگۇ تاش» تېكىستلىرىنىڭ مەزمۇنى نېمە؟

جاۋاب: «مەڭگۇ تاش» تېكىستلىرىنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇلار شەخسلەرنىڭ پائالىيىتىدىن تارتىپ دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغىچە بېرىپ چېتىلىدۇ. بۇلارنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن يىغىنچاق ھالدا كۆرۇشكە بولىدۇ:

1) ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرنى بىرلەشتۇرۇش، خاقان قارارگاھلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، دۆلەت ۋە خاقانلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى، گۇللىنىشى ۋە ھالاكەت سەۋەبلىرى سۆزلەنگەن.

2) خاقانلىقنىڭ خاراكتېرى، سەلتەنىتى، كۇچ ـ قۇدرىتى، ئەل ئىچىدىكى ھۆكۇمەت تۇزۇلمىسى، ھەربىي ئىشلار قۇرۇلمىسى، مەنسەپ ۋە دەرىجىلەر ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىلگەن.

3) خانلارنىڭ تەختكە چىقىش سەۋەبى، ۋاقىت، خاقانلىقنى ئۆتكۇزۇۋېلىش، ئۇنىڭ قانۇنىي ئاساسى، يۇكسىلىش ۋە گۇللىنىش جەريانى بايان قىلىنغان.

4) ئورخۇن خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيە، ئۆرپ - ئادەت، ھوقۇق، سىياسىي، ئەخلاق، تىل - ئەدەبىيات، سەنئەت، قانۇن، نىزام، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ كۆپ تەرەپلىرى، ھەر خىل كۇرەش، ئىلىم - پەن جەھەتتىكى ئىزدىنىش، تۇركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى سۆزلەنگەن.

5) بۆلۈنمىچىلىك ۋە بۆلۈنۈشنىڭ تولىدۇرغۇسىز يامان ئاقىۋىتى، دۈشمەنلەرنىڭ سوۋغىلىرى ۋە يالغان - ياۋىداق سۆزلىرىگە ئىشىنىشنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتى سۆزلەنگەن، تارىخىي ئاچچىق ساۋاق يەكۈنلەنگەن.

24. بىلگە تۇنيۇقۇق كىم؟

جاۋاب: بىلگە تۇنيۇقۇق كۆك تۇرك خانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە قاپاغان قاغان قاتارلىقلارغا باش ۋەزىر بولغان، بۆلۈنۈپ، پارچىلىنىپ كەتكەن دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدا ھاياتى بىلەن ھېسابلاشماي قان كېچىپ كۇرەش قىلغان باتۇر سەركەردە ۋە مەشھۇر ئەدىب.

25. «ئوغۇزنامە» داستانىدىكى ئوغۇزخان ئوبرازى قانداق ئوبراز؟

جاۋاب: ئوغۇزخان «ئوغۇزنامە» دىكى باش قەھرىمان. ئېپوستىكى پۈتۈن ۋەقەلىك ئوغۇز ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. ئوغۇزخان يېرىم ئادەملىك، يېرىم ئىلاھىيلاشقان خۇسۇسىيەت ھەم رېئال ئامىللار ھەم غايىۋى ئامىللار بىرلەشتۈرۈلگەن ئوبراز بولۇپ، قەدىمكى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدى ئۇنىڭدا مۇجەسسەملەنگەن.

ئوغۇز ئوبرازىدا يۇقىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك ھەرىكەت - قىلىقلار بىلەن ئۇلۇغ خاقانلاردىكى سالاپەت، ئادىللىق، دانالىق، يىراقنى كۆرەرلىك، داڭدار قوماندانلاردىكى پەم - پاراسەت، باتۇرلۇق قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر تەبىئىي ھالدا جىپسىلىشىپ ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭدا قەھرىمانلىق، خەلقپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك ۋە تىنچلىق سۆيەرلىك قاتارلىق ئىلغار خاھىش گەۋدىلەنگەن.

26. تۇڭا ئالىپ ئەر ئوبرازى ھەققىدە سۆزلەڭ؟

جاۋاب: تۇڭا ئالىپ ئەر (ئافراسياپ) ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن قەھرىمان خاقانلىرىنىڭ بىرى. ئۇ، ئۆز خەلقىنىڭ تىنچلىقى، بەخت ـ سائادىتى، ئۆز ئېلىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر پىداكارلىق كۆرسەتكەن، كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە ئەقىل ـ پاراستىنى ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىگە سەرپ قىلغان. ئۇ، تەرەققىيپەرۋەرلىك يولىنى تۇتقان، ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىگە تولۇق ۋەكىللىك قىلغاچقا خەلق ئۇنى ھىمايە قىلغان. ئەقىللىق، باتۇرلۇق، تەرەققىيپەرۋەرلىك، تىنچلىق سۆيەرلىك خاراكتېرى ئافراسياپنى مىللىي قىزغىنلىقنىڭ نىشانىسى، خەلق مەنپەئىتىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ تونۇتقان. ئۇنىڭ شانلىق تۆھپىسى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا تارقىلىش جەريانىدا تېخىمۇ مۇبالىغىلەشتۈرۈلۈپ، جەزبىدارلىشىپ، تىللاردا داستانغا ئايلانغان ۋە قەھرىمانلىق ئېپوسىدا جانلىق، تىپىك، ھەيۋەتلىك ئوبراز سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلگەن.

ئافراسىياپ زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تارىخىي شەخس كاتېگورىيىسىدىن ھالقىپ، نۇرغۇن تارىخىي شەخسلەرنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەپ، زامان ۋە ماكاننىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى مۇكەممەل تىپ بولۇپ شەكىللەنگەن.

27. ئۇيغۇر نامى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ھەققىدە چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب: ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرۇلۇق تارىخىي كىتابلاردا تۆت خىل ۋارىيانتلىق رىۋايەت خاتىرىلەنگەن. ئۇيغۇر ئاتالغۇسىدىن ئىبارەت بۇ سۆز ھەققىدىكى رىۋايەتلەر بىر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىككى چوڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنى — چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق، شەھەر ھاياتىنى ھەم مۇشۇ ئىجتىمائىي باسقۇچلاردا ياشىغان كىشىلەرنىڭ ئارزۇسى، روھىي قىياپىتى، ھەرىكەت پائالىيىتىنى ئاددىي، ئەمما ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك نۇقتىدىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. شۇڭا بۇ رىۋايەتلەر

دەۋردىن دەۋرگە ئۆتۈپ، خەلقنى ئىلھاملاندۇرۇش، پەخىرلەندۇرۇش رولىنى ئويناپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ كەلگەن.

28. «شۇ قاغان ھەققىدىكى رىۋايەت» توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىز؟

جاۋاب: بۇ رىۋايەت مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەن. بۇ رىۋايەتتە ئۇيغۇر خانى شۇنىڭ پەم ـ پاراستى، ھەربىي ستراتېگىيىسى، ئەل ـ يۇرت سۆيەرلىكى، خەلق ئوغلانلىرىنىڭ چېۋەرلىك، باتۇرلۇقى بىلەن قوشۇلۇپ، جانلىق كۆرۈنۈش ھاسىل قىلغان. بۇ كۆرۈنۈش مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ئويلايدىغان ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسىنى ئىلھاملاندۇرۇپ، قەھرىمانلىق روھىنى ئۇرغۇتۇشتىكى بىر خىل ھەرىكەتلەندۇرگۈچ مەنىۋى كۈچ سۈپىتىدە تارىختا يادنامە بولۇپ ئويۇلۇپ كەتكەن.

29. بۇددىزم مىڭئۆي تام رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنى نېمە؟

جاۋاب: شىنجاڭدىكى بۇددىزم مىڭئۆي تام رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنى خىلمۇخىل كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى دېگۈدەك ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدە «يارالمىش قىسسىسى» رەسىملىرى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. «يارالمىش قىسسىسى» ئومۇمەن ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ يارىلىش ھەققىدىكى ھېكايە ياكى قىسسىلەردىن ئىبارەت.

30. كۈسەن ـ كېنگىت يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر توغرىسىدا سۆزلەڭ؟

جاۋاب: كۈسەن ـ كېنگىت يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر — دىنىي ئەسەرلەر، ئىجتىمائىي مەزمۇندىكى ئەسەرلەر ۋە تەرجىمە ئەسەرلەردۇر.

1) دىنىي مەزمۇندىكى ھېكايىلار ۋە خەلق رىۋايەتلىرى «ياغاچچى بىلەن رەسسام»، «رەسسام ھېكايىسى»، «بېلىقچى ھېكايىسى»، «خارماپادا سۇترىسى»، «بۇددا كارىتاكاۋىيا سۇترىسى»

قاتارلىقلار.

2) ئەدەبىي ئەسەرلەر «مايتىرى سىمىت»، «ناندا ھەققىدىكى دراما» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى؛ «شېئىرىي ھېكمەتلەر توپلىمى» قاتارلىقلار.

3) تىل ـ لۇغەتلەرگە ئائىت ئەسەرلەر «سانسكرىتچە ـ كۇسەنچە سۆزلۈك»، «كۇسەنچە ـ ئۇيغۇرچە سۆزلۈك» قاتارلىقلار.

4) تەرجىمە ئەسەرلەر «رامايانا» دىكى راماغا ئائىت بىرقانچە ھېكايىنىڭ كېنگىت تىلىدىكى نۇسخىسى قاتارلىقلار.

31. ئورخۇن دەۋرى ئەدەبىياتى تەرەققىياتى قانداق؟

جاۋاب: ئۇيغۇرلار تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى مەزگىلىدە ئومۇمىيۈزلۈك يېزىق ئىشلەتتى. بۇ يېزىق تۈرك يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى دەپ ئاتالدى. بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنى ۋاستە قىلغان ھالدا تەرەققىي قىلدى. مەڭگۈ تاشلار ئەدەبىياتى ئەنئەنىسى بارلىققا كەلدى. بۇ پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتى ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنى ۋاستە قىلغان ھالدا بىر پۈتۈن ئەدەبىياتقا ئايلىنىشىنىڭ جانلىق سىگنالى بولۇپ قالدى. بۇ دەۋردە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە تەرجىمە ئەدەبىيات (دىنىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش) مۇ تەرەققىي قىلدى.

32. مەڭگۈ تاشلار ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنى ھەققىدە چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب: ئۇيغۇرلار تۈرك خاقانلىقى ۋە ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ئەدەبىياتىنى ھەر خىل شەكىلدىكى تاشلارغا ئويۇپ خاتىرىلەپ قويغان ھەم ئۇلارنى ئۆز ۋاقتىدىلا «مەڭگۈ تاش» لار دەپ ئاتىغان. مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى دېگەندە مانا مۇشۇلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

«مەڭگۈ تاش» لار ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى بولۇپ سانىلىدۇ. «مەڭگۈ تاش» لار سان جەھەتتىن كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار قەدىمكى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ بىر پۈتۈن قىياپىتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنى ئاساس قىلغان يازما

ئەدەبىياتىنىڭ رەسمىي شەكىللىنىشكە باشلىغانلىقىنى ئېنىق پاكىتلار بىلەن تەمىن ئېتىپ تۇرىدۇ.

33. بىلگە قاغان كىم؟

جاۋاب: بىلگە قاغان (684 ـ 734) ئىسمى بۆگۈ بولۇپ، ئاشىنا قەبىلىسىدىن. ئۇ، تۈرك شاھزادىسى ۋە خاقانى بولۇپ، 716 ـ يىلىدىن تارتىپ 734 ـ يىلىغىچە خانلىق سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان.

بىلگە قاغان ھايات چېغىدا ئاغزاكى ئېيتىپ قالدۇرغان ئۆمۈر بايانى خاتىرىگە ئويۇلۇپ، ھەيۋەتلىك «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» مەيدانغا كەلگەن ۋە ئۇنىڭ قەبرىسى ئالدىغا ئورنىتىلغان.

34. «مەڭگۈ تاش» لارنىڭ تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ھەققىدە سۆزلەڭ؟

جاۋاب: «مەڭگۈ تاش» لاردا ئىشلىتىلگەن تىل قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىشلەتكەن ئورتاق تىل بولۇپ، ئۇلار ئېنىق، جانلىق، ئۇقۇشلۇق، بەلگىلىك گراماتىكىلىق قائىدىلەر ئاساسىدا بىرىكتۈرۈلگەن. «مەڭگۈ تاش» لار تىلى قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئۇرۇق قەبىلىلەر ئارىسىدا مەۋجۇت بولغان شېۋە پەرقلىرىنى ئازايتىپ، ئورتاق مىللىي تىل بەرپا قىلىش دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

35. بۆگۈخان رىۋايەتلىرىنىڭ تارىخىي ئورنى ھەققىدە چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب: بۆگۈخان رىۋايەتلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىكى نادىر ئەسەرلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن بىر تارىخىي جەريانى، ئىجتىمائىي كۆز قاراشلىرى ئوبرازلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ رىۋايەتلەر رىۋايەت، ئىپتىدائىي ئېپوسلۇق ئامىللىرىنى ھازىرلاپ، قەھرىمانلىق داستانلىرىغا قاراپ تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تارىخىي رىۋايەت شەكلىدىلا توختاپ قېلىشقا مەجبۇر بولغان، ئەمما ئۇنىڭ بەدىئىي ۋە ئېستېتىك قىممىتىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. ئۇ،

بۇ جەھەتتە بەزى تارىخىي قەھرىمانلىق داستانلىرى بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدۇ.

36. «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى كۈنتۇغدى ئوبرازى ھەققىدە سۆزلەڭ؟

جاۋاب: كۈنتۇغدى — «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى باش قەھرىمان، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەدەبىي يول بىلەن تەسۋىرلىگەن غايىۋى دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانى، دانا، ئادىل، مېھرىبان، قابىل خاقاننىڭ سىمۋولى، پۈتۈن ئۆمرىنى ئەل - يۇرتنى گۈللەندۈرۈش ئىشىغا بېغىشلىغان، ئەل - يۇرتنى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش ئۈچۈن بارلىق پايدىلىق ئامىللارنى ئىشقا سېلىشقا بەك ئەھمىيەت بېرىدىغان شەخس، شۇنداقلا قانۇن بىلەن ئەلنى ئىدارە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ھەممە ئادەم قانۇن ئالدىدا باراۋەر دەپ قارايدىغان، مەملىكەتتىكى ھەممە ئادەمگە ئوخشاش مۇئامىلىدە بولىدىغان، يۇرت - جامائەتنىڭ دانا، ئادىل، مېھرىبان، قابىل ھۆكۈمرانىنىڭ بولۇشىنىڭ مۇتلەق زۆرۈرلۈكىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىسپاتلىغان بەدىئىي ۋە غايىۋى ئوبراز.

37. «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى ئودغۇرمىش ئوبرازى ھەققىدە سۆزلەڭ؟

جاۋاب: ئودغۇرمىش — داستاندا ئاقىۋەت ۋە قانائەتنىڭ سىمۋولى ئۈستىدە تەسۋىرلەنگەن، ئاپتور تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمى بىلەن ياراتقان ئادالەتلىك غايىۋى دۆلەتتىكى بىر غاردا ئىستىقامەت قىلىدىغان زاھىت، ناھايىتى مۇرەككەپ يارىتىلغان بەدىئىي ئوبراز. ئۇ، بۇ دۇنيانى پەقەت بىر قونالغۇ، كىشى ئۈچۈن ئازغىنە يېمەكلىك بىلەن بەدەننى ياپقۇدەك بىر پارچە يېپىنچا، ئۆلگەندە گۆرلۈككە كېتىدىغان بىر مېتىر يەر بولسىلا كۇپايە، باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ئاۋارىچىلىك دەپ قاراپ، ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن پۈتۈنلەي قول ئۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن جەمئىيەتنىڭ يۈزلىنىشىگە، يۇرتداشلىرىنىڭ تەقدىرىگە، كېچە - كۈندۈز دىققەت قىلىپ تۇرىدىغان، ئويغاق، سەگەك دانىشمەن، پەيلاسوپ، جۈملىدىن چوڭ

ئالىم. ئۇ ئەل ـ يۇرتىنىڭ يېتەكچىلىرىگە ئەلنى باشقۇرۇشقا دائىر بىرمۇنچە ياخشى مەسلىھەتلەرنى بېرىشنىمۇ ۋىجدانىي بۇرچى دەپ تونۇيدىغان، ئىلغارلىق ئامىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەدىئىي ئوبراز.

38. جانىبەگ كىم؟

جاۋاب: جانىبەگ (1180 ~ 1270) ئۆگدۇلمىش ئوغلى، ئۇ، قاراخانىيلار سۇلالىسىغا تەۋە ئىسسىق كۆل بويىدا تۇغۇلغان، 15 يېشىدا موڭغۇل قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنغان، كېيىن چىڭگىزخان تەرىپىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا مەخپىي خىزمەت ئىشلەشكە ئەۋەتىلگەن، 1215 ـ يىللىرى موڭغۇل ئوردىسىغا قايتىپ كەتكەن، شۇنداق قىلىپ جانىبەگ ئوغلى ئۆگدۇلمىش چىڭگىزخان (1162 ~ 1227)، جوجىخان (1177 ~ 1225) ۋە باتۇخان (1209 ~ 1256) لارغا ئەگىشىپ جەڭ قىلغان ۋە نۇرغۇن قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن.

جانىبەگ ئۆزىنىڭ كىتابىي بىلىمى ۋە كەچۈرمىشلىرىگە ئاساسەن ئۆمرىنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا «جانىبەگنىڭ كەچۈرمىشلىرى» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ چىققان.

39. يۇسۇپ سەككاكى كىم؟

جاۋاب: يۇسۇپ سەككاكى چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن تونۇلغان زىيالى ۋە دۆلەت ئەربابى، يەنى ئاتاقلىق فىلولوگ. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى سىراجىدىن ئەبۇياقۇپ يۇسۇپ ئىبنى ئابابەكرى ئەلخارەزمى سەككاكى بولۇپ، 1160 ~ 1228 ـ يىللىرى ئالمىلىق شەھىرىدە ياشاپ، ئىجادىي پائالىيەت ۋە سىياسىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغان. مەلۇماتلارغا قارىغاندا يۇسۇپ سەككاكى ئۆز دەۋرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغان ئۆلىمالاردىن بولغان. ئۇ، تۈركىي تىل ـ يېزىقى ۋە ئەرەب تىلىغا پۇختا بولۇپ، ئەدەبىيات ۋە سىياسىيغا كامىل ئىدى. سەككاكىنىڭ «مەتلىئىلئۇلۇم» ناملىق بىر ئەسىرىنىڭ بارلىقى مەلۇم.

40. مەۋلانە ئەبەيدۇللا لۇتفى لىرىكىلىرىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى نېمە؟

جاۋاب: لۇتفى لىرىكىلىرى ئەينى دەۋرنىڭ بەدىئىي ئىپادە قىلىنىشى سۇپىتى بىلەن شائىر ئىدىيىسىنى بىزگە يەتكۈزگۈچى ماتېرىيال بولالايدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

(1) ئادالەتنى ئارزۇ قىلىش. شائىر بۇ خىل ئىدىيىسىنى پادىشاھ شاھرۇققا بېغىشلانغان قەسىدىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. (2) چىن سۆيگۈ - مۇھەببەتنى كۈيلەش. (3) خەلقچىللىق ئىدىيىسىنى ئىزھار قىلىش. (4) ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئىپادىلەش.

لۇتفى ئۆزىنىڭ كۆڭلى چۈشكەن يارىنى تەڭداشسىز گۈزەل قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يارىنى ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتىنىڭ كىشىسى دەپ بىلگىنىدە چەكسىز ئىپتىخارلىنىدۇ، بۇ يەردە شائىرنىڭ ئېستېتىك قارىشىدا تەبىئىي گۈزەللىكتىن ئىجتىمائىي گۈزەللىكنىڭ ئۇستۇن ئورۇنغا ئۆتكەنلىكى بىلىنىدۇ. لۇتفى لىرىكىلىرىدا «چىنى تۈركستان» (شىنجاڭ)، «خوتەن» ئاتالمىلىرى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تىلغا ئېلىنىپ ۋە ئۇلار شائىر تەلپۈنگەن گۈزەل يارنىڭ يۇرتى سۈپىتىدە نەزمىگە قېتىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ روشەن ئىپادىسى سۈپىتىدە كۆرسىتىلىدۇ.

41. نەۋائىينىڭ «سەددى ئىسكەندەر» داستانىنىڭ قىسقىچە ئىدىيىۋى مەزمۇنى نېمە؟

جاۋاب: داستاندىكى باش قەھرىمان ئىسكەندەر مىلادىيەدىن بۇرۇن 356 - يىلىدىن 323 - يىلىغىچە ھايات كەچۈرگەن، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 336 - يىلىدىن 323 - يىلىغىچە بولغان 13 يىللىق پادىشاھلىق ھاياتىدا ئۆز دۆلىتىنى مىسلىسىز قۇدرەت تاپقۇزۇپ، نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايونلارنى ئىستېلا قىلغان، ئىسكەندەرگە دائىر رىۋايەتلەر دۇنيانىڭ جاي - جايلىرىغا تارقالغان.

نەۋائىي ئىسكەندەر تېماتىكىسى ئارقىلىق ئەينى زاماننىڭ دۇنياۋى ۋە مەھەللىي رېئال ئىجتىمائىي ھاياتىغا نىسبەتەن ئۆتكۈر تەنقىد ۋە ئىنقىلابىي ئىسلاھات پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۇنىڭ قەلىمى بىلەن تىزىلغان مىسرالار تارىختا كۆرۈلمىگەن ۋە ئەينى زامان شارائىتىدىمۇ بولۇشى مۇمكىن بولمىغان ئالەمشۇمۇل ئىنقىلابىي ئۆزگەرتىشنىڭ غايىۋى تەسۋىرىدىن ئىبارەت. نەۋائىي نوقۇل تۆمۈرىيلەر ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى پارچىلىنىپ كېتىۋاتقان ھاكىمىيەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە بىر قەدەر تەرەققىيپەرۋەر، مەركەزلەشكەن پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ئورنىتىش بىلەن چەكلەنمىگەن.

42. «خەمسە نەۋائىي» نىڭ تارىخىي ئورنى ھەققىدە سۆزلەڭ؟

جاۋاب: «خەمسە نەۋائىي» غا كىرگۈزۈلگەن بەش داستان ئۆتمۈش ئەدىبلىرى، ئادالەت ۋە تىنچلىققا تەلپۈنگەن ئەمگەكچىلەر ۋە باشقا تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنى قانچىلىك ئۆزىگە تارتقان بولسا، ھازىرقى زامان ئەدىبلىرى ئۈچۈن ھەم بەدىئىي دىت ۋە تەسەۋۋۇرنى تاللاشقا ياردىمى چوڭ بولغان ئىجادىيەت ئۆرنىكى. ئۇنىڭدىن كىشىلەر نۇرغۇن مەنىۋى زوق ئالالايدۇ.

شائىرنىڭ «پەرھاد ـ شىرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «سەبئەئى سەييارە» دېگەن بۇ ئۈچ داستانى ئومۇمىيلىق جەھەتتە ئىشق ـ مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى ئايرىم ـ ئايرىم كۆزەتكەندە ئۇلاردا ئىشق ـ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى ئوخشاشمىغان يول بىلەن ئىپادىلەنگەن. مەسىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، ۋەقەلىك راۋاجى ۋە داستان يېشىملىرى پۈتۈنلەي ئۆزگىچە بولغان.

43. لۇتفىينىڭ «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانىدىكى گۇل ئوبرازى ھەققىدە سۆزلەڭ؟

جاۋاب: گۇل — پەرخار دۆلىتىنىڭ مەلىكىسى، لاتاپەتلىك، ۋاپادار، جىگەرلىك ۋە ئەقىللىق قىز. ئۇ، ئۆزىنىڭ گۈزەل جامالى بىلەن نەۋرۇزنىڭ چۈشىدە ئايان بولىدۇ ۋە ئىشىق سەۋداسىنىڭ ئوتىنى ئۇنىڭغا تۇتاشتۇرىدۇ. ئاشىقى نەۋرۇزنىڭ مۇھەببىتىنى ئۆزى ئۈچۈن غەيرىي ھېسسىيات ئالامىتى دەپ ئەمەس، بەلكى تەبىئىي ۋە بولۇشقا تېگىشلىك ئىنسانىي ھېسسىيات دەپ بىلگەن گۇل ۋىسال

پەيتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ئۇ، بۇ يولدا ھەتتا قولىغا قورال ئېلىپ، ئۇرۇش مەيدانلىرىغا كىرىپ جاسارىتىنى نامايان قىلىدۇ. گۈل خاراكتېرىدىكى بۇ خىل ئالاھىدە دېتاللار، يەنى ئەقلىي جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى جىسمانىي جەھەتتىكى باتۇرلۇق، قايتماس ئىرادىلىك روھ، ئۇنىڭ ئوبرازىغا چېكىلگەن رەڭدار نەقىش بولغان.

44. مەۋلانە ئاتايى كىم؟

جاۋاب: مەۋلانە ئاتايى XV ئەسىردە تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە ياشىغان لىرىك شائىر. ئاتايى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا شېئىرىي ئەسەرلەرنى يازغان. شائىر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولسىمۇ، لېكىن رېئال بەخت ئۈچۈن كۈرەشكۈچى، ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ كۈيلىگۈچىسى ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارى بولۇپ ياشىغان. ئاتايى شېئىرىيەتنىڭ غەزەلچىلىك ژانىرىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىپ، ئۆز دەۋرىدە شۆھرەت قازانغان. ئۇنىڭ «دىۋان ئاتايى» ناملىق بىر توپلىمى بار.

45. «سازلار مۇنازىرىسى» دە نېمىلەر تەسۋىرلەنگەن؟

جاۋاب: «سازلار مۇنازىرىسى» شائىر ئەھمىدىنىڭ ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىر تەمبۇر، ئۇد، چاڭ، قوبۇز، راۋاب قاتارلىق چالغۇ ـ ئەسۋابلارنى ئۆزئارا مۇنازىرىگە سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغان تۈرلۈك سىنىپ، تەبىقىلەرنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازىنى يارىتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئوخشاشمىغان كۆز ـ قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، مىجەز ـ خۇلقىنى سۈرەتلەيدۇ، ئاخىرىدا يورۇقلۇقنىڭ زۇلمەتنى قوغلىغانلىقىغا تەنتەنە قىلىدۇ.

46. «مەجالىسۇن نەفائىس» قانداق ئەسەر؟

جاۋاب: نەۋائىي خەلقىنىڭ ئەدەبىيات خەزىنىسىنى مۇھاپىزەت قىلىش، راۋاجلاندۇرۇش، ئەۋلادلارغا يادىكار قالدۇرۇش، جۈملىدىن ئەدەبىياتشۇناسلىق ئىلمىنى راۋاجلاندۇرۇش مەقسىتىدە 1491 ـ يىلى بۇ ئەسەرنى يېزىپ چىققان.

بۇ ئەسەردە شائىردىن بۇرۇن ۋە زامانداش ئۆتكەن 459

ئەتراپىدىكى مۇسەننىپلەر (ئاپتورلار) نىڭ ھاياتى، ئىجادىيىتى تونۇشتۇرۇلغان. بۇ ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان ئاپتورلاردىن 30 دىن ئارتۇق كىشى ئۇيغۇر، تۈركىي تىلىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغانلاردىن ئىبارەت.

47. خوجىلار دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەدىبلەرنىڭ خاھىشچانلىقى توغرىسىدا سۆزلەڭ؟

جاۋاب: بۇ دەۋردە ئەدىبلەر ئىدىيىسىدە خاھىشچانلىق كەسكىن تۈس ئالدى، سىنىپىي مەۋقە كۆز قارىشى كونكرېتلاشتى، ھۆكۈمران سىنىپ ئەدەبىياتى بىلەن ئەمگەكچى خەلق ئەدەبىياتىدا روشەن ئالاھىدىلىكلەر كۆرۈلدى. مەسىلەن، زەلىلىي شېئىرلىرى مېھنەتكەشلەر ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلدى. ئەرشى فېئودال تەبىقىگە مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن ئۆز شېئىرلىرىدا ھەمىشە مېھنەتكەشلەرگە ماھىللىقىنى بىلدۈردى. ئەمما، بۇنى ئەمەلدە تولۇق كۆرسىتەلمىدى.

48. خىرقىتىنىڭ «مۇھەببەتنامە ــ مېھنەتكامە» داستانىدىكى ساباھ ئوبرازى قانداق ئوبراز؟

جاۋاب: ساباھ ئوبرازى كۆپنى كۆرگەن، نۇرغۇن ئىسسىق ــ سوغۇقلارنى باشتىن كەچۈرگەن، ياخشى ــ يامانلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان ئوبراز. ئۇ، ئۆزىنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئەمگەكتىن ياتسىنىپ، يىرگەنگەن شەخسلەرنى مەسخىرە قىلىدۇ.

ساباھ ئىدىيىۋى جەھەتتە ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي ئوي ــ پىكرىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان ئاڭغا ئىگە شەخس بولغاچقا، بۇلبۇلنىڭ ئىشق ــ مۇھەببىتىنى قىزىلگۈلگە ئېلىپ كېلىپ ئۇلاپ، ئۆزىنىڭ بىر دوستلۇق ئەلچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ساباھ ئوبرازىدا ئادىمگەرچىلىك، ۋاپادارلىق، ئەمگەك سۆيەرلىك ۋە دوستلۇق خاراكتېرى جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ.

49. نۆبىتىنىڭ «رەۋزىگە مانەند خىيال ئەت خوتەننى» دېگەن غەزىلىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى نېمە؟

جاۋاب: شائىر بۇ غەزىلىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى كۈچەپ

تەرغىب قىلغان. ئۇ، غەزەلنىڭ باشلانمىسىدا يۇرتداشلىرىنى ئۆز يۇرتى بولغان خوتەننى ئەۋزەل بىلىشكە دالالەت قىلسا، شېئىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ باشلامچىسى ئىكەنلىكىدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شېئىردا شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى دوستلىرىنى دالالەت قىلىشى، ئۆزىنى نامايەندە سۈپىتىدە كۆرسىتىشى بىلەن چەكلەنمەي، بەلكى ۋەتەندىن يىراق ئۆزگەنلەرگە جەڭ ئېلان قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇ. بۇ ئارقىلىق نۆبىتىنىڭ ئوتلۇق ھېسسىياتى يۇقىرى پەللىگە يېتىدۇ.

50. ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىئە ـ سەئىدىن» داستانىدىكى رابىئە ئوبرازى قانداق ئوبراز؟

جاۋاب: رابىئە داستاندىكى باش قەھرىمان، ئۇ ئۆز خاراكتېرى ۋە پەزىلەتلىرى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. رابىئە فېئودالىزمنىڭ روھىي ئىسكەنجىسىگە قارشى ئورنىدىن دەس تۇرغان، ئۆز سۆيگۈسىگە سادىق، ئىرادىلىك قىز. ئۇ، جۇشقۇنلۇقى، ئىسيانكارلىقى، ئىشچان، كەمتەرلىكى، ئاق كۆڭۈل، راستچىللىقى بىلەن ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە.

ئاپتور رابىئە ئوبرازى ئارقىلىق مۇستەھكەم، ئىرادىلىك، پاك سۆيگۈگە ساداقەتمەن، ئەھدىگە ۋاپادار ئايال خاراكتېرىنى تەسۋىرلەش بىلەن ئىنسان ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى يارىتىش كېرەك دېگەن ئىدىيىنى ئالغا سۈردى.

## VI بايان قىلىش سوئاللىرى

1. ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرە توتېم ھەققىدىكى ئەپسانىلىرى توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىز؟

جاۋاب: ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرە تۇتېم توغرىسىدىكى ئەپسانىلىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە بارلىققا كەلگەن. بۇنداق ئەپسانىلەرنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇچە تارىخ مەنبەلىرىگە خاتىرىلەنگەن. بىرقىسمى بولسا، تۈركىي خەلقلەر ئاغزاكى ئىجادىيىتىدە ساقلىنىپ قالغان،

بىرقىسىملىرى بولسا باشقا چەت ئەل مەنبەلىرىدە ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا تارقالغان ئەپسانىلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى دۇنيانىڭ يارىلىشى، ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى، شۇنداقلا تەبىئەتتىكى ھەر خىل شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەردە ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادىنى بۆرە دەپ قارايدىغان ئەپسانە ئەڭ كۆپ تارقالغان ۋە تەسىرىمۇ چوڭقۇر بولغان. بۇنداق ئەپسانىلەر تۈرك مەنبەلىرىدە بولۇپ، ئۇن نەچچىگە يېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە «ئاشىنا» ناملىق چىشى بۆرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۆزلىرىگە «ئەجداد موما» قىلغانلىقى ھەممىدىن گەۋدىلىك تەسۋىرلىنىدۇ. مەسىلەن، «جۇسالنامىسى تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، تۈركلەر قوشنا ئەلدىن مەغلۇپ بولۇپ، پەقەت 10 ياشلىق بىر ئوغۇل بالا ئامان قالغان. ئۇ بىر چىشى بۆرە بىلەن بىرگە بولغان، بۆرە قورساق كۆتۈرۈپ قالغان، غالىب كەلگەن ئەلدىكىلەر بالىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندە بۆرە تۇرپاننىڭ شىمالىدىكى بىر تاغقا قېچىپ بېرىۋېلىپ، 10 بالا تۇغقان، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ فامىلىسى ئاشىنا بولۇپ، ئۇنىڭ ئەۋلادى كۆپىيىپ تۈركىي خەلقلەر شەكىللەنگەن، دېگەنگە ئوخشاش.

ھايۋاندىن ئادەم بالىسى تۆرىلىشى مۇمكىن بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ساددا تەپەككۇرى بولۇپ، بىزنى تەتقىقات ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

2. «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى كۇنتۇغدى ئوبرازىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب: كۇنتۇغدى ئوبرازى «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى باش قەھرىمان، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەدەبىي يول بىلەن تەسۋىرلىگەن غايىۋى دۆلەتنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى، دانا، ئادىل، مېھرىبان، قابىل خاقاننىڭ سىمۋولى. پۈتۈن ئۆمرىنى ئەل - يۇرتنى گۈللەندۈرۈش ئىشىغا بېغىشلىغان، ئەل - يۇرتنى ئۇنۇملۇك باشقۇرۇش ئۈچۈن

بارلىق ئاكتىپ ئاماللارنى ئىشقا سېلىپ، ئادىل ئىشلەيدىغان تىپىك شەخس. قانۇن بىلەن ئەلنى ئىدارە قىلىشنى باشقۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ھەممە ئادەم قانۇن ئالدىدا باراۋەر دەپ قارايدىغان، مەملىكەتتىكى بارلىق ئادەملەرگە ئوخشاش مۇئامىلىدە بولىدىغان يۇرت ـ جامائەتنىڭ ئادىل، دانا، مېھرىبان، قابىل ھۆكۈمرانىنىڭ بولۇشىنىڭ مۇتلەق زۆرۈرلۈكىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىسپاتلىغان غايىۋى بەدىئىي ئوبراز.

3. «ئوغۇزنامە ئېپوسى» نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى نېمە؟

جاۋاب: «ئوغۇزنامە ئېپوسى» نىڭ تىلى ئۆزىگە خاس بەدىئىي خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ گۈزەل سۆز ـ ئىبارىلىرى مۇجەسسەملەنگەن. بۇلار يەنىلا بەدىئىي بوياققا باي، ئەۋرىشىم، نەپىس، جەزىبىدارلىقى كۈچلۈك، يۈكسەك ئوبرازلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. بۇنداق سۆزلەر ئېپوستىكى رومانتىك، ئاجايىپ ـ غارايىپ، سىرلىق ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى، جىددىي، كەسكىن ئۇرۇش ئەھۋاللىرىنى، ئۇنىڭغا قاتناشقان پېرسوناژلارنى، ئۇلارنىڭ پورترېتى ۋە پسىخىك ھالەتلىرىنى توغرا، ئېنىق، دەل، تەسىرلىك ئىپادىلەشتە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغان. ئېپوستىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېپتىدائىي تىل ئېلېمېنتلىرىنى ۋە كېيىنكى دەۋردىكى تىل خۇسۇسىيەتلىرىنىمۇ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ.

ئېپوسنىڭ تىلىدا بەدىئىي ئوبراز يارىتىشنىڭ ۋاسىتىلىرى بولغان ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، جانلاندۇرۇش، مۇبالىغە، مېتافورا، مېتونومىيە قاتارلىق ئېلېمېنتلارنىڭ ھەممىسى ئۇچرايدۇ. مانا مۇشۇنداق بولغاچقا ئېپوستا پېرسوناژلار جانلىق، روشەن ۋە ھېسسىياتقا باي قىلىپ يارىتىلغان، تۇرمۇش پۇرىقىمۇ بەكلا قويۇق.

4. «ئالتۇن يارۇق» قانداق ئەسەر؟

جاۋاب: «ئالتۇن يارۇق» خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇددا دىنى ئەقىدىسى تەشۋىق قىلىنغان ھېكايىلار، قىسسىلەر سۆزلەنگەن. ئەسەردە چامبۇدىۋىپ

ئىلىنىڭ خانى ماخلادىنىڭ كەنجى ئوغلى ماخاستىۋى تىكىنىنىڭ يەتتە يولۋاس بالىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئانىسى جاڭگالدا ئۆلەر ھالەتتە قالغاندا ئۆز جېنىدىن ۋاز كېچىپ گۆش ۋە قېنىنى ئۇلارغا ئوزۇق قىلىپ بېرىپ، يولۋاسنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. ئەسەردە بۇددا دىنىنىڭ ئۆزىنى قۇربان قىلىپ، باشقا جانلىقلارنى قۇتۇلدۇرۇش ئەقىدىسى بەدىئىي ۋاستىلەر ئارقىلىق راۋان، روشەن خاراكتېرگە ئىگە ئوبرازلار ۋاستىسىدە يورۇتۇلغان. ئەسەرنىڭ 10 ۋاراقلىق ۋە 397 ۋاراقلىق نۇسخىلىرى بار.

5. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئىلمىي قىممىتىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب: «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك، شۇنداقلا قۇرۇلما جەھەتتىن پىشقان يېگى بىر سەۋىيە يارانقان ئەسەر. ئۇ، ئوتتۇرا ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي قوۋملەر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي غولىنى شەكىللەندۇرگەن، دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ XI ئەسىردىكى نادىر نەمۇنىسىنى يارانقان. بۇ ئەسەر XI ئەسىردە «قۇتادغۇ بىلىك» تىن باشلانغان ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنى تىل، سيۇژىت، بەدىئىي شەكىل، ژانىر، تەسۋىرىي كۆلەم ۋە ئۇسلۇب جەھەتتە دۇنياغا تونۇتقان، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشۇلغان بىر بايلىق بولۇشى بىلەن تولىمۇ قىممەتلىك.

6. ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈركىي تىللار تەرەققىيات تارىخىدا تۇتقان ئورنى قانداق بولغان؟

جاۋاب: ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقى كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەدەبىي تىللارنىڭ، ئالدى بىلەن قاراخانىيلار تىلىنىڭ، ئاندىن ئوغۇز قىپچاق ئەدەبىي تىلىنىڭ، ئاندىن چاغاتاي تىلىنىڭ، ئالتۇن ئوردا ئەدەبىي تىلىنىڭ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا كونا ئۆزبېك تىلىنىڭ، كونا تۈركمەن تىلىنىڭ ۋە باشقا تىللارنىڭ شەكىللىنىشىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن.

7. تۇڭا ئالىپ ئەرنىڭ ئۆتكەن زامانى توغرىسىدا قانداق پەرقلەر بار؟

جاۋاب: تۇڭا ئالىپ ئەرنىڭ ئۆتكەن زامانى:

1) يەھۇدىي ۋە ئىران رىۋايەتلىرى بويىچە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VII ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ.

2) يۇنان مەنبەلىرىدىن ئېلىنغان ئىران رىۋايەتلىرىنىڭ بەزىلىرىدە ئافراسىياپقا دائىر ۋەقەلەرنىڭ ئىسكەندەر زۇلقەرنەينگە باغلانغانلىقىغا قارىغاندا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى IV ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ.

3) جۇۋەينىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا (بۆگۈخاننى ئافراسىياپ دېگەنگە قارىغاندا) مىلادىيە VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى شەخس بولۇپ چىقىدۇ. دېمەك، ئافراسىياپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا تارقالغان قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىدىكى بىر مەشھۇر قەھرىمان.

8. لۇتفىنىڭ «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانىنىڭ مەزمۇنى نېمە؟

جاۋاب: داستاندا فېئودال پادىشاھلارنىڭ قالايمىقان ئۇرۇش قىلىپ، خەلقنىڭ بېشىغا بالايىئاپەت سالماسلىقىنى، پارچىلىنىپ زاۋاللىققا يۈز تۇتقان تۆمۈرىيلەر ھاكىمىيىتىنى بىر مەركىزىي ھاكىمىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، كۈچلۈك، مەركەزلەشكەن دۆلەت قۇرۇپ، خەلققە تىنچ، بەختلىك ھايات يارىتىش قاتارلىق ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار سىياسىي ئىدىيىلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن، يەنە بىر تەرەپتىن، فېئودال ئىستىبدات تۈزۈمىنىڭ ئاياللارنى تاۋارلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت چىرىك ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە قانۇن - قائىدىلىرىگە قارشى چىقىپ، ياشلارنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكىنى قوغداپ، چىن ئىنسانىي مۇھەببەت گۈزەللىكىنى ۋە ئۇنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئۇلۇغلىغان. شائىر ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئەخلاقىي، ئېستېتىك قاراشلىرىنى رېئالىستىك ئۇسۇلدا ئەمەس، بەلكى رومانتىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

9. «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى ئۆگدۈلمىش ئوبرازىنى تەھلىل قىلىڭ؟

جاۋاب: ئۆگدۈلمىش — «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى ئەقىل - پاراسەتكە سىمۋول قىلىنغان ئوبراز، يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئارقىلىق يارىتقان غايىۋى، ئادالەتلىك دۆلەت ۋەزىرىنىڭ ئوغلى ۋە قابىل ئىز باسارى. ئۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئەل - يۇرتنىڭ بەختى ئۈچۈن پىدا قىلغان، ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، ھەرقانداق مۈشكۈل ئىشنى ئەقىل ۋە بىلىم بىلەن ھەل قىلىدىغان ھەمدە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، بىلىم، ئەخلاق، قابىلىيەتتە ئۆزىدىن ئۈستۈن كىشىلەرگە ھەرگىز ھەسەت قىلمايدىغان، شانۇ - شۆھرەتنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالمايدىغان، ئەكسىچە ئۆزىدىن ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى ئۇچراتقان ھامان ئۇنى ئومۇمنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلەشكە چىن كۆڭلىدىن دەۋەت قىلىدىغان، بۇنداق كىشىلەردىن ئۆگىنىشنى ئىنسانىي بۇرچ ھېسابلايدىغان ئالىيجاناب غايىۋى ئوبراز، شۇنداقلا ئادالەتلىك جەمئىيەتكە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان غايىۋى دۆلەتنىڭ ئادىل ھۆكۈمرانىنىڭ سادىق ۋە ئەقىللىق ۋەزىرى. ئۆگدۈلمىش ئۆزىنىڭ دادىسى ئايتولدىدىن يۇقىرىراق ئىستىدات ۋە قابىلىيەتكە ئىگە بولۇپ، دادىسىغا قارىغاندا تېخىمۇ يارقىن، مۇكەممەل يارىتىلغان ئوبراز.

10. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مەزمۇنىنى بايان قىلىڭ؟

جاۋاب: «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ پۈتكۈل ساھەلىرى بويىچە ئايرىم - ئايرىم توختىلىپ، ئادەمنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى بىلىم - ئەقىل، ئادالەت، دۆلەت، قانائەت دېگەن تۆت ئاساسىي ئامىلغا ئايرىپ، ئۇلارنىڭ تىپىك مىسالى سۈپىتىدە بىلىم - ئەقىلنى ئۆگدۈلمىشكە، ئادالەتنى كۈنتۇغدىغا، دۆلەتنى ئايتولدىغا، قانائەتنى ئودغۇرمىشقا تەقلىد قىلىپ، دېمەكچى بولغان پىكرىنى ئەدەبىي يول بىلەن جانلىق تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. ئاپتور بۇ ئەسەرگە ئۈچ چوڭ مۇناسىۋەت، يەنى ئىلىمنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى، كىشىلەرنىڭ بەخت - سائادىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى؛ قانۇننى ئادىللىق بىلەن ئىجرا قىلىش، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش؛ بەگلەردە ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ بولۇش - بولماسلىقىنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقىي ئۆلچەملىرى ۋە دۆلەت قانۇنىنىڭ توغرا ئىجرا قىلىنىشى ياكى بۇزۇلۇشىغا بولغان

مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى سىڭدۇرۇپ، ئۇنى يۈكسەك بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن. ئەسەردە ئادالەت گەۋدە قىلىنغان، باراۋەر، ئىناق ۋە خاتىرجەم بولغان غايىۋى جەمئىيەت سۈرەتلەنگەن. بۇ يول ئۈستىدە ئىزدىنىلگەن، بۇ يول — قانۇن، ئەخلاق ۋە بىلىم دەپ كۆرسىتىلگەن.

11. تەجەللى كىم؟

جاۋاب: شائىر ھۈسەيىن خان تەجەللى (1850 ~ 1930) قەشقەر قاغىلىقتىن بولۇپ، باشلانغۇچ مەلۇماتىنى ئاتىسىدىن ئالغان، كېيىن ئاتىسى بىلەن ھىندىستانغا بېرىپ دېھلىدا ئوقۇغان. بۇ جەرياندا ئەرەب، پارس، ھىندى تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن، تېببىي ئىلىم ۋە خىمىيە پەنلىرى بويىچە يۇقىرى سەۋىيە يارىتقان، كېيىن قاغىلىققا قايتىپ كېلىپ تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. شائىر كىچىكىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قىزىققان بولۇپ، چەت ئەلدىكى ۋاقىتلىرىدا ئەرەب، پارس، ئافغان ۋە ھىندى ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشقان، نۇرغۇن قەسىدىلەرنى ئەرەب تىلىدا ۋە باشقا تىللاردا يازغان، كېيىن ئانا تىلىدا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ «بەرق تەجەللى» (چاقماق نۇرى) ناملىق لىرىك شېئىرلار توپلىمى 1899 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. «دىۋان تەجەللى» ناملىق توپلىمى زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن. ئۇ يەنە XII ئەسىردە ياشىغان ئالىم زەمەخشەرىنىڭ «تەپسىرىي كەششاپ» ناملىق ئەسىرىگە تەقلىد قىلىپ، «تەجدىدى كەششاپ» (كەششاپنى يېڭىلاش) ماۋزۇسى ئاستىدا بىر ئىلمىي ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى زامانىمىزغا يېتىپ كېلەلمىگەن.

12. خاقانىيە تۈركچىسى قانداق ناملاردا ئاتىلىدۇ؟

جاۋاب: خاقانىيە تۈركچىسى ئەڭ دەسلەپ مەھمۇد قەشقەرى تەرىپىدىن «تۈرك تىلى» دەپ ئاتالغان، «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىغا يېزىلغان مۇقەددىمىدە «بۇغرا تىلى» دېيىلگەن، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» تا قەشقەر تىلى دېيىلگەن.

13. «قۇتادغۇ بىلىك» تە تەسۋىرلەنگەن ئۈچ چوڭ مۇناسىۋەت

قايسىلار؟
جاۋاب: 1) ئىلىمنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى، كىشىلەرنىڭ بەخت ـ سائادىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى.
2) قانۇننى ئادىللىق بىلەن ئىجرا قىلىش، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش مۇناسىۋىتى.
3) خان، پادىشاھ، بەگلەردە ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقىنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقىي ئۆلچەملىرى ۋە دۆلەت قانۇنىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ياكى بۇزۇلۇشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى.
14. نەۋائىي كىم؟
جاۋاب: ئەلىشىر نەۋائىي (1441 ~ 1501) ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ۋە جامائەت ئەربابى، «چاھار دىۋان»، «خەمسە» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەرنىڭ، شۇنداقلا «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتيىن»، «لىسانۇتتەير»، «مەجالىسۇن نەفائىس»، «دىۋان فانى» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى. ئۇ ھىراتتا تۇغۇلۇپ، ھىراتتا ۋاپات بولغان.
15. «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» نىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى نېمە؟
جاۋاب: ئەسەر ئەينى زاماندىكى فېئودالىزم جاھالىتى مۇھىتىدا ياخشىلىق، ھالاللىق، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ئۇنىڭ ئاساسى بولغان ئىلىم ـ پەن ئىدىيىسى تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋە ئۇنى قورال قىلىپ، زالىملىق، قاباھەتلىك ۋە ئۇنىڭ ئىدىيىۋى تۈۋرۈكى بولغان سوپى ـ زاھىتلار، مۇلۇكپەرەسلەرگە قارشى شىكايەت قىلغان.
16. «گۇل ۋە بۇلبۇل» داستانى كىمنىڭ ئەسىرى؟ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى بايان قىلىڭ؟
جاۋاب: داستان موللا ئەلەم شەھيارنىڭ (بەزى مەنبەلەردە سالاھىنىڭ دېيىلىدۇ) ئەسىرى. شائىر داستاندا ئەينى دەۋردىكى فېئوداللىق تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغان ھايات پاجىئەلىرىنى سىمۋولىستىك ئوبرازلار ۋاسىتىسى ئارقىلىق يۈكسەك دەرىجىدىكى

تىپىكلىككە كۆتۈرۈپ، فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ خۇنۇك ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغان، سىمۋولىستىك ئوبرازلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان، قىزىلگۈل بىلەن بۇلبۇل ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئىي مۇناسىۋەت شەكلىنى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇنى ئەينى زامان رېئاللىقىنى ئەينەن ئېچىپ بېرىش، زامانغا بولغان نارازىلىقىنى، قارشىلىقىنى ئىپادىلەشتىكى جانلىق ۋاسىتىگە ئايلاندۇرغان؛ بۇلبۇلنىڭ ھەققانىيەتكە، ئەركىنلىككە، سەمىمىيلىككە ئىنتىلىش روھىنى ئىشتىياق بىلەن كۈيلىگەن، بۇلبۇلنىڭ بەختسىزلىكىنى تېخىمۇ تىپىكلەشتۈرۈپ، قارا دەۋرگە كۈچلۈك كىنايە قىلغان.

بەدىئىيلىكى:

1) خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۇنى مەقسىتىنى ئىپادىلەشتىكى ۋاسىتىگە ئايلاندۇرغان.

2) داستاننىڭ سيۇژىتى ئىخچام، ۋەقەلىكى دولقۇنسىمان ۋە قىزىقارلىق.

3) سىمۋولىستىك ئوبرازلار ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يارىتىلغان.

4) تۈرلۈك ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر جانلىق قوللىنىلىپ، ئەسەرنىڭ جەزبىدارلىقى ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇلغان.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


1) غەيرەتجان ئوسمان تۈزگەن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»

2) ۋاھىتجان غوپۇر قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تىزىسلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىل نەشرى.

3) شىنجاڭ داشۆسى جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» نى يېزىش گۇرۇپپىسى تۈزگەن: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»، مائارىپ نەشرىياتى 1993 ـ يىل نەشرى.

4) نۇرمۇھەممەت زامان تۈزگەن: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىيات قىسمى)، مائارىپ نەشرىياتى 1998 ـ يىل نەشرى.

本书选入高教自学考试维吾尔古典文学知识问答 234 题。附有一些模拟考试题及其答案。

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز ئۆمەر
جاۋابكار كوررېكتورى: ئايشەم ئابدۇۋەلى
تېخنىكىلىق مۇھەررىرى: تۇردى يامغۇر

ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ
ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئۈچۈن

# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن سوئال- جاۋابلار

تۈزگۈچىلەر: ئەمەت دەرۋىش، مۇنەۋۋەر ئابلىز

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى ساتىدۇ
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787 م م. 1/32 باسما تاۋىقى: 7.75
2001 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
2001 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 3110

---

ISBN7 — 5373 — 0823—3 / G.140
باھاسى: 11.50 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى ئابدۇراخمان ئابلىز

## ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئۈچۈن يېڭىدىن تۈزۈلگەن ماتېرىياللار

1. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدىن سوئال- جاۋابلار
2. شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخىدىن سوئال- جاۋابلار
3. پەلسەپەدىن سوئال- جاۋابلار
4. لوگىكىدىن سوئال - جاۋابلار
5. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن سوئال- جاۋابلار
6. تىلشۇناسلىقتىن سوئال- جاۋابلار
7. چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن سوئال- جاۋابلار
8. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن سوئال- جاۋابلار
9. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن سوئال- جاۋابلار
10. ئۇيغۇر ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدىن سوئال- جاۋابلار
11. ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىن سوئال- جاۋابلار
12. يېزىقچىلىق بىلىملىرىدىن سوئال- جاۋابلار
13. جۇڭگو كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن سوئال- جاۋابلار
14. جۇڭگو ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدىن سوئال- جاۋابلار
15. خەنزۇ تىلىدىن ئاساس
16. تەرجىمە نەزەرىيىسى
17. خەنزۇ تىلى ئوقۇشلۇقى
18. خەنزۇ تىلى گراماتىكىسى
19. خەنزۇ تىلى ئەمەلىي يېزىقچىلىقى



ISBN 7-5373-0823-3
G.140(民文) باھاسى: 11.50 يۈەن

ISBN 7-5373-0823-3
9 787537 308236 >